J. D. سېلىنگېر (ئامېرىكا)

# [illegible]

بېيجىڭ ◆ مىللەتلەر نەشرىياتى



J .D سېلىنگېر (ئامېرىكا)

تەرجىمە قىلغۇچى: مەرىيەم مەمتىمىن

# قارانچۇق

بېيجىڭ • مىللەتلەر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

麦田里的守望者/(美)塞林格(Salinger,J.D)著;玛力亚姆.买买提明译.—北京:民族出版社,2004.4

ISBN 7 — 105 —06127 — 8

Ⅰ.麦… Ⅱ.①塞…②玛… Ⅲ.长篇小说 —美国—现代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ .Ⅰ712.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字 (2004)第 025035 号

责任编辑: 多鲁洪.哈迪尔
责任校对: 热西提.瓦依提
出版发行: 民族出版社 电话:010—64290862
网 址: http://WWW.e56.com.cn
社 址: 北京市和平里北街 14 号 邮编 100013
印 刷: 北京市迪鑫印刷厂
经 销: 各地新华书店
版 次: 2004 年 5 月第 1 版 2004 年 5 月 北京第 1 次印刷
开 本: 850×1168 毫米 1/32
印 张: 9.375
印 数: 1000— 3000 册
定 价: 13.00 元

本书根据译林出版社 1998 年 9 月第 1 版北京第 4 次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب يىلىن نەشرىياتى 1998-يىل 9-ئايدا نەشرقىلغان 1-نەشرى بېيجىڭ 4-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەكلىپلىك تەھرىر: **ئەزىزى**

مەسئۇل مۇھەررىر: **دولقۇن قادىر**

مەسئۇل كوررېكتور: **رىشت ۋاھىدى**

# قارانچۇق

**تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەم مەتىمىن**

**نەشر قىلغۇچى:** مىللەتلەر نەشرىياتى

**ئادرېسى:** بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ
پوچتانومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862

**تارقاتقۇچى:** مىللەتلەر نەشرىياتى شىنجاڭ خىزمەت پونكىتى

**تور ئادرېسى:** http://www.e56.com.cn

**باسقۇچى:** دىشىن باسما زاۋۇتى

**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

**نەشرى:** 2004-يىل 5-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

**بېسىلىشى:** 2004-يىل 5-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى

**ئۆلچىمى:** 1168x850مم. 32 كەسلەم

**باسما تاۋىقى:** 9.375

**سانى:** 0001 — 3000

**باھاسى:** 13.00 يۈەن

# 1

سىز ئەگەر مېنى سۆزلىتىپ گەپلىرىمنى ئاڭلى-
ماقچى بولسىڭىز ، بىرىنچى بولۇپ مېنىڭ قەيەردە تۇ-
غۇلغانلىقىم ، نەس باسقۇر بالىلىقىمنىڭ قانداق ئۆتكەن-
لىكى ، ئاتا - ئانامنىڭ مېنى تۇغۇشتىن ئىلگىرى قانداق
ئىش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى دېگەندەك داۋىد كوپپېر
فىيېلدچە[①] يوقىلاڭ ئىشلارنى بىلگۈڭىز كېلىدۇ . مەن
گەپنىڭ راستىنى دەي ، سىزگە بۇلارنى ئېيتىپ بەرگۈم
يوق . بىرىنچىدىن بۇنداق ئىشلاردىن بىزارمەن ؛ ئىك-
كىنچىدىن ، ئاتا - ئانامنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىنى يى-
پىدىن - يىڭنىسىغىچە دېسەم ، ئۇلار چوقۇم قاتتىق خاپا
بولىدۇ . چۈنكى ئۇلار بۇنداق ئىشلاردىن ئاسانلا رەن-
جىپ قالىدۇ ، بولۇپمۇ دادام . مەنغۇ ئۇلارنىڭ يامان گې-
پىنى قىلماقچى ئەمەس ، ئۇلارنىڭ ئادەمگەرچىلىكى
ئوبدان بولغىنى بىلەن راستىلا ئوڭاي ئاچچىقى كېلىدۇ .
يەنە كېلىپ ئاناڭنى ، سىزگە ئۆزۈمنىڭ پۈتكۈل تەر-
جىمىھالىمنى سۆزلەپ بەرگۈم يوق . سىزگە پەقەت بۇل-
تۇر مىلاد بايرىمىدىن بۇرۇنقى بىر مەزگىللىك مەززىسىز
تۇرمۇشۇمنى سۆزلەپ بەرمەكچىمەن . كېيىن سالامەت-
لىكىم پۈتۈنلەي تۈگەشتى ، شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىن ئاي-
رىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ بىر مەزگىل ئارام ئېلىپ داۋالى-
نىشقا مەجبۇر بولدۇم . دېمەكچىمەنكى ، بۇ ئىشلارنى
مەن B · D گە دېگەن . ئۇ مېنىڭ ئاكام بولىدۇ ، ھوللى-
ۋودتا ئىشلەيدۇ . ئۇ يەر مېنىڭ ھازىرقى غېرىبانە كۈل-
بەمگە يېقىن . شۇڭلاشقا ئۇ ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى دې-

---

① دىكېنسىنىڭ شۇ ناملىق تەرجىمىھال رومانىنىڭ باش قەھرىمانى .

گۆدەك قېشىمغا كېلىدۇ. كېلەر ئاي ئۆيگە قايتاي دېگەنىدىم، ئۇ ئۆز ماشىنىسىدا مېنى ئاپىرىپ قويماقچى بولدى. ئۇ يېقىندا ئەنگلىيىنىڭ ئامېرىكا يىلپىزى ماركىلىق، سائىتىگە 200 ئىنگلىز مىلى ئەتراپىدا ماڭىدىغان ماشىنىنى تۆت مىڭ دوللارغا سېتىۋالدى. بۇرۇن ئۇنىڭ ھېچقانچە پۇلى يوق ئىدى. يېقىندا ناھايىتى جىق پۇللۇق بولۇپ قالدى. ئىلگىرى ئۇ ئۆيدىكى چاغدا ئادەتتىكى بىر يازغۇچى ئىدى. ئاڭلىدىڭىزمىكىن، ئۇ «مەخپىي ئالتۇن بېلىق» ناملىق قالتىس بىر ھېكايىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇرغان. بۇ توپلامدىكى ئەڭ ياخشى ھېكايە «مەخپىي ئالتۇن بېلىق» تا بىر كىچىك بالىنىڭ ئۆز پۇلىغا سېتىۋالغان ئالتۇن بېلىقىنى كىشىلەرگە كۆرسەتكىلى ئۇنىمىغانلىقى يېزىلغان. بۇ ھېكايە شۇنچىلىك تەسىرلىك ئىكەنكى، مېنى پۇتۇنلەي ئەسىر قىلىۋالدى. ئاكام ھازىر ھوللىۋودقا كىرىپ پاھىشە بولدى — B · D دېگەن لەنىتى. مەن كىنو كۆرۈشكە بەكمۇ ئۆچ، ياخشىسى سىز مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنى ئاغزىڭىزغا ھەرگىز ئالماڭ.

مەن پانسى ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئايرىلغان كۈنىدىن باشلاپ سۆزلىمەكچى، ئاڭلىغان بولۇشىڭىز، ھېچبولمىغاندا ئېلانىنى كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. پانسى دېگەن مەكتەپ پېنسىلۋانىيە شتاتىدىكى ئېجېرس بازىرىدا. بۇ مەكتەپ بىرەر مىڭدەك ژۇرنالغا ئېلان بېرىدۇ. بەرگەندىمۇ گويا بۇ مەكتەپتە ئات توپى بەيگىسىدىن باشقا قىلىدىغان ئىش يوقتەك، ئاجايىپ قالتىس بىر يىگىتنىڭ ئاتلىق قاشادىن سەكرەۋاتقانلىق ئېلانىنى بېرىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەن مەكتەپ ئەتراپىدىمۇ ئاتنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ باقمىدىم. بۇ چېپىۋاتقان ئات رەسىمىنىڭ ئاستىغا دائىم: «1888 — يىلىدىن باشلاپ بىز بالىلارنى ئوبدان تەربىيىلەپ ناھايىتى مۇنەۋۋەر، ئەقىللىق ياشلاردىن قىلىپ چىقىۋاتىمىز» دېگەن خەتلەر يېزىلىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئادەم ئالدايدىغان يالغان گەپ.

باشقا مەكتەپلەرگە ئوخشاش پانسى مەكتىپىمۇ زادىلا ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلىمەيدۇ. چۈنكى مەن بۇ مەكتەپلەردە تەربىيىلىنىپ چىققان مۇنەۋۋەر، ئەقىللىق كىشىلەرنى كۆرمىدىم. بەلكىم بولسا بىر ــ ئىككىسى باردۇر. لېكىن ئۇلار مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرى شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ كۈنى شەنبە بولۇپ، ساكسون خال ئوتتۇرا مەكتىپى بىلەن زەيتۇن توپ مۇسابىقىسىگە چۈشمەكچى ئىدى. ساكسون خال بىلەن بولىدىغان بۇ مۇسابىقە پانسى ئەتراپىدا ناھايىتى چوڭ بىر ئىش ھېسابلىناتتى. چۈنكى بۇ مۇشۇ يىل ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى توپ مۇسابىقىسى بولۇپ، كۆپچىلىك ئەگەر پانسى ئۇتتۇرۇپ قويسا، خۇددى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغاندەك بىر خىل كەيپىياتتا ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە توپ مۇسابىقىسىنى كۆرەي دەپ ئېگىز تومسون تېغىغا چىقىپ، مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ۋاقتىدا ئىشلىتىلگەن نەس باسقۇر زەمبىرەك يېنىدا تۇردۇم. بۇ يەردىن پۈتۈن مۇسابىقە مەيدانى، ئىككى كوماندىنىڭ جەڭ ــ ئېلىشىشلىرى ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنەتتى. كۆرۈش سۈپىسىدىكى ئەھۋال تازا ئېنىق كۆرۈنمىگەن بىلەن، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ چۇقان ــ سۈرەنلىرى، پانسىغا غەيرەت بېرىپ يەر ــ جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك ۋارقىراشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۈگۈن مەكتەپتىكىلەرنىڭ مەندىن بۆلەك ھەممىسى مەيداندا، ئەمما ساكسون خال تەرەپتە مەدەت ئاز ئىدى. چۈنكى مېھمان سۈپىتىدە باشقا مەكتەپكە كېلىپ مۇسابىقىگە چۈشكەندە جىق ئادەم ئېلىپ كەلگىلى بولمايدۇ ــ دە.

زەيتۇن توپ مۇسابىقىسىنى كۆرگىلى كېلىدىغانلار ئارىسىدا قىزلار ئاز بولۇپ، يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىلا مۇسابىقە كۆرۈشكە قىزلارنى ئېلىپ كې-

لەلەيتتى. مەيلى سىز قايسى جەھەتتىن قارىماڭ، مەكتىپىمىز ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىدى. مەن تۇرغان مۇشۇ جايدىن ئاندا ـ ساندا بولسىمۇ، بېلىكىنى تاتىلاۋاتقان، بۇرنىنى سۈرتۈۋاتقان، پىخىلداپ كۈلۈۋاتقان قىزلاردىن بىرنەچچىنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلاتتىم. مەكتەپ مۇدىرىمىزنىڭ قىزى سېلىما سۈيمۇ توپ مۇسابىقىسى كۆرگىلى دائىم كېلەتتى. بىراق بۇنداق قىزلار ئادەمنى ئۇنچە ئۆزىگە تارتالمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ خېلى ئوبدان قىز. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭ بىلەن ئېجېس بازىرىدىن ئاپتوبۇسقا بىللە چىقتىم. ئۇ يېنىمدا ئولتۇردى، ئىككىمىز ئىختىيارى پاراڭلاشتۇق، ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇ كومشا بۇرۇن، تىرناقلىرى قان ئۇيۇپ قالغاندەك كۆكۈش ئىدى. كۆكسىنى قېلىن نەرسىلەر بىلەن تومپايتىۋالغانىدى. لېكىن سىزنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ ماڭا يېقىپ قالغان يېرى ئۇ ئۆز دادىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ماختىنىپ كەتمەيتتى. بەلكىم ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ياسالما نان قېپى ئىكەنلىكىنى بىلسە كېرەك. مېنىڭ توپ مۇسابىقىسىنى كۆرگىلى بارماي تومسون تېغىغا چىقىۋېلىشىمدىكى سەۋەب، مەن قىلىچۋازلىق كوماندىسى بىلەن نيۇ ـ يوركقا بېرىپ يېڭىلا قايتىپ كەلگەنىدىم. مەن تېخى قىلىچۋازلىق كوماندىسىنىڭ نەس باسقان يېتەكچىسى بولۇپ، خېلىلا قالتىس ھېسابلىناتتىم. بىز ماك پېننى ئوتتۇرا مەكتىپى بىلەن قىلىچۋازلىق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەتىگەندىلا يولغا چىقىپ نيۇ ـ يوركقا باردۇق. لېكىن بىز مۇسابىقىدە ئىشلىتىدىغان قىلىچ قاتارلىق لازىمەتلىكلەر ۋە باشقا بەزى نەرسىلەرنى يەر ئاستى تۆمۈريولىدا ئۇنتۇپ قاپتۇق. شۇڭا بۇ مۇسابىقىدە نەتىجە ھېسابلانمىدى. بۇنىڭغا پۈتۈنلەي مەن ئەيىبلىك ئەمەس ئىدىم. چۈنكى مەن قەيەردە پويىزدىن چۈشسەك ياخشىراق بولىدىغانلىقىنى بىلەي دەپ خەرىتە بىلەنلا بوپ-

كېتىپتىمەن . نەتىجىدە بىز گە چۈشتە تاماق يېگۈدەكمۇ ۋاقىت چىقمىدى . چۈشتىن كېيىن ئۈچتىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە پانىسغا قايتىپ كەلدۇق . پويىزدا كەلگۈچە پۈتۈن كوماندىدىكى بىرمۇ ئادەم ماڭا گەپ قىلمىدى . سۆزلەپ كەلسەم بۇمۇ بىر قىزىق ئىش بولدى .

تـوپ كـۆر گىلى بارماسلىقىمدىكى يەنە بىر سە- ۋەب شـۇكى ، مەن تارىخ ئوقۇتقۇچۇم سىپېنسېر بىلەن خوشلاشقىلى بارماقچى ئىدىم . ئۇ تارقىلىشچان زۇكام بـوپقالغاچقا ، مېنىڭچە ئۇنى مىلاد بايرىمىلىق دەم ئېلىش- تىن ئىلگىرى كۆرەلمەيتتىم . ئۇ مېنىڭ پانسىدىن بۇ قې- تىم كېتىپ قالسام قايتا كەلمەيدىغانلىقىمنى بىلگەچكە- مىكىن ، مەن ئۆيگە قايتىشتىن بۇرۇن ئۆزى بىلەن بىر كۆرۈشۈشنى ئېيتىپ باغاقچا ئەۋەتىپتۇ .

سـىـز گە ئېيتىشـنى ئۇنتۇپ قـاپتىمەن . ئـۇلار ( مەكتەپ ) مېنىڭ كۆتۈمگە تەپتى . مىلاد بايرىمى دەم ئېلىشىدىن كېيىن مەن مەكتەپكە كەلمەيمەن . نېمىشقا دېسىڭىز ، تىرىشىپ ئوبدان ئوقۇماي تۆت پەننىڭ ئىم- تىھانىدىن ئۆتەلمىگەنىدىم . ئۇلار دائىم تىرىشىپ ياخشى ئوقۇ دەپ قۇلىقىمغا قۇيۇپ تۇراتتى . بولۇپمۇ ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ يېرىمى تۈگە ــ تۈگىمەيلا ئاتا ــ ئانام مەك- تەپكە كېلىپ سۈيمۇ ئەپەندى بىلەن سۆزلىشەتتى . ئەمـما بۇ گەپلەر ئۇ قۇلىقىمدىن كىرىپ ، بۇ قۇلىقىمدىن چىقىپ كېتىۋەرگەچكە مېنى مەكتەپتىن قوغلاشتى . ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنى پات ــ پات ھەيدەپ تۇرىدۇ . مائا- رىپ ساھەسىدە پانسى يۇقىرى شان ــ شۆھرەتكە ئىگە . بۇنىسى ھەقىقەت .

ھە ، ئۇ 12 ــ ئاي ئىدى ، ھاۋا خۇددى قېرى خوتۇننىڭ ئەمچەك توپچىسىدەك سوغۇق ، بولۇپمۇ مەن تۇرغان تاغ ئۈستى شۇنداق سوغۇق ئىدى . ئۇچامدا ھاۋا ئوچـۇق ۋە يامغۇرلۇق كۆنلەردە ئوخشاشلا كىيگىلى بو- لىدىغان چاپان بولسىمۇ ، ئەمما قولۇمدا پەلەي يوق

ئىدى . ئۆتكەن ھەپتە بىرى ئۆيدىن تۆگە يۇڭىدىن
توقۇلغان پەلتويۇمنى ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى پەلىيىم بىلەن
قوشۇپ ئوغرىلاپ كەتتى . پانسىدا ئوغرى تولا . نۇرغۇن
ئوقۇغۇچىلار ئۆيىدە ناھايىتى پۇللۇق بولغان بىلەن
مەكتەپتە ئوغرىلىق قىلىدۇ . مەكتەپتە ئاقسۆڭەكلەر
كۆپەيگەنسېرى ، ئوغرىمۇ تولىراپ كەتتى . چاقچاق بى-
لەن ئانچە خوشام يوق .ھە ، شۇ چاغدا مەن ھېلىقى جىن
ئالغۇر زەمبىرەك تۇۋىدە تۇرۇپ توپ كۆردۇم . كاسام
توڭلاپ قېتىپ قالدى . مېنىڭ مەقسىتىم بىرىپ توپ
كۆرۈش ئەمەس ، بەلكى مەكتەپ بىلەن خوشلى-
شىش ئىدى . بايا دېدىم ، مەن بەزى مەكتەپتىن ، بەزى
جايدىن ئايرىلغان . ئەمما ئايرىلىش ئالدىدا كېتىشىمنى
ئۆزۈم بىلمىگەنىدىم . ئۆزۈممۇ بۇنداق ئىشلارغا بەك
ئۆچ . بىرەر جايدىن قايغۇلۇق ھالەتتە ياكى خاپا ھالەتتە
كېتىشىم بىلەن پەرۋايىم پەلەك . بىرلا يېرى ، بىرەر
جايدىن ئايرىلغان چاغدا كۆڭلۈمدە سان بولسىكەن ،
دەيمەن . ئۇنداق بولمىسا بەكمۇ پەرىشان بولۇپ كېتى-
مەن .

ھەرھالدا خېلى تەلىيىم بار ئىكەن . بىردىنلا بىر
ئىشىم يادىمغا كېپقېلىپ ئۆزۈمنىڭ ( ئاناڭنى ) بۇ يەر-
دىنمۇ ھەيدىلىدىغىنىمنى ھېس قىلىپ قالدىم . يەنى تو-
ساتتىن 10 ـ ئايلاردا ئىشخانا بىناسى ئالدىدا روبېرت تى-
پېنېر ، بال كېمبىرلار بىلەن زەيتون توپ ئېتىشىپ ئوي-
نىغانلىقىم ئېسىمگە كېپقالدى . ئۇلار نوچى بالىلار ئىدى .
بولۇپمۇ تىپپېنېر .ئۇ، كەچلىك تاماقتىن بۇرۇنقى ، قاراڭغۇ
چۈشكەن چاغ ئىدى. ئەمما بىز ئويناۋەردۇق . توپنىمۇ
كۆرگىلى بولمايدىغان چاغقىچە توختىماي ئويناپ ئاخىر
بىئولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى چايىبېسى ئەپەندى ئىلمي بۆ-
لۈم ئىشخانىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، ياتىقىڭلارغا قاي-
تىپ كەچلىك تاماققا تەييارلىق قىلىڭلار ، دەپ توۋلى-
غاندا ، مەجبۇرىي يوسۇندا بولدى قىلدۇق . ئەگەر تەلى-

يىم ئوڭ بولسا، ھالقىلىق پەيتتە مۇشۇنداق ئىشلارنى يا-
دىمغا ئالغان بولسام، مەن ئوبدان خوشلىنىشۋالغان —
ھېچبولمىغاندا ۋاقتىمنىڭ كۆپىدە بۇ ئىشنى قىلىۋالغان
بولاتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئىلھامىم قوزغالدى — دە، بۇرۇ-
لۇپلا تاغنىڭ ئۇ تەرىپى بىلەن سېپىنسېرنىڭ ئۆيىگە
قاراپ چاپتىم. ئۇ مەكتەپ قورۇسىدا ئەمەس، ئانتونى
ۋېئان كوچىسىدا ئولتۇراتتى.

مەن شۇ يۈگۈرگەنچە دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ
توختىدىم، ھاسىراپ كەتكەنىدىم. سىزگە راستىنى
ئېيتسام، مەن تاماكىنى دەھشەت جىق چېكەتتىم. شۇڭا
ھاسىرايتتىم. دېمەكچى بولغىنىم، ئىلگىرى تاماكىنى
بەك كۆپ چېكەتتىم. ھازىر ئۇلار ماڭا تاماكا تاشلات-
قۇزدى. يەنە بىر سەۋەب شۇكى، مەن بۇلتۇر بىر يىل-
دىلا ئالتە يېرىم ئىنگلىز سۇڭى ئۆسۈپ كېتىپ ئۆپكە
كېسىلى بوپقالغىلى تاس قالدىم. مانا ھازىر ئۆيدىن ئاي-
رىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ، ئاناڭنى تەكشۈرتۈش، داۋال-
تىشنى قىلىۋاتىمەن. ئەمەلىيەتتە مەندە ھېچقانداق كې-
سەل يوق.

ھە، مەن نەپىسىمنى رۇسلىۋالغاندىن
كېيىن 204 — كوچىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتتۈم. يىقىلىپ
چۈشكىلى تاس قالدىم. ھەتتا ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا بۇنچە
يۈگۈرگىنىمنى بىلمىدىم. پەممىچە تۇرۇپلا ھاياجانلىنىپ
كەتكەن ئوخشايمەن. ھاۋامۇ دەھشەت سوغۇق ئىدى.
يولدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەندە ئۆزۈم غايىب بولغان-
دەك بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى. ھېلىقى نەس كۈنى سو-
غۇق جان — جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. كۈن دېگەندىن
ئەسەرمۇ بولمىدى. ھەر قېتىم يولدىن ئۆتكەندە، مەندە
شۇنداق ئۆزۈم غايىب بولغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ.

ھە، سېپىنسېرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قوڭ-
غۇراقنى بار كۈچۈم بىلەن باستىم. قاتتىق توڭلاپ
كەتكەنىدىم، قۇلىقىم ئۈششۈپ قالغاندەك ئاغرىپ كەت-

كەن ، بارماقلىرىم ياغاچتەك قاتقانىدى . « ۋەي ، ۋەي ، — دەپ تـوۋلىدىم ، — ئىشىكنى تېز ئېچىڭلار ! » سىپىنسىر موماي چىقتى . ئۇلار بەك پۇللۇق بولمىغاچقا خىزمەتچى ئىشلەتمەيتتى ، ھەر قېتىم كەلسەم ئىشىكنى ئۆزلىرى ئاچاتتى .

— خولتون ! — دېدى ئۇ ، — سىزنى كۆرۈپ بـەك خوشال بولدۇم ! كىرىڭ قەدىرلىكىم ، تازىمۇ تو- ڭۇپ كەتكەنسىز — ھە ؟ — ئۇ مېنى كۆرۈپ ھەقىقەتەن خـۇشال بولدى ، دېمىسىمۇ ئۇ ماڭا بەك ئامراق ئىدى . ماڭىمۇ شۇنداق تۇيۇلاتتى .

ۋاھ ، مەن ئىككى تاقلاپلا ئۆيگە كىردىم :

— يـاخشىمۇسىز ، سىپىنسىر خانىم ، سىپىنسىر ئەپەندى ئويدانىمۇ ؟

— قەدىرلىكىم ، پەلتويىڭىزنى سالدۇرۇپ قو- يـاي ، — دېدى ئۇ . قۇلىقى ئېغىر بولغاچقا ، سىپىنسىر ئەپەندىنى سورىغىنىمنى ئاڭلىمىدى . موماي پەلتويۇمنى دالانـدىكى تام ئىشكاپىغا ئېسىپ قويدى . مەن قولۇم بىـ لەن چېچىمنى كەينىگە قايرىپ تاراپ قويدۇم . ئادەتتە چـېچىمنى قىسقا ياستىپ يۇرگەچكە تاغاق ئىشلەتمەيتـ تىم .

مەن ئۇ ئاڭلىسۇن دەپ چىڭراق قىلىپ يەنە بىر نۆۋەت ئەھۋال سورىدىم :

— ياخشى تۇرۇۋاتامسىز ، سىپىنسىر خانىم ؟

— ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن ، خولتون ، ئۆزىـڭىزچۇ ؟ — دېدى ئۇ . سۆز ئورانىدىن سىپىنسىر ئەپەندىنىڭ ئۇنىڭغا مەكتەپتىن قوغلانغانلىقىمنى ئېيتـ قانلىقىنى پەملىدىم .

— ناھايىتى ياخشى ، — دېدىم مەن ، — سـ پىنسىر ئەپەندى قانداقراق ، زۇكىمى خېلى ساقىيىپ قالدىمۇ ؟

— ساقىيىپ قالدىمۇ دەمسىز ؟ خولتون ، ئۇ ساق

ئادەمدەكلا يۈرىدۇ. نېمە دېسەم بولىدىكىن، ھېچ بىلمىدىم . . . ئۇ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا. قەدىرلىكىم، قېنى كىرىڭ.

## 2

ئۇلارنىڭ ھۇجرىسى ئايرىم ئىدى. ئۇلار 70 ياشلاردا باردۇر، — بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراقتۇ، ئۇلار قىلغان ئىشىدىن مەمنۇن ئىدى. ئەلۋەتتە ساراڭلاردەك ئىشىدىن. بۇ گېپىم سەترەك ئاڭلىنىدۇ. لېكىن بۇ سەت گەپنى قەستەن دېمەيۋاتىمەن. دېمەكچى بولغىنىم سپېنسېر ئەپەندى بەك جىق ئىشلارنى ئويلايدۇ، ئويلاۋېرىپ مەندەك ياشىغانىنىڭ زادى نېمە پايدىسى دېگەن يەرگىمۇ كېپقالدى. چۈنكى ئۇ پۈتۈنلەي دوك بولۇپ قالغان، تەقى — تۇرقىمۇ سەت، دەرس ۋاقتىدا دوسكىغا خەت يازسا قولدىن بور چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۇنى دائىم ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلار تېرىپ بېرىدۇ. ماڭا بۇ ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىلىنىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭدەك بەك كۆپ ئويلىماي، ئويلايدىغانىنىلا ئويلىسىڭىز، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ تۇرمۇشىمۇ بەك ئوسال ئەمەسكەنغۇ، دېگەن يەرگە كېلىسىز. ئالايلۇق، بىر يەكشەنبە بىر قانچىمىز ئۇنىڭ ئۆيىدە دەملەنگەن قىزىق شاكىلات ئىچتۇق. ئۇ بىزگە سپېنسېرخانىم بىلەن بىللە سېرىق تاش باغچىسىدا بىر ئىندىئاندىن سېتىۋالغان كونا بىر ناۋاخو ئەدىيالىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن سىز ئۇنىڭ شۇ ئەدىيالنى سېتىۋالغاندا قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايسىز. بەزى كىشىلەر ئۆمرى ئاخىرلىشىپ قالغان چاغدىمۇ بىرەر ئەدىيال سېتىۋالسا، خۇددى سپېنسېر ئەپەندىگە ئوخشاش خۇشلۇقى ئىچىگە پاتماي كېتىدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم مانا مۇشۇ.

سىپىنسىر ئەپەندىنىڭ ھوجرىسىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئەدەبلىك ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشىكنى چەكتىم. قارىسام ئۇ تىرە ئورۇندۇقتا بايا دېگەن ئەدىيالغا مەھكەم يۆگىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىشىكنىڭ چېكىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— كىم؟ — دەپ سورىدى ئۈنلۈك قىلىپ، — كاۋلفىيېلدمۇ؟ كىرىڭ بالام!

ئۇ سىنىپتىن باشقا جايدىمۇ ئۈنلۈك گەپ قىلاتتى. بەزىدە ئاڭلىسىڭىز تېنىڭىز تىكەنلىشەتتى.

مەن كىردىمۇ، شۇ ئان كەلمىسەممۇ بوپتىكەن، دەپ پۇشايمان قىلدىم. چۈنكى ئۇ «ئوكيانىيە ئايلىق ژۇرنىلى»نى ئوقۇپ ئولتۇراتتى، ئۆينى كۇمۇلاچ دورا ۋە بۇرۇنغا تېمىتىدىغان دورىنىڭ ھىدى بىر ئالغانىدى. بۇ ھىدلار ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇراتتى. ئىشقىلىپ كېسەل ئادەمنى ئانچە ياقتۇرمايتتىم. سىپىنسىرنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيگۈچىلىكىمۇ قالمىغان بەكمۇ كونا ئۇخلاش كىيىمىنى كۆرۈپ كەيپىم تېخىمۇ ئۇچتى. سەۋەب، قېرىلارنىڭ ئۇخلاش كىيىمى، ئۇخلاش چاپىنى كىيىشىنى پەقەتلا ياقتۇرمايتتىم. بەلكىم بۇ كىيىمنى ئۇ ئۆمۈر بويى كىيگەندۇ. بۇ كىيىمدىن ئۇنىڭ گۆشى قېچىپ ياغاچ تاختىدەك بولۇپ قالغان مەيدىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يەنە ئۇنىڭ قېرىلارغا خاس، دېڭىز ساھىلىدەك جايلاردا دائىم كۆزگە چېلىقىدىغان تۈك يوق ئاپئاق، ياغاق پۇتلىرىنى دېمەيسىز.

— ئەپەندىم، ياخشىمۇ سىز؟ — دېدىم مەن، — باغاقچىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. غەمخورلۇقىڭىزغا رەھمەت، — ئۇ ماڭا تەتىلگە چىقىشتىن ئىلگىرى ۋاقىت چىقىرىپ ئۆيۈمگە كېلىپ مەن بىلەن خوشلىشىڭىز، دەپ باغاقچە ئەۋەتكەنىكەن. چۈنكى، بۇدا كەتسەم مەكتەپكە ئىككىنچى كەلمەيتتىم، — مەن سىز

بىلەن خوشلاشماي ھەرگىز ماڭمايتتىم، بەك جوۋاپسىز.

— بالام، ئاۋۇ يەردە ئولتۇرۇڭ، — دېدى سىپېنسېر كارىۋاتنى ئىشارەت قىلىپ.

مەن بېرىپ ئولتۇردۇم:

— زۇكامدىن خېلى ئوڭشىلىپ قالدىڭىزمۇ؟

— بالام، ئۆزۈمنى خېلى ئوڭشىلىپ قالغاندەك ھېس قىلمىغان بولسام ئاللىقاچان دوختۇر چاقىرتاتتىم، — سېپېنسېر گېپىنى مەغرۇرانە ھالدا قىلدى ۋە ساراڭلاردەك قى قىلاپ كۈلۈپ كەتتى. خېلى ئۇزۇندا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سۆزلىدى، — توپ مۇسابىقىسى كۆرگىلى باردىڭىزمۇ؟ مەن تېخى بۈگۈنكى مۇسابىقىنى ناھايىتى داغدۇغىلىق مۇسابىقە دەپ ئويلاپتىمەن.

— بۈگۈن توپ مۇسابىقىسى راستلا بولدى. بېرىپ ئازراقلا كۆرۈپ ياندىم. مەن قىلىچۋازلىق كوماندىسى بىلەن نيۇ - يوركتىن يېڭىلا قايتىپ كەلدىم، — دېدىم. ئۇنىڭ كارىۋىتى تاشتەك قاتتىق ئىدى.

ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۇس ئالدى شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

— شۇنداق قىلىپ سىز بىزدىن ئايرىلماقچىمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— شۇنداق ئەپەندى، مېنىڭچە شۇنداق.

ئۇنىڭ كونا كېسىلى قوزغىلىپ، بېشىنى توختىماي گىلدىڭلىتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدەك باش لىڭشىتىدىغان ئىككىنچى بىر ئادەمنى كۆرمىدىم. سىز ئۇنىڭ باش لىڭشىتقاچ بىرەر نەرسىنى ئويلاۋاتقانلىقى ياكى بىر ئوبدان ئادەم تۇرۇپ ساغرىسى بىلەن بېلىكىنى ئايرىيالمايدىغان بوپقالغانلىقىنى بىلەلمەي قالاتتىڭىز.

— بالام. دوكتور سۈيمۇ سىزگە نېمىلەرنى دېدى؟ سىلەرنىڭ ئوبدانلا سۆزلەشكەنلىكىڭلاردىن

خەۋەر تاپتىم.

— توغرا، بىز سۆزلەشتۇق، ھەقىقەتەن سۆزلەشتۇق. ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا ئىككى سائەتتەك ئولتۇردۇمغۇدەيمەن.

— ئۇ سىزگە نېمە دېدى؟

— ھە... ھە... كىشلىك ھايات دېگەن توپ مۇسابىقىسىگە ئوخشايدۇ، سەن مۇسابىقىنى قائىدىسى بىلەن ئوينىشىڭ كېرەك، دېگەندەك گەپلەرنى ناھايىتى يۇمشاقلىق بىلەن قىلدى. دېمەكچىمەنكى، ئۇ ئۆيىنىڭ تۇرۇسىنى بۇزۇۋەتكۇدەك دەرىجىدە ۋارقىراپ، قايناپ كەتمىدى. پەقەت كىشلىك ھايات، توپ مۇسابىقىسى دېگەننى تولا دەپ ئىزىپ ئىچۈردى شۇ.

— بالام، دەرۋەقە كىشلىك ھايات بىر توپ مۇسابىقىسى. كىشلىك ھايات ھەقىقەتەن قائىدە بويىچە مۇسابىقە قىلىدىغان توپ مۇسابىقىسى.

— شۇنداق ئەپەندىم، توپ مۇسابىقىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم، بىلىۋالدىم.

توپ مۇسابىقىسىمىش. ئۇنداق توپ مۇسابىقىسىنى چېكىسىگە تاڭسۇن. بەلكىم بەزى ئادەملەرگە نىسبەتەن شۇنداقتۇ. ئەگەر سىز ناھايىتى كۈچلۈك بىر كوماندىغا قاتناشقان بولسىڭىز، ئاندىن ئۇنى توپ مۇسابىقىسى دېسە توغرا بولىدۇ، بۇنى مەنمۇ ئېتىراپ قىلىمەن. ئەمما سىز ھېچقانچە كۈچى يوق بىر كوماندىغا قاتناشسىڭىز، ئۇنى مۇسابىقە دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇ ھېچقانداق بىر مۇسابىقە ھېسابلانمايدۇ. مۇسابىقە دېگەندىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. سپېنسېر مەندىن سورىدى:

— دوكتور سۇيمۇ ئاتا - ئانىڭىزغا خەت يېزىپتىمۇ؟

— ئۇ مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە ئاتا - ئانىڭىزغا خەت يازىمەن، — دېدى.

— سىز خەت يېزىپ بۇ ئىشنى ئۇلارغا ئېيتتىڭىزمۇ ؟

— ياق ئەپەندىم . ئۇلارغا بۇ ھەقتە خەت يازمىدىم . چۈنكى ئۆيگە چارشەنبە كېتىمەن . شۇ كۈنى ئاخشىمىلا ئۇلار بىلەن كۆرۈشىمەن .

— سىزچە ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا قانداق قىلار ؟

— ھە ، بۇنى ئاڭلىسا ئاچچىقى كېلىدۇ ، — دېدىم مەن ، — چوقۇم شۇنداق بولىدۇ . نېمىشقا دېسىڭىز ، بۇ مېنىڭ 4 - قېتىم مەكتەپ ئالماشتۇرۇشۇم ، — مەن بېشىمنى چايقىدىم ، مېنىڭ شۇنداق ئادىتىم بار ئىدى ، — ھەي ، — دەپ قويدۇم . بىر تەرەپتىن گەپكە تازا ئۇستا ئەمەس ئىدىم . يەنە بىر تەرەپتىن ھازىر 17 ياشقا كىرگىنىم بىلەن ئۇ چاغدا 16 ياش ئىدىم . بەزىدە خۇددى 13 ياشلىق بالىلاردەك سەبىي ، نادانلارچە قىلىقلارنى قىلاتتىم . ئەمما بويۇم دەرەختەك ئېگىز ، چاچلىرىمدا ئاق چاچلار بار ئىدى . شۇڭا بالىلىق قىلىقلىرىمنى دەپ كەلسەم بەكمۇ كۈلكىلىك . بېشىمدا راستىلا ئاق چاچ بار ، بولۇپمۇ ئوڭ تەرىپىمدە كۆپ ، بۇ ئاق چاچلار كىچىكىمدىلا بار ئىدى . ئەمما بەزىدە قىلغان قىلىقلىرىم بەئەينى 12 ياشلىق بالىنىڭ قىلىقى . ھەممىلا ئادەم ، بولۇپمۇ دادام شۇنداق دەيدۇ . بۇ پۈتۈنلەي توغرا بولمىسىمۇ ، ھەرھالدا ئاز - تولا توغرا تەرىپىمۇ بار . كىشىلەر ھامان بەزى ئىشلارنى پۈتۈنلەي توغرا دەپ قارايدۇ . مەن بولسام بۇنداق گەپلەرنى چۈشىنىشكە ئالمايمەن . ئەگەر چوڭراق بولغان بولسام ، بەلكىم كىشىلەر شۇنداق دېگەندە تازا تېرىككەن بولار ئىكەنمەن . گاھى چاغلاردا يۇرۇش - تۇرۇشۇم ، قىلىقلىرىم يېشىمدىن چوڭراق كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشايتتى . لېكىن كىشىلەر بۇنى كۆرمەسكە سالاتتى . ئۇلار بۇنداق تەرەپلىرىمنى زادىلا كۆرمەيتتى .

سپېنسېر يەنە بېشىنى گىلدىڭلىتىپ بۇرنىنى كولاشقا باشلىدى. ئۇ بۇرنىنى چىمدىغاندەك قىياپەتتە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە باش بارمىقى بۇرنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بولدى. ئۆيدە مەنلا بولغاچقا، ئۇ بۇ قىلىقىنى يامانغا جورىمىغان بولۇشى مۇمكىن. ماڭىمىغۇ ھېچقانداق بىلىنمىدى. لېكىن، بىرىنىڭ بۇرنىنى كولىشىغا قاراپ تۇرسا ئادەمنىڭ سەل كۆڭلى ئېلىشىدىكەن.

— نەچچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئاتا - ئانىڭىز سۇيىمۇ ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە، مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم. ئاجايىپ ئېسىل ئادەملەر كەن.

ئاجايىپ ئېسىل دېگەن گەپكە مەن بەكمۇ ئۆچ ئىدىم، بۇ گەپ ماڭا خۇشامەتچىلىكتەك بىلىنىپ، ھەربىر ئاڭلىسام ئىچىم ئېلىشاتتى.

بىردىنلا سپېنسېر ئورۇندۇقتا ئازراق تىكلىنىپ، بەدىنىنى سەللا بۇرىغانىدى، ماڭا ئۇ گويا ئىنتايىن غەلىتە، ئاجايىپ ئۆتكۈر، ئاڭلىغان ئادەمگە يىڭنىدەك سانجىلىدىغان بىر گەپنى قىلىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. بىراق بىكارلا قورقۇپتىمەن. ئۇ پەقەت تىزىدىكى «ئوكيانىيە ئايلىق ژۇرنىلى»نى ئېلىپ مەن ئولتۇرغان كارىۋاتقا ئاتتى. لېكىن ژۇرنال كارىۋاتقا چۈشمەي يېنىغىلا — يەرگە چۈشتى. مەن ژۇرنالنى يەردىن ئېلىپ يېنىمغا قويۇپ قويدۇم. توساتتىن مەندە ئەمدى قورقۇنچلۇق پەندى - نەسىھەتلەر توپى ماڭا ئېتىلىدىغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، بۇ نەس باسقان ئۆيدىن تېزرەك چىقىپ كەتكۈم كەلدى. پەندى - نەسىھەتلەرگۇ ماڭا ھېچگەپ ئەمەس، لېكىن ۋىكس بۇرۇن تېمىتىش دورىسىنىڭ سېسىق ھىدىنى پۇراپ ۋە ئۇخلاش كىيىمى كىيىۋالغان قېرى سپېنسېرنىڭ چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇپ نەسىھەت ئاڭلاشقا راستلا رايىم يوق ئىدى.

دېگەندەك پەندى - نەسىھەت باشلاندى.

—— بۇ قانــداق گــەپ بالام ، —— دېــدى سېــپنە-
سېر ، —— ئۇنىڭ تەلەپپۇزى خېلىلا قاتتىق ئىدى ، —— بۇ
مەۋسۇمدە نەچچە پەن دەرس ئۆتۈلدى ؟

—— بەش پەن ، ئەپەندىم .

—— خـوش ، سىز نەچچە پەندىن ئۆتەلمىدىڭىز ؟

—— تۆت پەندىن ، —— ئورنۇمدىن سەل قوزغىلىپ ئولتۇردۇم . بۇ ئۆمرۈمدە ئولتۇرغان ناھايىتىمۇ قاتتىق كارىۋات ئىدى ، —— ئىنگلىزچىدىن يامان ئەمەس نومۇر ئالدىم . « بېۋولف » [1] ۋە « راندال » [2] دېگەنلەرنى مەن خوئوتېن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان . دېمەكچىمەنكى ، يېزىقچىلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئىنگلىزچە دەرسكە ئانچە كۆچەپ كەتمەيمەن .

گەپلىرىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى . سەۋەب ئۇ باشقىلار گەپ قىلسا ئوبدان ئاڭلىمايتتى .

—— تارىخ دەرسى سىزگە پەقەتمۇ يۇقماپتۇ ، شۇڭا مەن بۇ دەرستىن ئۆتكۈزمىدىم .

—— ئۇقتۇم ئەپەندىم . ھەي ، مەن ئوبدان ئۇقتۇم . سىزگىمۇ ئامال يوق .

—— ھېچنەرسە بىلمەيدىكەنسىز ، —— دېدى ئۇ سۆزنى تەكرارلاپ . بۇنداق تەلەپپۇزدا سۆزلىسە جېنىم چىقىپلا كېتەتتى . نېمىشقا دېگەندە ، مەن خاتالىقىمنى تەن ئېلىۋاتسام ئۇ گېپىنى بىر قېتىم ئەمەس ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم تەكرار دېدى ، —— قۇلىقىڭىزغا دەرس پـەقەتمۇ كىرمەپتۇ . شۇڭا مەن پۈتۈن بىر مەۋسۇمدە سىزنى تارىخ كىتابىنى بىرەرقۇر بولسىمۇ ۋاراقلاپ باقـ-
مىغاندىمۇ ، دەپ ئويلاپ قالدىم . راست گەپ قىلىڭا بالام ، زادى ۋاراقلاپ باقتىڭىزمۇ ؟

—— ھە ، بىر - ئىككى قېتىم مۇنداقلا ۋاراقلاپ

---

[1] ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇ ... ەلـق قـوشقنى دېمەكچـى .
[2] « رانــدال » ( dal
بۇ خەلــق قوشاقلىرى ئامېر

باقتىم، — دەپ قويدۇم مەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە يارىشا. چۈنكى ئۇ تارىخ مەستانىسى ئىدى.

— ھە، مۇنداقلا ۋاراقلاپ قويدۇم دەڭ، — دېدى ئۇ ئاچچىق كىنايە بىلەن، — سىزنىڭ ئىمتىھان قەغىزىڭىز ئاۋۇ كىچىك كىيىم ئىشكاپىمىنىڭ ئۈستىدە. ئەڭ ئۈستىدىكىسى سىزنىڭ، شۇنى ماڭا ئەكېلىپ بېرىڭ.

بۇ ئۆتۈپ كەتكەن چۈپەيلىك بولدى. شۇنداقتىمۇ باشقا ئامال بولمىغاچقا، بېرىپ ئىمتىھان قەغىزىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردىم - دە، خۇددى سېمونتتەك قاتتىق كارىۋاتتا ئولتۇردۇم. ھەي، مېنىڭ نەقەدەر ئۆكۈنگەنلىكىم، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقىلى كەلگىنىمگە قانچىلىك پۇشايمان قىلغانلىقىمنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز.

ئۇ ئىمتىھان قەغىزىمنى گويا نىجاسەتنى تۇتۇپ سالغان تەرزدە تۇتۇپ:

— بىز 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە مىسىرلىقلار ھەققىدە دەرس ئۆتتۇق. تاللاپ ماقالە يېزىشقا سىز مىسىرلىقلار دېگەن تېمىنى تاللىۋاپسىز. نېمىلەرنى بىلجىرلىغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇڭىز بارمۇ؟

— ياق، ئەپەندىم، ئاڭلىغۇم يوق.

ئەمما ئۇ ئوقۇدى. مۇئەللىم دېگەننى قىلىدۇ، سىز ئۇنى ھەرگىز توسىيالمايسىز.

مىسىرلىقلار كاۋكاز ئىرقىدىكى قەدىمي مىللەت. ئافرىقا قىتئەسىنىڭ شىمال تەرەپلىرىگە ئولتۇراقلاشقان. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئافرىقا قىتئەسى شەرقي يېرىم شاردىكى ئەڭ چوڭ قىتئە.

مەن نائىلاج بۇ قاملاشمىغان قۇرۇق گەپلەرنى

ئاڭلاپ ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى تازىمۇ پەسكەش-
لىك بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ مىسىرلىقلارغا قىزىقىشىمىزدا
كۆپ سەۋەبلەر بار. ھازىرقى زامان ئىلىم پەنى مىسىرلىقلارنىڭ
ئۆلگەن ئادەملەرگە زادى قانداق سىرلىق دورىلارنى سۈركەپ،
ئۇلارنىڭ يۈزىنى نەچچە ئەسىر ئۆتسىمۇ چىرىمەيدىغان قىلغان-
لىقىنى بىلىشكە تىرىشماقتا. بۇ قىزىقارلىق سىر 20 ـ ئەسىر-
دىكى ھازىرقى زامان ئىلىم پەنىگە نىسبەتەن بىر تەھدىت.

ئۇ ئوقۇشتىن توختاپ ئىمتىھان قەغىزىنى قويۇپ
قويدى. ئۇنىڭغا ئۆچلۈكۈم كەلدى.
— كاتتا ئەسىرىڭىزنى شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى
دېيىشكە بولىدۇ، — دېدى ئۇنىڭ تەلەپپۇزى جانغا
تەگكۈدەك مەسخىرىلىك ئىدى. ئۇنىڭدەك پىششىپ
كەتكەن مونەكۋاشلارنىڭمۇ مۇشۇنداق مەسخىرىلەرنى
قىلالايدىغانلىقىنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرەلمەيسىز، —
ئەمما سىز تېخى ئىمتىھان قەغىزىنىڭ ئاخىرىغا ماڭا خەت
يېزىپ قويۇپسىز.
— ھە، خەت يېزىپ قويغانىدىم، — مەن ئۇنى
ئۇ خەتنى ئۈنلۈك ئوقۇپ سېلىشتىن توسۇپ قېلىش
ئۈچۈن ئىتتىكلا سۆزلىدىم. بىراق بۇ بەئەينى پاراسلاپ
ئېتىلىۋاتقان پوجاڭزىدەك ھالەتتە بولغاچقا، ئۇنى تو-
سۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

قەدىرلىك سىپىنسېر ئەپەندى. مىسىرلىقلارنى مەن
مۇشۇنچىلىكلا بىلىمەن. سىز دەرسنى تولىمۇ ئوبدان سۆزلەي-
سىز، بىراق مەن ئۇلارغا نېمىشقىدۇر زادىلا قىزىقمايمەن. ئىم-
كان بار مېنى ئۆتكۈزمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئىشقىلىپ مەن ئىنگ-
لىزچىدىن باشقا دەرسلەرنىڭ ھېچقايسىسىدىن ئۆتەلمەيمەن.
سىزنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىغان ئوقۇغۇچىڭىز خولتون

كاۋلفىيلد .

ئۇ ئىمتىھان قەغىزىمنى قويۇپ ، گويا تىكتاك توپ ياكى باشقا توپ مۇسابىقىلىرىدە مېنى نۆلدە قويۇپ مەغلۇپ قىلىدىغان بىر نەزەردە ماڭا قارىدى . خېتىمنى مۇشۇنداق ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇغىنى ئۈچۈن مەن ئۇنى ئۆمۈر بويى كەچۈرمەيمەن . ناۋادا خەتنى ماڭا ئۇ يازغان بولسا ، مەن ھەرگىز ئۇنىڭدەك ئوقۇمايتتىم . ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتىم . مەن ئۇ خەتنى ئۇ مېنى ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزمىگەن ( ماڭا تۆۋەن نومۇر قويغان ) چاغدا كۆڭلى بىئارام بولمىسۇن ، بۇ خەت بىلەن تەسەللى تاپسۇن دەپ يازغانىدىم .

— سىزنى ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزمىگەنگە مېنىڭدىن رەنجىدىڭىزمۇ ، بالام ؟ — دېدى .

— ياق ، ئەپەندىم ، پەقەتلا رەنجىمىدىم ، — دېدىم . مەن ئاناڭنى ئۇنىڭ مېنى ئىككى ئېغىز گېپىنىڭ بىرىدە بالام دېمەسلىكىنى تىلەپ كەتتىم .

ئۇ ئىمتىھان قەغىزىمنى يەنە كارىۋاتقا ئاتماقچى بولغانىدى ، كارىۋاتقا چۈشمەي يەرگە چۈشتى . مەن يەنە بىر قېتىم ئېڭىشىپ يەردىن ئېلىپ « ئوكيانىيە ئايلىق ژۇرنىلى »نىڭ يېنىغا قويدۇم . بۇ ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئىش ئىدى .

— ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمدا سىز بولغان بولسىڭىز ، قانداق قىلاتتىڭىز ؟ — دېدى ئۇ ، — راست گەپ قىلىڭ ، بالام .

كۆردىڭىزمۇ ، ئۇ مېنى ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزمىگەنگە ھەقىقەتەن بىئارام بوپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا گەپ سېتىپ ، مەن ھەقىقەتەن يارىماس نان قېپى ، ئەگەر سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولغان بولسام ، ئامالسىز شۇنداق قىلغان بولاتتىم ، كۆپلىگەن كىشىلەر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەھۋالىمۇ قانچىلىك قىيىن ئىكەنلىكىنى زادىلا

ھېس قىلالمايدۇ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلدىم.
قىزىق ئىش، ئاغزىم گەپتە بولغان بىلەن كۆڭ-
لۈم ئاللىقاياقلاردا پالاس قېقىپ يۈردى. مەن نيۇ-
يوركتا تۇراتتىم. شۇ چاغدا نېمىشقىدۇر مەركىزىي باغ-
چىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆلچەك يادىمغا كېپقالدى. مەن
ئۆيگە قايتقاندا بەلكىم ئۇ كۆلچەك مۇز تۇتۇپ كېتەر.
شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭدىكى ياۋا ئۆردەكلەر نەگىمۇ كې-
تەر دەپ ئويلىدىم. خىيالىمغا كۆل قاتتىق مۇز تۇتقاندىن
كېيىن ياۋا غازلار زادى نەگە كېتەر، بىرلىرى ماشىنا
بىلەن كېلىپ ئۇلارنى تۇتۇپ كېتەرمۇ، ياكى ئۇلار ئۆز-
لىرى ئۇچۇپ كېتەرمۇ دېگەن نەرسە كىرىۋالدى.
تەلەيلىك ئادەمكەنمەن. سپېنسىر ئەپەندى بى-
لەن سۆزلىشىپ تۇرۇپ غازلارنى ئويلاپ كەتتىم. ئە-
جەبلىنەرلىكى شۇكى، ئوقۇتقۇچى بىلەن پاراڭلاشقاندا
كاللا ئىشلىتىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولاتتى. ئەمما مەن تاغ-
دىن - باغدىن سۆزلەۋاتقاندا، ئۇ بىردىنلا گېپىمنىڭ
بېلىگە تەپتى. ئۇ شۇنداق قىلىشقا ئامراق ئىدى.
— بۇ ئىشلارغا قارىتا قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋا-
تىسىز، بالام؟ بۇنىڭغا قىزىقىۋاتىمەن. تولىمۇ قىزىقىۋا-
تىمەن.
— مېنىڭ پانسىدىن ھەيدەلگەنلىكىمنى دېمەك-
چىمۇ سىز؟ — گەرچە بەكلا كۆزگە چېلىقىدىغان بول-
مىسىمۇ، ئۇنىڭ تاختىدەك بولۇپ قالغان مەيدىسىنى يې-
پىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلدىم.
— خاتا قىلمىغان بولسا، ئىشىنىمەنكى سىز
خوئوتېن ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە ئېلدون شىلىس ئوتتۇرا
مەكتىپىدىمۇ قىيىن كۈنگە قالدىڭىزغۇ دەيمەن، — ئۇ-
نىڭ تەلەپپۇزىدا مەسخىرىدىن باشقا يەنە ئىچى قارىلىقمۇ
بار ئىدى.
— ئېلدون شىلىس مەكتىپىدە ھېچقانداق قىيىن
كۈنگە قالمىدىم. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەن ئۇ

يەردىن قوغلانمىدىم ، پەقەت ئۆزۈم ئوقۇشتىن چېكىنـ
دىم ، شۇ .
— سوراپ باقايچۇ ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلـ
دىڭىز ؟
— نېمە ئۈچۈن دەمسىز ؟ ئەستا ، سۆزلەپ
كەلسەم گەپ ئۇزۇن ، ئەپەندىم . دېمەكچى بولغىنىم
ئىش تولىمۇ مۇرەككەپ .
ئۇنىڭغا يېپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەرگىم
كەلمىدى . سەۋەبى ، ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ ئەھلى بولمىغاچـ
قا ، دەپ بەرگىنىم بىلەنمۇ چۈشەنمەيتتى . ئېلدون شىـ
لىس مەكتىپىدىن كېتىشىمدىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب
شۇكى ، ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ساختىپەزلەر
ئىدى . نەگىلا بارما شۇلارلا بار . گەپ شۇ . ئالايلۇق ،
مەكتەپ مۇدىرى خاس مەن ئۆمرۈمدە ئۇچراتقان ئۇچىغا
چىققان ساختا شاپائەتچى ھارامزادە . سۈيمۇ قېرىدىن
چەندان ئەسكى . يەنە مەسىلەن ، يەكشەنبە كۈنلىرى
بەزى ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنى ئالغىلى ماشىنا بىلەن كېـ
لىدۇ . خاس بولسا پالاقلاپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ ھەربىرى
بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ . خۇددى پاھىشە ئاـ
ياللاردەك خەقنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلايدۇ . تەقى ـ تۇرقى
غەلىتىرەك ئائىلە باشلىقلىرىنى كۆرسە ئۇنداق قىلمايدۇ .
سىز ئۇنىڭ مەن بىلەن بىر ياتاقتىكى ئوقۇغۇچىـ
نىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى بىر
كۆرسىڭىز ئىدى . دېمەكچىمەنكى ، ناۋادا ئوقۇغۇچىنىڭ
ئاپىسى بەك سېمىز ياكى قوپالراق ، دادىسى ئونىغانغا يوـ
نىغاندەك مۇرىسى كەڭ كىيىم ، كونىچە قارا ، ئاق ئىككى
رەڭلىك ئاياغ كىيگەن بولسا ، خاس ئۇلار بىلەن قول
ئېلىشىپلا ، ئۇلارغا يالغاندىن جىلمىيىپ قويۇپلا بولدى
قىلىدۇ . ئاندىن باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى
بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ . بۇنداق ئىشلار شۇنداق
نېرۋامغا تېگىدۇ ، ئادەمنى ساراڭ قىلغىلى تاسلا قالىدۇ ،

مىجەزىمنى قوداڭشتىپ ئەقلىمدىن ئازدۇرىدۇ. شۇڭا مەن ئۇ بولمىغۇر ئېلدون شلىس ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۆچ.

سېپىنسېر يەنە نېمىدۇر سورىغانىدى، خىيالىم خاستا بولغاچقا ئېنىق ئاڭلىيالماي:

— نېمە دېدىڭىز ئەپەندىم؟ — دېدىم.

— پانىسدىن كەتكىنىڭىزگە بەك پەرىشان بولۇۋاتامسىز؟

— ھە، ئازراق پەرىشان بولۇۋاتىمەن. ئەلۋەتتە... لېكىن بەكمۇ ئەمەس. ھەرھالدا ھازىرچە ئۇنداق ئەمەس. ئويلايمەنكى بۇ ئىش ھازىر تېخى ماڭا ھەقىقىي زەربە بولۇپ تۇيۇلغىنى يوق. قانداقلا ئىش بولمىسۇن، ماڭا مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندە ئاندىن تەسىر قىلىدۇ. شۇ تاپتا ئەس - يادىم چارشەنبە كۈنى ئۆيگە قايتىشتا. مەن تازىمۇ يارىماس ئىكەنمەن.

— ئەجەبا، سىز ئۆز ئىستىقبالىڭىزغا ئازراقمۇ كۆڭۈل بۆلمەمسىز، بالام؟

— توغرا، مەن ئىستىقبالىمغا كۆڭۈل بۆلىمەن. بۇنىڭدا چاتاق يوق. ئەلۋەتتە، كۆڭۈل بۆلىمەن، — بىر مىنۇتتەك ئويلىنىۋالدىم، — بىراق، مېنىڭچە ئۇنچە بەك كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيمەن. ئۇنچە كۆڭۈل بۆلمەيمەن. مېنىڭچە شۇنداق.

— كۆڭۈل بۆلىسىز، — دېدى سېپىنسېر، — كۆڭۈل بۆلىسىز بالام. پۇشايمان قىلغان ۋاقتىڭىزدا ئاندىن كۆڭۈل بۆلىسىز.

ئۇنىڭ بۇنداق گەپلىرى قۇلىقىمغا ياقمايتتى. چۈنكى ماڭا بۇ گەپلەر خۇددى مەن ئۆلۈپ كېتىدىغاندەكلا ئاڭلىنىپ، روھىم چۈشۈپ كېتەتتى.

— ئويلايمەنكى، شۇنداق بولىدۇ، — دېدىم مەن.

— بالام، كاللىڭىزنى سەگىتىپ ئەقلىڭىزنى

ئۇرغۇتۇپ قويسام دەيمەن. قولۇمدىن كەلسىلا، سىزگە ياردەم قىلاي، سىزنى يۆلەي دەيمەن.

دەرۋەقە ئۇنىڭ ماڭا ياردەم قىلغۇسى بار ئىدى. بۇنىڭغا كۆزۈم يېتەتتى. لېكىن گەپ شۇ يەردىكى، ئىككىمىز باشقا ـ باشقا ئىككى دۇنيا بولۇپ، ئارىلىقىمىز بەكمۇ يىراق ئىدى. بار ـ يوق ئىش شۇلا.

— ماڭا ياردەم قىلغۇڭىز بارلىقىنى ئوبدان بىلىمەن، ئەپەندىم، — دېدىم مەن، — سىزدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن، بۇنىسى راست، ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت، — مەن كارىۋاتتىن قوپتۇم. ئەمدى كاللام كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئۇ يەردە قايتا ئولتۇرمايتتىم، — گەپ شۇ يەردىكى، ھە، ھازىر كەتمىسەم بولمايدۇ. تەنتەربىيە سارىيىدا بىرمۇنچە نەرسىلىرىم بار. ئۇلارنى يىغىشتۇرۇپ تەييار قىلىپ قويمىسام بولمايدۇ. راستلا يىغىشتۇرىدىغان بىرمۇنچە نەرسە ـ كېرەكلىرىم بار.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى. ئاندىن بېشىنى چەرچىنچىنىڭ توك ـ توكىلىڭىدەك گىلدىڭلىتىشقا باشلىدى. چىرايى ئىنتايىن سۇرلۇك تۇس ئالدى. تۇساتتىن ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. لېكىن بۇ يەردە تۇرىۋېرىشكىمۇ تاقىتىم قالمىغانىدى. چۈنكى بىز ئىككى قۇتۇپ ئادىمى ئىدۇق. ئۇ بولسا كارىۋاتقا ئۇنى ـ بۇنى ئېتىش، لېكىن كارىۋاتقا يەتكۈزەلمەي يەرگە چۈشۈرۈش بىلەن ئاۋارە، ئۇچىسىدا ئۇخلاش كىيىمى، داق مەيدىسى ئوچۇق، ئۆيدە بولسا تارقىلىشچان زۇكامدىن دېرەك بېرىدىغان بۇرنىغا تېمىتىدىغان دورىنىڭ سېسىق ھىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئارتۇق تۇرغۇم كەلمىدى.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ. ئەپەندى. مەندىن ئەندىشە قىلماڭ. مەن ياخشى بولۇپ كېتىمەن. بۇ گېپىم راست. مەن ھازىر ياشلار ماڭىدىغان يولدا مېڭىۋاتى-

مەن . بۇ يولدىن ھەممىلا ئادەم ماڭىدۇ ، شۇنداقمۇ ؟

— بىلمەيمەن ، بالام ، مەن بىلمەيمەن .

مۇشۇنداق جاۋابنى ئاڭلىسام جان پىنىم چىقىپلا كېتەتتى .

— ئەلۋەتتە شۇنداق . ھەركىمنىڭ ئۆز ئالدىغا ماڭىدىغان يولى بولىدۇ . مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن ، ئەپەندىم . مېنىڭ غېمىمنى يېمەڭ ، بولامدۇ ؟ — مەن بىر قولۇمنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويغىلى تاس — تاس قال-دىم .

— قىزىق بىر پىيالە شاكىلات ئىچىپ ماڭسىڭىز بولامدۇ ، خانىم ھازىرلا . . .

— رەھمەت ، كۆپ رەھمەت ، مەن كەتمىسەم ، دەرھال تەنتەربىيە سارىيىغا بارمىسام بولمايدۇ . رەھ-مەت ، كۆپتىن — كۆپ رەھمەت ئەپەندىم .

ئىككىمىز قول ئېلىشىپ خوشلاشتۇق ، قاملاش-مىغان گەپلەرنى قىلىشتۇق . كۆڭلۈم بەكلا پەرىشان بولدى .

— سىزگە خەت يازىمەن ، ئەپەندىم ، كېسىلى-ڭىزگە دىققەت قىلىڭ ، سالامەتلىكىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ .

— خەير — خوش بالام .

مەن ئىشىكنى يېپىپ چىقىشىمغا ، ئۇنىڭ كەي-نىمدىن نېمىلەرنىدۇر ئۇنلۇك ئاۋازدا دېگەنلىكىنى ئاڭ-لىدىم ، لېكىن گېپىنى ئېنىق ئۇقمىدىم . ئىشىنىمەنكى ، ئۇ ماڭا « ئامىتىڭىز كەلسۇن » دېدى . لېكىن مەن ئا-ناڭنى ئۇنداق دېمەسلىكىنى ئۈمىد قىلاتتىم . ئۆزۈم ھېچقانداق بىر ئادەمگە بۇنداق گەپنى زادىلا قىلمىغان-مەن . ئۇبدان ئويلاپ كۆرسىڭىز بۇنىڭ بەكمۇ يامان گەپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز .

# 3

بەلكىم سىز ئۆمرىڭىزدە مەندىنمۇ ئۇستا يالغانـ
چىنى كۆرمىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن . سۆزلەپ كەلسەم
تولىمۇ قورقۇنچلۇق . ئەگەر دۇكانغا بېرىپ ژۇرنال سېـ
تىۋالغان بولسام ، يولدا بىرى ئۇچراپ قېلىپ نەگە بارـ
دىڭىز ، دەپ سورىسا ، مەن ئوپېرا كۆرگىلى باردىم دېـ
يىشىم تۇرغانلا گەپ ، راست قورقۇنچلۇقمىكەنمەن . مېـ
نىڭ سېپىنسېرغا نەرسە — كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرغىلى
تەنتەربىيە سارىيىغا بارىمەن دېگىنىممۇ قىپ — قىزىل
يالغان . چۈنكى مەن ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىدىغان
تەنتەربىيە سايمانلىرىنى تەنتەربىيە سارىيىغا قويمىغان .

پانسىدىكى چاغدا مەن يېگى ياتاق بىناسىنىڭ
ئورسونبېگ خاتىرە هۇجرىسىدا تۇراتتىم . ئۇ يەردە تو-
لۇقسىز ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىلا تۇراتـ
تى ، مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىـ
دىم ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى بىلەن
بىرگە تۇراتتىم . بۇ هۇجرىلار پانسى مەكتىپىنى پۈتتۈـ
رۈپ چىقىپ كەتكەن مەكتەپدىشىمىز ئورسونبېگنىڭ
نامى بىلەن ئاتالغانىدى . ئۇ مەكتەپتىن چىققاندىن كېـ
يىن دەپنە ئىدارىسى ئوقتى بىلەن ناهايىتى بەك بېيىپ
كەتكەنىكەن ، مەملىكەتنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا دەپنە
ئىدارىسىنىڭ جەسەت قويۇش مەيدانى قۇرغانىكەن ،
بەش كوي تۆلىسىڭىزلا ئائىلىڭىزدىكىلەرنى دەپنە
قىلالايدىكەنسىز . قېرى ئورسونبېگنى بىر كۆرۈپ قو-
يۇڭ . ئۇ بەلكىم جەسەتنى تاغارغا قاچىلاپلا دەرياغا
تاشلىۋېتىپ ئىشنى تۈگىتىدىغاندۇ . ئەمما ئۇ قانداقلا
بولمىسۇن پانسىغا جىق پۇل بېرىپتىكەن . ئۇلار بىز
تۇرغان يېگى هۇجرىلارنى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتاپتۇ .
بۇ يىل تۇنجى قېتىم زەيتۇن توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈـ
زۈلدى . ئۇ كادىلاك ماركىلىق ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ

مەكتەپكە كەلدى . بىز ھەممىمىز كۆرۈش سوپىسىدا
ھۆرمەتتە تۇرۇپ ئۇنىڭغا « پاراۋۇز » بەردۇق . يەنى بىر
پەس ئالقىش ياڭراتتۇق . ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ كىچىك
چېركاۋدا بىزگە نۇتۇق سۆزلىدى . ئۇن سائەت توختى-
ماي سۆزلىدى . ھەدېگەندىلا سەت ، قوپال لەتىپىدىن 50
نى سۆزلەپ بىزگە ئۆزىنىڭ نەقەدەر قىزىقچى ئادەم ئى-
كەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويدى . قالتىس ئىشتە بۇ . ئارقى-
دىن ھەرقانداق بىر قىيىن ئىشقا يولۇققان چاغدا تىزلى-
نىپ ئولتۇرۇپ تەڭرىگە دۇئا بىلەن ئىلتىجا قىلدىغانلى-
قىنى ئېيتىپ بىزنى مەيلى قەيەردە بولمايلى ھەردائىم
تەڭرىگە دۇئا قىلىپ تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى . بىزگە
ئىيسانى ياخشى دوستىمىز دەپ قاراشنى ئۆگەتتى . ئۇ
ئۆزىنىڭ ھەر ۋاقىت ، بولۇپمۇ ماشىنا ھەيدىگەن چاغدا
ئىيسا بىلەن سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى . بۇ ساختىپەز ،
يالغانچى ھارامزادىنىڭ خوتنى بىرىنچى خوتقا يۆتكەپ
قويۇپ ئىيسادىن ئۆزىگە خۇسۇسى پۇل چېكىدىن كۆپ-
رەك كېسىپ بېرىشنى تىلىگەنلىكىنى كۆز ئالدىمغا
كەلتۈرۈپ تولا كۈلۈپ ئۈچىيىم ئۈزۈلەيلا دېدى . ئۇنىڭ
نۇتقىنىڭ كارامەت يېرى شۇ بولدىكى ، ئۇ ئۆزىنىڭ نە-
قەدەر قالتىس ، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئادەم
ئىكەنلىكىنى شالىنى چاچرىتىپ سۆزلەۋاتقاندا تۇساتتىن
ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغان ئىدىگار ماسارا پوجاڭزا ئې-
تىلغاندەك قاتتىق ئوسۇرۇۋەتتى . بۇنداق قىلىش ، بو-
لۇپمۇ چېركاۋدا بەكمۇ سەت تۇرىدىغان ، شۇنداقلا نا-
ھايىتى قىزىق ئىش . ماسارا شۇنچە قاتتىق ئوسۇرسا
بىرمۇ ئادەم كۈلەلمىدى . قېرى ئورسونبېگمۇ ئاڭلىمى-
غانغا سالدى . لېكىن سەھنىدە ئۇنىڭ يېنىدىلا ئولتۇرغان
مەكتەپ مۇدىرى سۈيمونىڭ چىرايىدىن ئاڭلىغانلىقى
بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ بەلكىم تازىمۇ ئوڭايسىزلانغاندۇ ،
لېكىن غىڭ قىلمىدى . ئەمما ئەتىسى ئاخشىمى ئۇ ھەم-
مىمىزنى ئىشخانا بىناسىدىكى چوڭ دەرسخانىغا يىغىۋې-

لىپ، مۇنبەرگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلىدى. چىركاۋدا تەرتىپنى بۇزغان ھېلىقى ئوقۇغۇچى پانسىدا ئوقۇشقا مۇناسىپ كەلمەيدۇ دېدى. بىز ماسارا مەكتەپ مۇدىرى سۆزلەۋاتقاندا يەنە بىرنى ئوسۇرۇۋەتسىكەن دەپ ئويلىدۇق. لېكىن ئۇ كۆڭلى پەرىشان بولغاچقا چىقىرىۋېتەلمىدى. ھەي، قانداقلا بولمىسۇن قېرى ئورسونبېگ خاتىرە ھۇجرىلىرى، يېڭى ياتاقلار مەن تۇرغان جاي ئىدى.

مەن سىپېنسىبىردىن ئايرىلىپ ھۇجرامغا قايتىپ كېلىپ ئاجايىپ راھەتلىنىپ كەتتىم. ھەممىلا ئادەم توپ مۇسابىقىسى كۆرۈشكە كەتكەن. پار بېرىلىۋاتقاچقا ئارامبەخش ئىللىقلىق جاننى يايرىتاتتى. مەن پەلتويۇمنى سېلىپ گالىستۇكۇمنى ئېلىۋېتىپ كۆڭلىكىمنىڭ ياقىسىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىۋەتتىم. ئاندىن ئەتىگەندە نيۇ – يوركتىن سېتىۋالغان شەپكىنى كىيىۋالدىم. ئۇ چېكىلىكى بەكلا ئۇزۇن، قىزىل رەڭلىك ئوۋچىلار شەپكىسى ئىدى. مەن بۇ شەپكىنى بارلىق قىلىچلارنىڭ يوقالغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، يەر ئاستى پويىز ئىستانسىسىغا چۈشكەنلا يەردىكى تەنتەربىيە بۇيۇملىرى ماگىزىنى دېرىزىسىدىن كۆرۈپ قېلىپ، بىر كويلا خەجلەپ سېتىۋالغانىدىم. شەپكىنى كىيگەندە چېكىلىكىنى كەينىگە قىلىۋالدىم. بۇنداق كىيىشنىڭ ئىنتايىن ياۋايىلىق ئىكەنلىكىگە ئىقرارمەن. لېكىن ماڭا بۇ تولىمۇ يارىشىدىغان بىلىنگەچكە مۇشۇنداق كىيىشكە ئامراقمەن. شەپكىنى كىيىپ بولۇپ ئورۇندۇقۇمدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇشقا كىرىشتىم. ھەربىر ھۇجرىدا ئىككىدىن ئورۇندۇق بار. ياتاقدىشىم ۋاسى ستىرادلېتا ئىككىمىز بىردىن ئىشلىتەتتۇق. ھەممىلا ئادەم ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىدىلا ئولتۇرغاچقا يۆلەنچۈكى كونىراپ، بۇزۇلۇپ كەتتى، ئەمما ئولتۇرسا تولىمۇ راھەت.

ئوقۇۋاتقىنىم كۇتۇپخانىدىن ئارىيەت ئال-

غانـــدا ئـۇلار خاتـا بېرىــپ قـويغان كىتــاب ئىدى . مــەن باشــقا كىتاب دېــسەم ئـۇلار مـاڭا ئىســاك دې- ناســۇنىنىڭ « ئافــرىقىدا كۆرگــەن - ئاڭــلىغانلىرىــم » دېــگەن كىتابىنــى بېرىپتــۇ . بۇنــى ئۆيــگە كېلىپ بايــقىدىــم . بۇنــى مــەن ناچار كىتاب دەپ ئويلاپتى- كەنمــەن . ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ، خېلىلا ئوبدان يــېزىلغان كىتاب ئىكەن . سەۋىيەم ئانچە يۇقىرى بولمى- غان بىلەن كىتابنى كۆپ ئوقۇيمەن . مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يازغۇچى ئاكام D·B ئۇنىڭدىن قالسا رىنگ لاردنېر[1]. مەن پانسى ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئاكام ماڭا تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسى سۈپىتىدە لاردنېرنىڭ بىر كىتابىنى سوۋغا قىلدى . بۇ كىتابتا ۋە- قەلىكى ئىنتايىن ئاجايىپ - غارايىپ ، ئەگرى - توقاي بىرقانچە قىسقا تىياتىر بىلەن بىر ھېكايە بار ئىكەن . ھېكايىدە بىر ساقچىنىڭ ئىنتايىن گۈزەل ، ماشىنىسىنى دائىم تېز ھەيدەيدىغان قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلى- قى ، ئەمما ئۇقىز بىلەن توي قىلالماي ئارماندا قالغانلىقى ، كېيىن بۇ قىزنىڭ ماشىنىنى تېز ھەيدەپ ماشىنا ھادى- سىسىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكى سۆزلەنگەنىكەن . مەن بۇ ھېكايىنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم . مەن ئاشۇنداق تە- سىرلىك ، ئۆزگىچىلىكى بار كىتابلارنى ئوقۇشقا بەكمۇ ئامراق . مەن « يۇرتىغا قايتىش »قا[2]ئوخشاش كلاسسىك ئەسەرلەردىن خېلى كۆپ ئوقۇدۇم ، ماڭا بەكمۇ ياقتى . ئۇرۇش ھــەققىدىكى ۋە رازۋېدكىغا دائىر نۇرغۇن ئە- سەرلەرنىمۇ ئوقۇدۇم ، ئەمما ئۇنچە تەسىر قىلمىدى . شۇنداق ياخشى ئەسەرلەرمۇ بولىدۇكى ، ئۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئادەم بۇ كىتابنى يازغۇچى ناھايىتى ياخشى دوستۇم بولسا ، كەيپىم ياخشى چاغلاردا تېلېفون

---

① رىنگ لاردنېر ( 1933 - 1885 ) ـــ ئامېرىكىلىق يازغۇچى ، چۈشكۈنلۈك تۈسىدىكى ساتىرىك ھېكايىلەرنى يېزىش بىلەن مەشھۇر .

② 19 - ئەسىردە ئۆتكەن ئەنگلىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى توماس خاردىنىڭ رومانى .

بىرىپ ھال — مۈك بولساق دەپ ئويلاپ قالدۇ. ئەپسۇسكى، بۇنداق كىتابلار بەكمۇ ئاز. مەنغۇ ئىساك دىناسۇن، رىنگ لاردنېر دېگەنلەرگە تېلېفون بېرىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىدىم. بىراق ئاكام D・B ئۇنى (رىنگ لاردنېر) ئۆلۈپ كەتتى، دەيدۇ. سامسېت ماۋخامنىڭ «كىشىلىك تۇرمۇش كىشەنلىرى» نى ئالايلۇق. بۇ كىتابنى بۇلتۇر يازدا ئوقۇدۇم، خېلى ئوبدان يېزىلغانىكەن. لېكىن ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سامسېت ماۋخامغا تېلېفون بېرىشنى ئويلاپمۇ باقمىدىم. سەۋەبىنى دەپ بېرەلمەيمەن، لېكىن ئۇنىڭدەك ئادەمگە تېلېفون بېرىپ كۆرۈشۈشنى خالىمىدىم. ئەمما توماس خاردىغا تېلېفون بەرسەم بېرىمەن. چۈنكى يوتاشافىينى① ياخشى كۆرىمەن.

ھە، مەن يېڭى شەپكەمنى كىيىپ ئولتۇرۇپ «ئافرىقىدا كۆرگەن — ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن كىتابنى ئوقۇدۇم. بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىم، ئايرىم يەرلىرىنى قايتا كۆرەي دەپ ئەمدىلا ئۈچ بەتنى كۆرگەنىدىم، يۇيۇنۇش ئۆيىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ بىرى چىقىپ كەلدى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىماي تۇرۇپلا ئۇنىڭ قوشنا ياتاقتىكى روبېرت ئاركۋرايت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ يەردە ئىككى ئۆيدە بىردىن مۇنچا بار ئىدى، ئاركۋرايت كۈندە نەچچە قېتىم كىرىپ مېنى ئېلىشتۇراتتى. توپ مۇسابىقىسىگە بارمىغانلاردىن مەندىن بۆلەك يالغۇز ئۇلا بولسا كېرەك. ئۇ ئاساسەن بىر ياقلارغا چىقمايتتى، غەلىتە بىرنېمە ئىدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، پانسى ئوتتۇرا مەكتېپىدە توپتوغرا تۆت يىل ئوقۇغانىدى. ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي «ئاركۋرايت» دەپلا چاقىراتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىدىغان خېرب گېرمۇ ئۇنى «بوبېر» ھەتتا «ئاركۋ» دەپ باقمىغانىدى. ئەگەر ئۇ

① «يۇرتىغا قايتىش» ناملىق رومانىدىكى پېرسۇناژ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە توي قىلسا خوتۇنىمۇ ئۇنى «ئاركۇرايت» دەپ ئاتىشى مۇمكىن. ئۇ دوزاخ شوتىسىدەك ئېگىز، مۈرىلىرى يۇمىلاق، چىشلىرى بەكمۇ پاسكىنا بىرنەرسە ئىدى. ئۇ يېنىمدىكىلا ئۆيدە شۇنچە ۋاقىت تۇردى، مەن ئۇنىڭ چىشىنى چوتكىلاپ يۇغانلىقىنى بىر قېتىممۇ كۆرمىدىم. ناۋادا تاماقخانىدا ئۇنىڭ شۇ سەت، پاسكىنا چىشلىرى بىلەن ماچىلداپ تاماق يېيىشلىرىنى كۆرۈپ قالسىڭىز، كۆڭلىڭىز ئېلىشىپ قۇسقىڭىز كېلىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن يۈزىنى دانىخورەك باسقان. ھەممىدىن يامىنى ئۇنىڭ مىجەزى، ئۇ تولىمۇ پەسكەش، قىلىقسىز بىرنېمە. راست گەپنى قىلسام ئۇنىڭ بىلەن ئانچە ئېپىم كېلىشمەيدۇ.

مەن ئۇنىڭ كەينىمدە، يۇيۇنۇش سۇپىسىدا تۇرۇپ ستىرادلېتا بارمۇ، يوق دەپ ماراۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. ئۇ ستىرادلېتاغا بەك ئۆچ ئىدى، ئۇ بولسا بۇ ئۆيگە ھەرگىز يولىمايتتى. شۇنداق دېيىشكە بولاتتىكى، ئۇ ھەممىلا ئادەمگە ئۆچ ئىدى.

ئۇ يۇيۇنۇش ئۆيىدىن چىقىپ قېشىمغا كېلىپ «ھەي!» دېدى. ئۇ دائىم بىرەر ئىشتىن بىزار بولغان ياكى بەك چارچاپ كەتكەن ئادەمدەك ئاھ — ئۇھلاپ يۈرەتتى. ئۆزىنىڭ سىزنى يوقلاپ ياكى زىيارەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈشنى خالىمايتتى. گويا خاتا كىرىپ قالغاندەك بىر تۇيغۇ بېرەتتى.

— ھەي، — دېدىم مەن. كىتابتىن كۆزۈمنى ئالمىدىم، بېشىمنىمۇ كۆتۈرمىدىم. ئاركۇايتتەك نېمىلەرگە ئوقۇۋاتقان كىتابنى تاشلاپ بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ قارىسىڭىز، جىمى ئويۇن، تاماشا تۈگەيتتى. ئويۇن دېگەنغۇ ھامان تۈگەيدۇ، شۇنداقتىمۇ دەرھاللا باش كۆتۈرۈپ قارىمىسىڭىز ئۇنچە تېز ئاياغلىشىپ كەتمەيدۇ.

ئۇ ئادىتى بويىچە ئۆيدە ئاستا مېڭىشقا باشلىدى.

ئۇ ھەمىشە جوزا ، تارتىملاردىن سىزنىڭ ئۇششاق ــ چۇششەك شەخسىي نەرسىلىرىڭىزنى ئېلىپ ئۇنى كۆ- رۈپ ، بۇنى قويۇپ قىلاتتى . ھەي ، ئۇنىڭدەك ئادەملەر بەزىدە ئەرۋاھىڭىزنى قىرىق گەز ئۇچۇراتتى .

ــــ قىلىچۋازلىق قانداق بولدى ؟ بىز يەڭدۇقمۇ ، قانداق ؟ ــــ دېدى ئۇ . ئۇ لەنىتى قىلىچۋازلىققا ئەسلا قىزىقمايتتى ، مەقسىتى پەقەت ماڭا ئارامخۇدا كىتاب كۆرسەتمەسلىك ، كۆڭلۈمنى خۇش قىلغۇزماسلىق ئىدى .

مەن يەنىلا كىتابتىن باش كۆتۈرمەستىن :

ــــ ھېچقايسىمىز يەڭمىدۇق ، ــــ دېدىم .

ــــ نېمىشقا ؟ ــــ دېدى ئۇ . قانداق ئىش بولمى- سۇن ، ئۇ سىزنى ئىككى قېتىم سۆزلەتمەي قويمايتتى .

ــــ ھېچقايسىمىز يەڭمىدۇق ، ــــ ئۇ بەش تارتى- مىلىق ئىشكاپتىن نېمە ئېلىپ كۆرۈۋاتىدىكىن ، دەپ كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قارىسام ، بىر رەسىم ( سۈرەت ) كۆرۈۋېتىپتۇ . ئۇ نيۇ ـ يوركتا مەن بىلەن بىللە ئوينى- غان سارى خايېس دېگەن قىزنىڭ سۈرىتى ئىدى . مەن بۇ قاغىش تەگكۈر سۈرەتنى ئالغاندىن بۇيان ئۇ ئاز دې- گەندىمۇ بەش مىڭ قېتىم كۆرگەندۇ دەيمەن . لېكىن ، قېنى قانداق قىلىسەنكىن ، دېگەندەك زادىلا جايىغا قو- يۇپ قويمايتتى .

ــــ ھېچقايسىمىز يەڭمىدۇق دەمسەن ؟ بۇ قانداق گەپ ؟ ــــ دېدى ئۇ .

ــــ مەن قىلىچ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممى- سىنى يەر ئاستى تۆمۈر يولىدا تاشلاپ قويۇپتىمەن ، ــــ مەن يەنىلا بېشىمنى كۆتۈرمىدىم .

ــــ ۋاي توۋا ، يەر ئاستى تۆمۈريولىدىمۇ ! سەن ئۇ نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويدۇڭمۇ ، شۇنداق دېمەكچىمۇ سەن ؟

ــــ بىز يەر ئاستى تۆمۈريولىدا يويىزغا خاتا ئول-

تۇرۇپ قاپتۇق. مەن ۋاگوندىكى خەرىتىگە قاراش بىلەن بوپكېتىپتىمەن.

ئۇ كېلىپ يورۇقنى توسۇۋالدى.

— ھەي، — دېدىم مەن، — سەن كىرگەندىن بېرى مەن بىر جۈملىنى 20 قېتىم ئوقۇدۇم جۇمۇ.

ئۇنىڭدىن بۆلەك ھەرقانداق ئادەم بولسا مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشەنگەن بولاتتى. لېكىن ئۇ بىلمىدى.

— ئۇلار ساڭا پۇل تۆلىتەرمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— بىلمەيمەن. ئاناڭنى، نېمە قىلسا قىلمامدۇ. سەن ئولتۇر ياكى چىقىپ كەت، ھوي بالا. سەن كاسا-پەت يورۇقنى توسۇۋالدىڭ.

ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى «ھوي بالا» دېيىشىنى پەقەتلا ياقتۇرمايتتى. ئۇ 18 ياش، مەن 16 ياش ئىدىم. شۇڭا ئۇ مېنى دائىم «ھوي بالا» دەيتتى. ئەمما مەن شۇنداق دېدىممۇ، بولدى، ئۇنىڭ جېنى باشقا يەرلەردىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ جايىدىن قىمىرلىمىدى. ئۇ ئاشۇنداق قىلما دېگەن ئىشنى كاجلىق بىلەن قىلاتتى. كەت دېمىسە-ڭىزمۇ كېتىدۇ. بىراق سىز كەت دەپ قويسىڭىز ئېزىلىپ جېنىڭىزنى چىقىرىدۇ.

— قايسى مۇتتەھەمنىڭ كىتابىنى كۆرۈۋاتىسەن؟

— ئاناڭنى، بىر كىتابنى كۆرۈۋاتىمەنغۇ.

ئۇ كىتابنى ئۆرۈپ ئىسمىنى كۆرگەندىن كېيىن:

— قانداقراقكەن؟ — دېدى.

— كۆرۈۋاتقان يېرىم ئاجايىپ دەھشەتكەن، — كەيپىم ياخشى چاغدا مەسخىرىنى تازا جايىدا قىلاتتىم. لېكىن ئۇ بۇنىمۇ چۈشەنمىدى. ئۇ يەنە ئۆيدە ئۇياندىن — بۇيانغا مېڭىپ، سترادلېتانىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىشتۇر-

دى . مەن تاقەت قىلالماي كىتابنى يەرگە ئاتتىم . ئاركىۋرايىتتەك بىرنەرسە يېنىڭىزدا تۇرسا كىتاب ئوقۇش مۇمكىن بولمايتتى .
مەن ئورۇندۇققا ئۆزۈمنى تاشلاپ ، ئۇنىڭ ئۆز كۆڭلىنى قانداق خۇش قىلىۋاتقانلىقىغا سەپسالـ-دىم . نيۇ – يوركقا بىرىپ كەلگەچكە ھېرىپ قالغان ئوخشايمەن ، ئەسنەشكە باشلىدىم ، ئارقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم . بەزىدە ئۆزۈمنى زېرىكىشتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن قاقاقلاپ كۈلۈپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلاتـ-تىم . مەن شەپكەمنىڭ چېكىلىكىنى شاققىدا ئالدىمغا قىـ-لىپ چۆكۈرۈپ كىيىپ كۆزلىرىمنى تۇسۇۋالدىم – دە ، ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدىم .
— مەن قارىغۇ بولۇپ قالدىغان ئوخـ-شايمەن ، — دېدىم مەن ناھايىتى بوغۇق ئاۋازدا ، — قەدىرلىك ئاپا ، بۇ يەر نېمانچە قاراڭغۇ ؟
— سەن سارالڭ بوپقاپسەن ، خۇدا ھەققى قەسەم ئىچىمەن ، — دېدى ئۇ .
— جېنىم ئاپا ، قولۇڭنى ماڭا بەرگىن ، نېمىشقا قولۇڭنى ماڭا بەرمەيسەن !
— ئەستاغپۇرۇللا ، ئۇنداق كىچىك بالىدەك قىـ-لىق قىلمىغىنا .
مەن ئورنۇمدىن تۇرماستىن قارىغۇلارنى دوراپ قولۇمنى ئۇزىتىپ ھاۋانى سىپىلىدىم .
— جېنىم ئاپا ، قولۇڭنى نېمىشقا ماڭا بەرمەيـ-سەن ؟ — مەن ئۆزۈمنى خۇش قىلىۋاتاتتىم . تەبىئىيـ-كى ، بەزىدە مۇشۇنداق قىلسام كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالاتـ-تى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق قىلسام ئاركىۋرايىتنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆچىدىغانلىقىنى بىلەتتىم . ئۇ ھەـ-مىشە مېنىڭ خورلاش تەلۋىلىكىمنى قوزغاپ قوياتتى ، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا قىلچە شەپقەت قىلمايتتىم . ئاخىر مەن قىزىقچىلىقنى توختىتىپ ئارام ئالدىم ، شەپـ-

كەمنىڭ چېكىلىكىنى كەينىمگە قىلىۋالدىم.

— بۇ كىمنىڭ؟ — ئۇ ياتاقدىشىمنىڭ تىزلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ كاساپەت جىمى نېمىنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ باقاتتى. ھەتتا سىزنىڭ ئەۋرەت لاتىڭىز بولسىمۇ كۆرۈپ باقاتتى. مەن ستىرادلېتانىڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋېدىم، ئۇ تىزلىقنى ستىرادلېتانىڭ كارىۋېتىغا ئېتىۋەتتى. ئاندىن ستىرادلېتانىڭ بەش تارتمىلىق ئىشكاپىنىڭ تارتمىسىدىكى نەرسىلەرنىمۇ ئېلىپ ئۇنىڭ كارىۋېتىغا تاشلىدى.

ئۇ كېلىپ ستىرادلېتانىڭ ئورۇندۇقىنىڭ يۆلەنچۈكىدە ئولتۇردى. ئۇ ھەمىشە ئورۇندۇقتا ئولتۇرماي يۆلەنچۈكىدە ئولتۇراتتى.

— ئاناڭنى، بۇ شەپكىنى نەدىن تاپتىڭ؟

— نيۇ ـ يوركتىن ئالدىم.

— نەچچە پۇلغا ئالدىڭ؟

— بىر كويغا.

— ئالدىنىپسەن، — ئۇ سەرەڭگە ياغىچى بىلەن تىرنىقىنى تازىلاشقا كىرىشتى. سۆزلەپ كەلسە قىزىق بىر ئىش. ئۇ چىشلىرىنى يۇماي، قۇلىقىنى تازىلىماي قاسماق، مەينەت يۈرگىنى بىلەن، تىرنىقىنى ناھايىتى پاكىز تۇتاتتى. مېنىڭچە ئۇ مۇشۇ ئىشى بىلەن بەلكىم بەكمۇ پاكىز، چاققان يىگىت بولۇپ كۆرۈنىدىغاندۇ. ئۇ تىرنىقىنى تازىلاۋېتىپ شەپكەمگە قاراپ قويدى، — بىزنىڭ يۇرتلاردا بۇنداق شەپكىنى كېيىك ئوۋلىغاندا كىيىدۇ. تەڭرىم، بۇ دەل كېيىك ئوۋلىغاندا كىيىدىغان شەپكە ئىكەن.

— ئاناڭنى، ئىشىڭنى قىل، — شەپكىنى قولۇمغا ئېلىپ قارىدىم، ئاندىن ئۇنى قارىغا ئېلىۋاتقاندەك كۆزۈمنى يېرىم يۇمدۇم، — بۇ خەقلەر بىلەن ئۇرۇشقاندا كىيىدىغان شەپكە. مەن ئۇنى كىيىپ خەقلەرنى ئۇرىمەن.

— مەكتەپتىن ھەيدەلگىنىڭنى ئۆيۈڭدىكىلەر ئۇقتىمۇ ؟

— ئۇقمىدى .

— ئاناڭنى ، سترادلېتا زادى نەگە كەتتى ؟

— توپ كۆرگىلى ، قىز دوستى بىلەن ئۇچراشقىلى كەتتى ، — مەن ئەسنىدىم ، پۈتۈن بەدىنىم بوشىشىپ كەتتى . ئۆي بەك ئىسسىق بولغاچقا ، ئادەمنى مۈگدەك باساتتى . پانسى مەكتىپىدە ئادەم ياكى ئىسسىپ ياكى مۈزلاپ چىدىيالماي كېتەتتى .

— ئۇلۇغ سترادلېتا ، — دېدى ئاركۇرايت ، — قايچاڭنى بېرىپ تۇرغىنا ئىشلىتىۋالاي ، بولامدۇ ؟ ئېلىشقا ئەپلىكمۇ ؟

— ياق ، ئۇنى يىغىشتۇرۇپ تام ئىشكاپىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە ئېلىۋەتكەن .

— بىر مىنۇت ئىشلىتىۋالاي بولامدۇ ؟ تىرنىقىمنىڭ بىرى سەل يېرىلىپ كېتىپتۇ . شۇنى كېسىۋېتەي .

ئۇنىڭ نەرسە – كېرەكلىرىگىزنى قەيەرگە تىقىپ ، ئېلىپ قويغىنىڭ بىلەن كارى يوق ئىدى . مەن نائىلاج قايچىنى ئېلىپ بەردىم . ئەمما ئۇنى ئالغۇچە جېنىمدىن ئايرىغىلى تاس قالدىم . تام ئىشكاپىنى ئېچىشىمغا سترادلېتانىڭ چويلا توپ پالىقى ياغاچ جازىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بېشىمغا شۇنداق قاتتىق چۈشتىكى ، ئاغرىقتىن جېنىم قاقشاپ كەتتى . ئەمما ئاناڭنى ئاركۇرايتمۇ ماڭا كەلگەن پېشكەللىكتىن خۇش بولۇپ بوم ئاۋازى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۆلگىلى تاس قالدى . قول سومكىسىدىن قايچىنى ئېلىپ بەرگىچىمۇ ئۇ توختىماي كۈلۈۋەردى . بىرەر ئادەمنىڭ بېشىغا تاش ياكى باشقا نېمە چۈشۈپ كەتكەندەك ئىش بولۇپ قالسا ، ئۇ كاساپەت تولا كۈلۈپ ئىشتانلىرى چۈشۈپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەيتتى .

— مۈشۈككە ئوخشايسەن ، چاشقانغا قىيىن بولغانىنى

ئەجەب ئوبدان بىلىسەن ـ ھە ، ــــ دېدىم ئۇنىڭغا قاي-
چىنى بېرىۋېتىپ ، ــــ بىلەمسەن ، سەن مېنى ئارقا تىرەك
خوجايىن قىلساڭ ، سەن كاساپەتنى رادىئو ئىستانسىسىدا
ئېلان قىلدۇرىمەن .

مەن بېرىپ جايىمغا ئولتۇردۇم . ئۇ ئۆسۈپ
كەتكەن تىرناقلىرىنى ئېلىپ ياساشقا كىرىشتى .

ــــ تىرنىقىڭنى جوزىغا چۈشۈرسەڭ قانداق ؟
مەن قاراڭغۇ كېچىدە سېنىڭ كىرپىنىڭ تىكىنىدەك
تىرناقلىرىڭغا دەسسىۋېلىشنى خالىمايمەن ، ــــ دېدىم .
لېكىن ئۇ يەرگە چۈشۈرۈۋەردى . راست گەپنى قىلسام
ئۇ ئەدەب ـ قائىدە ئۇقمايدىغان نېمە ئىدى .

ــــ ستىرادلېتانىڭ قىز دوستى كىم ؟ ــــ دېدى
ئۇ . ستىرادلېتاغا قاتتىق ئۆچ بولغىنىغا قارىماي ئۇنىڭ
ئۇچرىشىدىغان قىز دوستىنىڭ كىملىكىنى بىلىش كو-
يىغا چۈشتى .

ــــ بىلمەيمەن ، سوراپ نېمە قىلاتتىڭ ؟

ــــ ھېچنېمە قىلمايمەن . ھەي ، ئۇ جالاپنىڭ با-
لىسىنىڭ ئىشلىرىغا زادى چىداپ تۇرالمايمەن . پەقەتمۇ
چىدىيالمايمەن .

ــــ ئۇ ساڭا بەك ، بەك ئامراق . ئۇ سېنى شاھزا-
دىدەك كۆرىدىغانلىقىنى ماڭا ئېيتتى ، ــــ دېدىم . مەن
چاقچاق قىلغاندا باشقىلارنى « شاھزادە » دەپ مەسخىرە
قىلىپ ئىچ پۇشقىمنى چىقىراتتىم .

ــــ ئۇ ئاشۇنداق ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇپ كۆ-
رەڭلەپ كېتىدۇ ، ــــ دېدى ئاركۋرايت ، ــــ ئۇ ئۆزىنى
بەك ئەقىللىق چاغلايدۇ ، لېكىن ماڭا ئۇ جالاپنىڭ بالىسى
مېڭىسىدە سۈيى باردەك بىلىنىدۇ . ئۇ ئۆزىنى بەلكىم
دۇنيادا . . .

ــــ ئاركۋرايت ! يائاللا ، نەچچە قېتىم دېدىم ،
تىرناقلىرىڭنى جوزا ئۈستىگە قويامسەن ، يوق ؟

ئۇ بوپتۇلا دېگەندەك تىرناقلىرىنى جوزىغا ئال-

دى . ئۇ ئاشۇنداق داۋخو بولۇپ ، ئاچچىقىڭنى يامانراق قىلساڭ ئاندىن گەپ ئاڭلايتتى .

ئۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپ كەتتى . مەن گېپىمنى داۋام قىلدىم :

— ئۇ سىنى گايدا چوتكا دەپ قويغاچقىلا ، ئۇ- نىڭغا قاتتىق ئۆچ ئىكەنلىكىڭنى ئوبدان بىلىمەن . ئۇ ۋارقىراپ - جارقىرىغىنى بىلەن سىنى قەستەن ھاقارەت قىلىش نىيىتىدە ئەمەس . ئۇنىڭ ئۇسۇلىغا دىققەت قىل- مايدىغانلا يېرى بار ، سىنى قەستەن ھاقارەتلەش نىيىتى يوق . ئۇ پەقەت سىنى ئانچە - مۇنچە چوتكا ئىشلىتىپ تۇرسا چىرايلىقراق ، يېقىملىقراق بوپقالاتتى ، — دې- مەكچى .

— كۆتەر قاسقىنىڭنى ، مەن قاچان چوتكا ئىش- لەتمەپتىمەن ؟

— سەن چىشىڭنى چوتكىلىمايسەن ، چىشىڭنى چوتكىلىمايدىغانلىقىڭنى مەنمۇ كۆرگەن ، — دېدىم مەن . ئۇنى ئەتەي ئوسال قىلماقچى ئەمەسمەن ، تېخى ئۇنىڭغا ئازراق ئېچىم ئاغرىدى . چۈنكى خەق سىزگە چىشىڭنى چوتكىلىمايسەن ، دېسە ، تەبىئىيكى ئادەمنىڭ كەيپى ئۇچىدۇ ، — سترادلېتا بولىدىغان بالا ، بەك ئىچى قارىلاردىن ئەمەس . چاتاق شۇ يەردىكى ، سەن ئۇنى چۈشەنمەيسەن .

— ئۇ جالاپنىڭ بالىسى بەك ھاكاۋۇر ، شۇڭا ئۇنى جالاپنىڭ بالىسى دەۋېرىمەن .

— دەرۋەقە ئۇ ھاكاۋۇر . لېكىن بەزى ئىشلاردا ئىنتايىن مەرد . ھەقىقەتەن شۇنداق ، — دېدىم مەن ، — قارا ، ئەگەر سترادلېتا گالستۇك تاقىسا ، سەن ئۇنى ياقتۇرۇپ قالىسەن . مەسىلەن ، ئەگەر ئۇ تاقىغان گا- لىستۇكنى سەن بەكلا ياقتۇرۇپ قالساڭ — مەن مۇنداقلا مىسال قىلىپ ئېيتىۋاتىمەن — ئۇ قانداق قىلىدۇ بىلەم- سەن ، ئۇ گالستۇكنى بوينىدىن ئېلىپ ساڭا بېرىۋې-

تىشىمۇ مۇمكىن. ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىدۇ. ئۇ گالىستۇكىنى سېنىڭ كارىۋىتىڭغا ياكى كۆزۈڭ چۈشىدىغان باشقا جايغا قويۇپ قويىدۇ. يەنى گالىستۇكىنى ئۇ ساڭا بېرىۋېتىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر بەلكىم...

— ئاناڭنى، — دېدى ئاركۋرايت، — ئەگەر مەنمۇ ئۇنىڭدەك پۇلدار بولغان بولسام شۇنداق قىلغان بولاتتىم.

— ياق، سەن ئۇنداق قىلمايسەن، — مەن بېشىمنى چايقىدىم، — ياق، ئۇنداق قىلالمايسەن، ئاركۋرايت بالا. ئەگەر ئۇنىڭدەك پۇلۇڭ بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا سەن ئەڭ، ئەڭ چوڭ...

— ئاناڭنى، مېنى ئۇنداق بالا دېمە. مەن ساڭا دادا بولغىدەك چوڭ ئادەممەن.

— ماڭا دادا بولالمايسەن، — ھەي، بەزىدە ئۇ بەكمۇ ئادەمنىڭ جىنىغا تېگەتتى. يېشىمىزدىكى پەرقنى ماڭا ئەسلىتىپ قويۇش پۇرسىتىنى زادىلا قولدىن بەرمەيتتى، — سەن لاتىنى مەن ھەرگىزمۇ بوسۇغامغا يېقىن يولاتمايمەن.

— مېنى ھەدېسە...

تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ ستراسلېتا ناھايىتى ئالدىراش پالاقلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەمىشە ئالدىراپلا يۈرەتتى، ئۇنىڭ نەزەرىدە ھەممىلا ئىش ناھايىتى قالتىس ھېسابلىناتتى. ئۇ كەلگەنچە كېلىپ خۇددى چاقچاقلاشقاندەك ئىككى مەڭزىمگە ئىككى شاپىلاق سالدى — بۇنداق قىلىققا بەزىدە ئادەم يا كۈلۈشىنى، يا يىغلىشىنى بىلەلمەيتتى.

— ئاڭلاپ تۇر، — دېدى ئۇ، بۈگۈن ئاخشام سىرتقا چىقامسەن؟

— بىلمەيمەن. چىقىشىم مۇمكىن. ئاناڭنى، نېمە، سىرتتا قار يېغىۋاتامدۇ؟ — ئۇنىڭ پەلتۇسى قار بولۇپ كەتكەنىدى.

— ھەئە. قۇلاق سال، سەن ھېچ يەرگە بارمايدىغان بولساڭ ھېلىقى ئىت چىشىدەك يوللۇق سوكنا پەلتويۇڭنى ماڭا بېرىپ تۇرامسەن؟

— كىم يەڭدى؟ — دېدىم مەن.

— يېرىم مەيدانلا كۆرۈپ ئاخىرىنى كۆرمىدىم، — دېدى سترادلېتا، — چاقچاق قىلماي جاۋاب بەر، ئاخشاملىققا ھېلىقى يوللۇق سوكنا پەلتويۇڭنى كىيەمسەن، يوق؟ مېنىڭ كۆل رەڭ. فرانسىيە رەختىدىن تىكىلگەن پەلتويۇم رەسۋا بولۇپ كەتتى.

— كىيىشىنغۇ كىيمەيمەن، سېنى ئۇنىڭ ماردىسىنى يوغىنىتىۋېتەرمىكىن، دەيمەن، — دېدىم مەن. ئىككىمىزنىڭ بويى ئانچە پەرقلەنمەيتتى. لېكىن ئۇ مەندىن بىر ھەسسە ئېغىر بولغاچقا يەلكە ـ مۈرىسى كەڭ، يوغانىدى.

— يوغىنىتىۋەتمەيمەن، — ئۇ ئىتتىك ئىشكاپىغا قاراپ ماڭدى، — ئاركۋرايىت، ياخشىمۇ سەن بالىخان، — دېدى ئۇ ئاركۋرايىتقا. ئۇ بەك چىقىشقاق نېمە ئىدى، بەزىدە بۇ چىقىشقاقلىقىغا ساختىلىق ئارىلىشىپ كېتەتتى. بىراق ئاركۋرايىتنى كۆرۈپ ھەرھالدا سالاملىشىپ قويدى.

ئۇ ياخشىمۇ سەن بالىخان دېگەندىلا ئاركۋرايىت ھىم دېگەندەك قىلىپ قويۇپ جاۋاب بەرمىدى. لېكىن ئۈن چىقىرىپ بىر نېمە دېيىشكە پېتىنالمىدى. ئۇ ماڭا:

— مەن ماڭاي، خەير ـ خوش، — دېدى.

— خوش، — دېدىم مەن. ئۇنىڭدەك ئادەملەر سىزدىن ئايرىلىپ ئۆز ئورنىغا كەتسە ئۇنىڭغا تارتىشىپ ئولتۇرمايسىز.

سترادلېتا پەلتويىنى سېلىپ گالىستۇكىنى ئېلىۋەتتى.

— مەن شارت ـ شۇرتلا قىلىپ ساقىلىمنى ئېلىۋېتەي، — دېدى ئۇ. ئۇ ھەقىقەتەن بەك ساقاللىق

ئىدى.

— قىز دوستۇڭ قېنى؟ — سورىدىم مەن.

— يانىدىكى ئۆيدە مېنى ساقلاۋاتىدۇ، — ئۇ
كۆڭلىكىنىمۇ كىيمەي يۈز يۇيۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەر
بىلەن لۆڭگىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ
قاۋۇل ئۇستىخان، چىرايلىق بەستىنى كۆز ـ كۆز قىلاي
دەمدىكىن، دائىم شۇنداق چىقىپ كېتىۋېرەتتى. ئىقرار-
مەنكى، ئۇ كاساپەتنىڭ تەن قۇرۇلۇشى ھەقىقەتەن قا-
ۋۇل، چىرايلىق ئىدى.

## 4

قىلىدىغان ئىشىم بولمىغاچقا، ئۇ ساقىلىنى ئال-
غۇچە پاراڭلىشىپ ئولتۇراي دەپ مەنمۇ يۇيۇنۇش ئۆيىگە
چىقتىم. مەكتەپ بويىچە ھەممە ئادەم توپ مۇسابىقىسى
كۆرۈۋاتقاچقا، بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم يوق،
ئۆي ناھايىتى ئىسسىق، دېرىزە ئەينەكلىرى ھوردىن
ھۆل بولۇپ كەتكەن. تامغا تاقاپ ئورنىدەك داس ئورنى-
تىلغانىدى. ستراد‌لېتا ئوتتۇردىكىسىنى ئىشلەتتى. مەن
ئۇنىڭ يېنىدىكى داسنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ سوغۇق سۇ
جۈمىكىنى ئېچىپ، ئېتىپ ئوينىدىم. بۇ مەندىكى كې-
سەللىككە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ھەۋەس ئىدى.
ستراد‌لېتا ساقىلىنى ئالغاچ «ھىندىستان مارشى» غا
ئىسقىرتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى ياخشى ئىدى، ئەمما ئاھاڭنى
زادىلا توغرا ئالالمايتتى. شۇ ھالىغا ئىسقىرتىشقا ئۇستا
ئادەملەرمۇ ئاسانلىقچە توغرا ئىسقىرتالمايدىغان
ئاھاڭلارنى، مەسىلەن، «ھىندىستان مارشى»، «10 —
يولدىكى قىرغىنچىلىق» لارنى ئىسقىرتىپ، بىر ئوبدان
ناخشىنى بۆلەكچە بىرنېمىگە ئوخشىتىپ قوياتتى.

ئېسىڭىزدە بارمىكىنتاڭ، سىزگە ئاركۇرايىتنى
بەكمۇ مەينەت دېگەنىدىم. ستراد‌لېتامۇ ئۇنىڭدىن قې-

لىشمايتتى ، پەقەت شەكىل جەھەتتىنلا ئوخشمايتتى . سترادلېتا ئاسان كۆزگە چۈشمەيدىغان مەينەت بولۇپ ، تاشقى قىياپىتى ناھايىتى رەتلىك ، پاكىز ئىدى . ئەممازە ، ئالايلۇق ، ئۇنىڭ ساقال ئېلىش پىچىقى داتلاشقان ، سوپۇن ، ساقال چاپلاشقان ھالەتتە ئىدى . ئۇنى زادىلا پاكىز تازىلاپ قويمايتتى . ئىشلىتىپ بولۇپلا تاشلاپ قوياتتى ، ئۆزى بولسا ياسىنىپ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى . ئۇنى ئوبدان چۈشىنىدىغان مەندەك ئادەملا ئۇنىڭ مەينەت تەرەپلىرىمۇ بارلىقىنى بىلەتتى . ئۇ ئۆزىنى تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا ، ساقال - بۇرۇتىنى پات - پات ئېلىپ ، چىرايلىق كىيىنىپ ئېسىل يۈرەتتى . ئۇ ئۆزىنى غەربىي يېرىم شاردىكى ئەڭ قاملاشقان ئەر ھېسابلايتتى . دېمىسىمۇ ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى كېلىشكەن . بۇ تەرىپىگە كۆز يۇممايمەن . ئەگەر ئاتا - ئانىڭىز ئۇنىڭ سۈرىتىنى « يىللار » ژۇرنىلىدا كۆرۈپ قالسا ، دەرھال « بۇ بالا كىمدۇر ؟ » دەيدىغانلار تېپىدىكىلەردىن . دېمەكچى بولغىنىم ئۇ « يىللار » ژۇرنىلىغا چىقىدىغان كېلىشكەن ئەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ . پانىسى ئوتتۇرا مەكتىپىدە مەن سترادلېتادىنمۇ چىرايلىق ئەرلەرنى كۆردۈم . بىراق ئۇلارنىڭ سۈرىتىنى « يىللار » ژۇرنىلىدا كۆرىدىغان بولسىڭىز ، سىزگە ئۇنچە چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ . سەۋەب بىرىنىڭ بۇرنى يالغان بولسا ، يەنە بىرى سالپاڭ قۇلاق . مېنىڭدە مۇشۇنداق تەجرىبە بار .

مەن سترادلېتانىڭ يېنىدا جۈمەكنى ئېچىپ ، ئېتىپ ئوينىغاچ ئۇنىڭ ساقال ئېلىشىغا قاراپ ئولتۇردۇم . بېشىمدا چېكىلىكى كەينىگە قىلىنغان ھېلىقى شەپكەم . بۇ شەپكە ماڭا بەك ياقىدۇ .

— ھەي ، ماڭا بىر ياردەملىشىۋەتسەڭچۇ ، — دېدى سترادلېتا .

— نېمە ئىش ، — دېدىم مەن خۇشياقمىغان تەرزدە . ئۇ دائىم باشقىلارغا شۇنداق دەيتتى . كېلىشكەن

نىملەر ئۆزلىرىنىڭ چىرايىغا ئىشىنەمدۇ ياكى ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلامدۇ ، ھەمىشە خەقتىن ياردەملىشىشنى تەلەپ قىلاتتى . ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرگەچكە ، باشقىلارمۇ بىزنى شۇنداق ياخشى كۆرىدۇ ، بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ ، دەيدىغان ئوخشايدۇ . تازا بىر گەپتە بۇ .

— ئاخشاملىققا سىرتقا چىقامسەن ؟

— بىلمەيمەن ، چىقىشىممۇ ، چىقماسلىقىممۇ مۇمكىن .

— مەن دۈشەنبە كۈنى ئۆتۈلىدىغان تارىخ دەرسىگە تەييارلىق قىلمىسام بولمايدۇ . يۈز بەتتەك كىتاب كۆرىمەن ، — دېدى ئۇ ، — بىرەر ماقالە يېزىپ بېرەلەرسەنمۇ ، ئىنگلىزچىدىن بىر ئۆتۈۋالاي . دۈشەنبە كۈنى ئەگەر ئۇ نەس باسقان ماقالىنى تاپشۇرمايدىغان بولسام ئىشىم چاتاق . شۇڭا سەندىن ياردەم سوراۋاتىمەن . ماقۇل بولامسەن ؟

بۇ ئۇستاتلىقنى قاراڭ ، ھەقىقەتەنمۇ بىر ئۇستاتلىق .

— مەن ، مەن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي بۇ مەكتەپتىن قوغلىنىۋاتسام ، سەن تېخى مەندىن ماقالە يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتامسەن ؟

— بۇنى بىلىمەن . لېكىن ، مەن بۇ ماقالىنى تاپشۇرمىسام ئىشىم ، بەك — بەك چاتاق بولىدۇ . ئۇنداق قىلماي دوستلۇققا بىر يارىغىنا .

مەن دەرھال جاۋاب بەرمىدىم . ئۇنىڭدەك ھارامزادىگە ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئىدى .

— قايسى تېمىدا يازىمەن ؟

— قايسىلا تېمىدا يازساڭ مەيلى ، تەسۋىرلەش خاراكتېرلىك بولسىلا بولىدۇ . بىر ئېغىز ئۆي ، بىر يۈرۈش ئۆي ياكى ئۆزۈڭ تۇرغان جاي بولامدۇ ، ئىشقى-

لىپ ئاناڭنى، تەسۋىرلەپ يازساڭلا بولىدۇ. — ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئېڭىكى چۇشۇپ قالغۇدەك قاتتىق ئەسنىدى. بۇنداق ئىشلاردىن ئەرۋايىم ئۇچاتتى. دېمەكچى بولغىنىم، ئەگەر بىرى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي مەندىن ياردەم سوراۋېتىپ ئەسنىسە جېنىم چىقىدۇ، — بەك ياخشى يېزىۋەتمە، ھېلىقى جالاپىنىڭ بالىسى خازىل سېنى ئىنگلىزچىگە بەك ئۇستا دەپ قارايدۇ. مېنىڭ سەن بىلەن بىر ياتاقتا تۇرىدىغانلىقىمنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا، پەش، چېكىتلىرىڭچە توغرىلىۋەتمىسەڭمۇ بولىدۇ.

بۇ مېنىڭ بېشىمنى ئاغرىتىدىغان ئىشلارنىڭ يەنە بىرى ئىدى. يەنى مەن ماقالىنى قانداق ياخشى يېزىشنى ئويلىشىۋاتسام خەقلەر پەش، چېكىتنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتى. سترادلېتانىڭ قىلىدىغىنى مۇشۇنداقلا ئىش. ئۇ سىزنى پەش - چېكىتنى توغرا قويمىغاچقىلا ماقالىسى ياخشى چىقمىغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى. بۇ جەھەتتە ئۇ ئاكۋرايتقا ئازراق ئوخشاپ كېتەتتى. بىر قېتىم مەن ئاركۋرايتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى كۆردۈم. بىزنىڭ كوماندىدا گارغا توپ تاشلاشقا بەكمۇ ئۇستا خۇئوۋېي كوۋېل دېگەن بىرى بار ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا مەيداندا گارغا توپ تاشلايتتى، ئاتقان توپى زايا كەتمەي ھەتتا گارنىڭ ياغىچى ياكى تور چەمبىرىلىرىگىمۇ تەگمەي كىرىپ كېتەتتى. پۈتكۈل مۇسابىقە جەريانىدا ئاركۋرايى كوۋېلنىڭ تەن قۇرۇلۇشى ۋاسكېتبول ئويناشقا تازالايىق ئىكەن دېگەن گەپنى تولا قىلدى. يا ھەزرەت، مۇشۇنىڭدەك لاۋزا گەپلەردىن بەكمۇ بىزارمەن.

مەن ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكتىم. ئۆزۈمچە ئىلھامىم كېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ كەتتىم. ئەمەلىيەتتە مەن ئۇسسۇلنى ئوبدان ئوينىيالمايتتىم، لېكىن كۆڭۈل خۇش قىلاتتىم. يۇيۇنۇش ئۆيىنىڭ ئاستى چاقچۇق، سىلىق

بولغاچقا ، ئۇسسۇلغا بەك لايىق كېلەتتى . مەن ئوپېرا خاراكتېرلىك بىر فىلىمدىكى بىرىنى دوراپ ئوينىدىم . كىنوغا خۇددى زەھەرلىك دورىغا ئۆچ بولغاندەك ئۆچ ئىدىم ، ئەمما كىنودىكى ھەرىكەتلەرنى دوراشقا خۇشتار ئىدىم . سترادلېتا ساقال ئېلىۋېتىپ ئەينەكتىن مېنىڭ ھەرىكەتلىرىمنى كۆرۈپ تۇراتتى . مەنمۇ تاماشىبىنغا موھتاج ئىدىم . خەقلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى كۆرسىتىشكە ئامراق ئىدىم . « مەن شتات باشلىقى مۇتتەھەمنىڭ ئوغلىنى بىلىمەن » دېدىم . پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلىپ ئۇسسۇل ئويناپ ھېرىپ كەتتىم : « دادام مېنى ئۇسسۇل ئويناتقۇزمايدۇ ، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغىن دەيدۇ . ئەمما ئۇسسۇل مېنىڭ جېنىم » سترادلېتا كۈلۈپ كەتتى . ئۇنىڭدا يۇمۇرستىك تۇيغۇ ئوبدانلا بار ئىدى . « بۈگۈن ئاخشام ساترىك تىياتىر قويۇلىدۇ . » ئەسلىدىنلا دېمىم سىقاتتى ، ھازىر نەپەس ئالالمايلا قالدىم . « ئۇسسۇل يېتەكچىسى ، غەرق مەست بوپقاپتۇ ، سەھنىگە چىقالمايدىكەن . ئۇنىڭ ئورنىغا كىم چىقىدۇ ؟ مەن ، مەنلا چىقىمەن ، پېشقەدەم شتات باشلىقىنىڭ ئوغلى چىقىدۇ . »

— بۇ شەپكىنى نەدىن تاپتىڭ ، — دېدى سترادلېتا . ئوۋچىلار كىيىدىغان بۇ شەپكەمنى ئۇ تېخى كۆرمىگەنىدى .

نەپىسىم بەك قىسىلىپ كەتكەچكە ئويۇننى توختاتتىم . شەپكەمنى قولۇمغا ئېلىپ ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك قاراپ كەتتىم .

— بۈگۈن ئەتىگەن نيۇ - يوركتىن بىر كويغا سېتىۋالدىم . ساڭا ياقتىمۇ ؟

سترادلېيا بېشىنى لىڭشىتتى :

— ناھايىتى چىرايلىقكەن ، — دېدى . لېكىن ئارقىدىنلا قىلغان سۆزىدىن كۆڭلۈم ئۇچۇنلا شۇنداق دەپ قويغانلىقىنى بىلىۋالدىم ، — ھەي ، ماڭا زادى ماقالە

يېزىپ بېرەمسەن ، يوق ، بىر بىلىپ قالاي .

— ئەگەر ۋاقتىم چىقسا يېزىپ بېرىمەن ، ۋاقتىم چىقماي قالسا يېزىپ بېرەلمەيمەن ، — مەن بېرىپ ئۇنىڭ يېنىدىكى داسىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇردۇم ، — ئۇ چىرىشىدىغان قىز دوستۇڭ كىم ، فىتگىرادمو ؟

— يوق گەپنى قىلمىغىنا ، ئۇ ئەمەس ! ئۇ مىكىجىن بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدۇم دەپ ساڭا ئېيتقانغۇ ؟

— راستىمۇ ، ئۇنداق بولسا ئۇنى ماڭا بېرىۋەت . چاقچاق ئەمەس ، ئۇ ماڭا تازا ماس كېلىدۇ .

— ساڭا بېرىۋەتتىم . . . ئۇ ساڭا چوڭراق كېپىقالارمىكىن .

ھېچ بىر ئالاھىدە سەۋەب بولمىسىمۇ ، تۇساتتىن ئۇنىڭغا ئۆزۈمچە « بانارسون » چە چاقچاق قىلغۇم كېپىقالدى . « بانارسۇن » چە دېگەننىڭ مەنىسىنى بىلمىسىڭىز كېرەك . بۇ چېلىششىنىڭ بىر خىل ئاتىلىشى . بۇنىڭدا باش بىلەك ئارىسىغا ئېلىنىدۇ . زۆرلۈر تېپىلسا شۇ تۇتقانچە بوغۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، مەن ئامېرىكا يىلپىزىدەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ گېلىنى بېلىكىم بىلەنلا قىستىم .

— ۋاي ئاللا ، قويۇۋەت ، خولتون ! — دېدى ستىرادلېتا ، — ئۇ ساقال ئېلىۋاتقاچقا مەن بىلەن ئوينىشىش خىيالى يوق ئىدى ، — نېمە قىلاي دەيسەن ، بوينۇمنى ئۈزۈۋەتمەكچىمۇ سەن ؟

قولۇمنى بوشاتماي ئۇنىڭ بوينىنى تېخىمۇ چىڭ قىستىم .

— قېنى ، كۈچۈڭ بولسا ئامبۇردەك قىسماقلىرىمدىن بوشىنىپ چىق .

— يائاللا ، — ئۇ ساقال ئېلىش پىچىقىنى قويدى . قوللىرىنى كىرىپ بىرلا تارتىپ قولۇمدىن بوشىنىۋالدى . ئۇ كۈچلۈك ، بەستلىك ، مەن بولسام ۋىجىك ، ئاجىز ئىدىم ، — ھەي ، ئۆزۈڭنى چاغلاپراق ئىش

قىل ، — ئۇ ساقىلىنىڭ چالىسىنى ئالدى . ئۇ چىرايلىق بولىمەن دەپ ئىنتايىن مەينەت ساقال ئېلىش پىچىقىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئالاتتى .

— ئۇچىرىشىدىغان قىزىڭ فىتگىراد بولمىسا ئە-مىسە كىم ؟ — مەن ئۇنىڭ يېنىدىكى داس گىرۋىكىدە ئولتۇردۇم ، — فىلىز سىمىتنا خېنىممۇ ، ئەمەس ؟

— ئەمەس ، ئەسلى شۇ بولۇشى كېرەك ئىدى . كېيىن نېمە بولدى بىلمىدىم ، جىمى ئىش بۇزۇلۇپ كەتتى . ھازىر بۇدىسا بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىدىغان ھې-لىقى . . . ھەي ، ئىسمىنى تاپالمىغىلى تاس قالدىما ، ئۇ سېنى تونۇيدىكەن .

— مېنى تونۇيدىغان كىمكەن ئۇ ؟

— مەن ئۇچرىشىدىغان قىزچۇ .

— شۇنداقمۇ ، — دەپ سورىدىم ۋە قىزىقىپ قالدىم ، ـ ئۇنىڭ ئىسمى نېمىكەن .

— قېنى ئويلاپ باقاي ،. . . ھە راست ، جوئان گاللاگ .

ئۇ شۇنداق دېۋىدى ، ئولتۇرغان جايىمدىن يە-قىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدىم .

— جېن گاللاگ دېگىن ، — ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئورنۇمدىن تۇرغانىدىم ، داسىنىڭ گىرۋىكىدىن يەرگە يىقىلغىلى تاسلا قالدىم ، — ئاناڭنى ، راست دەيسەن ، مەن ئۇنى تونۇيمەن . ئالدىنقى يازدا ئۇ ئائىلە-مىزگە يېقىنلا ئۆيدە تۇرغان . ئۇلار دۆبېرمانىنىڭ نەسلى-لىك ئىتىدىن بىرنى باققان . مەن شۇ ئىت تۈپەيلى ئۇ-نىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغان . چۈنكى ئۇنىڭ ئىتى دائىم بىزنىڭ . . .

— ئەستاغپۇرۇللا خولتون ، يورۇقنى توسۇۋال-دىڭ . ئا تەرەپتىرەك تۇرساڭ بولمامدۇ زادى ؟ — دېدى ستىرادلېتا .

ھەي ، شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتىم . راستلا

خۇشال بولدۇم .

— ئۇ قەيەردە ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قويىمى-سام بولمايدۇ . ئۇ قەيەردە ، ياندىكى ياتاقتا دېدىڭغۇ دەيمەن ؟

— توغرا ئېيتتىڭ .

— ئۇ قانداقلارچە مېنىڭ گېپىمنى قىلغاندۇ ، ئۇ هازىر M • B دىمىكەن ؟ ئۇ شۇ يەردە ئوقۇشۇم مۇمكىن ، دېگەن . بىراق ئۇ سپىلېدە ئوقۇپ قىلىشىمۇ مۇمكىن دېگەن . شۇڭا مەن ئۇنى سپىلېدە دەپ ئويلاپتىمەن . ئۇ قانداق بولۇپ مېنى تىلغا ئالدى ؟ — مەن بەك ، بەك خۇشال بولدۇم .

— بىلمىدىم ، يائاللا . ئورنۇڭدىن تۇرساڭچۇ ، لۆڭگەمدە ئولتۇرۇۋالدىڭ ، — دېدى ستىرادلېتا . مەن راستتىنلا ئۇنىڭ لۆڭگىسىدە ئولتۇرۇۋاپتىمەن .

— جېن گاللاگ ، — دېدىم مەن ، — توۋا ، — بۇ ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ .

ستىرادلېتا چېچىغا مېنىڭ چاچ مېيىمنى سۈرتتى .

— ئۇ ئۇسسۇلچى ، بالت ئوينايدۇ ، قانداق . ئۇ چاغلاردا يازنىڭ تومۇز ئىسسىق كۈنلىرى ئىدى . شۇ-نىڭغا قارىماي ئۇ هەر كۈنى ئىككى سائەتتىن ئۈزۈلدۈر-مەي مەشىق قىلاتتى . ئۇ يوتىلىرىنىڭ يوغىناپ كۆرۈم-سىز بولۇپ قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى . مەن دائىم ئۇنىڭ بىلەن شاهمات ئوينايتتىم .

— سەن دائىم ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئوينايتتىم دېدىڭا ؟

— شاهمات .

— شاهمات دېگىن ، توۋا !

— توغرا ، ئۇ شاهنى پەقەت ماڭمايتتى . ئۇنىڭدا شاه بولسىمۇ ماڭغىلى ئۇنىمايتتى . ئۇنى ئەڭ كەينىدىكى قاتارغا ئاپىرىپ قويۇپ ئىشلەتمەيتتى . ئۇنىڭ شۇ يەر-دىلا تۇرۇشىنى ياخشى كۆرەتتى .

بۇنداق ئىشلار ئادەتتە ئادەمنى قىزىقتۇرالمايتتى. شۇڭلاشقىمىكىن ستىرادلېتا گەپ ـ سۆز قىلمىدى.

— ئۇنىڭ ئاپىسى بىز بىلەن بىر كۇلۇبتا ئىدى. مەن تاپان ھەققى تېپىش ئۈچۈنلا بەزىدە توپ يىغىپ بېرەتتىم. ئۇنىڭ ئاپىسىغىمۇ بىر ـ ئىككى قېتىم توپ ئەكىلىپ بەردىم. ئۇ ئايال توققۇزدەك تۆشۈككە توپ كىرگۈزۈپ 170 دەك نومۇر ئالغان.

ستىرادلېتا گەپلىرىگە قۇلاق سالماي چىرايلىق چاچلىرىنى تاراپ ياساش بىلەنلا بولدى.

— مەن بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشۈپ قوياي.

— ئەمىسە نېمىشقا بارمايسەن؟

— ھازىرلا بارىمەن.

ئۇ چېچىنى قايتىدىن تاراشقا كىرىشتى. ئۇ ئاشۇ تەرىقىدە چېچىنى سائەتلەپ تارايتتى.

— ئۇنىڭ ئاپىسى دادىسىدىن ئاجرىشىپ بىر ھاراقكەش بىلەن توي قىلغان، — دېدىم. — ئۇ ھاراقكەش ياغاچتەك ئورۇق، پۇتلىرى مايمۇندەك يۇڭلۇق نېمە ئىدى. ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ. ئۇ دائىم كۇسار بىلەن يۈرەتتى. جېن ئۇنى دراماتورگ دېگەندەك قىلغان. لېكىن مەن ئۇنىڭ كۆن بويى ھاراق ئىچىپ، رادىئودىن رازۋېدكا خەۋەرلىرىنىلا ئاڭلاپ يۈرگىنىنى كۆرەتتىم. ئۇ ئاناڭنى جېن قېشىدا بولسىمۇ خىجىل بولماي كۇسارچانلا (يالىڭاچ دېگۈدەك) ئۆيمۇ ـ ئۆي ئايلىنىپ يۈرەتتى.

— شۇنداقتىمۇ؟ — دېدى ستىرادلېتا. ئۇ بەك شەھۋەتخور نېمە بولغاچقا ھاراقكەشنىڭ جېن تۇرسىمۇ كۇسارچانلا ئۆيمۇ ـ ئۆي يۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى قىزىقتى.

— چاقچاق قىلغىنىم ئەمەس، جېننىڭ بالىلىق ۋاقتى بەكمۇ جاپادا ئۆتكەن.

سترادلېتا بۇنىڭغا قىزىقمىدى. ئۇ پەقەت شەھۋانىي نەرسىلەرگىلا قىزىقاتتى.

— پەرۋەردىگارىم، جېن گاللاگ دېگىن، — مەن ئۇنتۇمىغانىدىم، — ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قوياي.

— ئاناڭنى، بۇ يەردە ۋالاقلاۋەرگۈچە بېرىپ كۆرۈشسەڭلا بولمىدىمۇ؟ — دېدى سترادلېتا.

دېرىزە ئالدىغا كەلدىم. ئۆي ئىنتايىن ئىسسىپ، پارلىنىپ كەتكەن، ئەينەكلەرمۇ پارلانغان بولغاچقا، سىرتتىكى ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدىم.

— كەيپىم تازا ياخشى ئەمەس، — دېدىم مەن، — راستلا كەيپىم ئوسال ئىدى. كۆرۈشۈشكە ئادەمنىڭ كەيپى جايىدا بولمىسا تازا قاملاشمايتتى، — مەن ئۇنى سپىلېدە دەپلا يۈرۈپتىمەن. راست دەيمەن، — مەن تېڭىرقاپ بىردەم ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا ماڭدىم، — بۇ مۇسابىقىنى كۆرسەم دەمدىكەن.

— ھەئە، مېنىڭچە كۆرسەم دەيدىغۇ دەيمەن. مەن بىلمەيمەن.

— ئۇ ساڭا ئىككىمىزنىڭ دائىم شاھمات ئوينايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىمۇ؟

— يائاللا، ئۇقمىدىم. مەن ئۇنى تېخى يېڭىلا ئۇچراتتىم، — دېدى سترادلېتا، ئۇ چاچلىرىنى تاراپ بولۇپ، ئىنتايىن مەينەت تاغاق، ساقال ئالغان پىچىقىنى يىغىشتۇردى.

— گېپىمگە قۇلاق سال، ئۇنىڭغا مەندىن سالام ئېيتىپ قويغىن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — دېدى سترادلېتا، لېكىن ئۇنىڭ سالامىمنى يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. چۈنكى ئۇنىڭدەك ئادەملەر بىرىنىڭ سالىمىنى يەنە بىرىگە يەتكۈزمەيتتى.

ئۇ ياتاققا چىقىپ كەتتى. لېكىن مەن يۇيۇنۇش

ئۆيدە قېلىپ جېننى ئويلىدىم. كېيىن مەنمۇ قايتىپ چىققتىم.

مەن كىرگەندە ستىرادلېتا ئەينەككە قاراپ گالستۇك تاقاۋاتاتتى. ئاناكىنى، ئۇ كاساپەتنىڭ كۆپ ۋاقتى ئەينەك ئالدىدا ئۆتەتتى. ئورۇندۇقۇمدا ئولتۇ-رۇپ، بىرپەس ئۇنىڭغا سەپسالدىم.

— ھەي، مېنىڭ مەكتەپتىن ھەيدەلگەنلىكىمنى ئۇنىڭغا دېمە جۇمۇ؟ — دېدىم.

— ماقۇل.

ئۇنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرى ياخشى ئىدى. ئاركۇرايتقا ئوخشمايدىغىنى شۇكى، بەزى كىچىك ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۆزلەش كەت-مەيتتى. مېنىڭچە بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇنىڭ بىر ئىشلارغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغانلىقى بولسا كېرەك. ھەقىقىي سەۋەب چوقۇم شۇ. ئاركۇرايت ئۇنداق ئەمەس ئىدى، ئۇ مۇتتەھەم ھەممىلا ئىشقا چات كىرىۋالاتتى.

ئۇ مېنىڭ ئىت چىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يوللۇق سوكنا پەلتويۇمنى كىيدى.

— مەن ئۇنى ئارانلا ئىككى قېتىم كىيدىم، سەن چىڭقاپ كىيىپ يوغىنىتىۋەتمىگىن جۇمۇ، — دېدىم مەن.

— ئۇنداق بولمايدۇ، ئاناكىنى، سىگارتىمنى قەيەردە قويغاندىمەن؟

— ئۈستىلىڭدە، شارپاكىنىڭ ئاستىدا تۇرىدۇ. سەن ھەمىشە نەرسىلىرىڭنى قويغان يېرىڭنى بىلمەي-سەن، — ئۇ سىگارتنى ئېلىپ پەلتونىڭ (مېنىڭ پەلتو-يۇمنىڭ) يانچۇقىغا سالدى.

توساتتىن شەپكەمنىڭ چېكىلىكىنى ئالدىمغا قىلدىم. ئۆزۈمچىلا جىددىيلىشىپ كەتتىم. مېنىڭ شۇنداق مىجەزىم بار ئىدى.

— قېنى دېگىنە، قىز دوستۇڭنى قەيەرگە ئاپى-

رىدىغان بولدۇڭ ؟ بىر قارارغا كەلدىڭمۇ ؟
— تېخى بىلمىدىم ، ئۆلگۈرەلىسەك نيۇ ـ يوركقا بېرىشىمىز مۇمكىن . ئۇنىڭ سىرتتا يۈرۈش ۋاقتى ئاران سائەت توققۇز يېرىمغىچىكەن ، يائاللا .
ئۇنىڭ سۆز قىلىش تەلەپپۇزىنى ياقتۇرمايتتىم . شۇڭا مۇنداق دېدىم :
— ئۇ سېنىڭ نەقەدەر كېلىشكەن ، جەلپكار هارامزادە ئىكەنلىكىڭنى ئۇقماي توققۇز يېرىمغىچە ۋاقىت چىقىرالايمەن دەپتۇ . ئەگەر بىلگەن بولسا بەلكىم ئەتە ئەتىگەن سائەت توققۇز يېرىمغىچە بىللە بولغان بولار ئىدى .
— توغرا ئېيتتىڭ ، — دېدى ئۇ ، — بەك هاكاۋۇر بولغاچقا ، ئۇنى تېرىكتۈرۈش ئاسان ئەمەس ئىدى ، — سەن چاقچاقنى قويۇپ ماڭا ماقالىنى يېزىپ بەر ، — ئۇ كېيىنىپ بولۇپ مېڭىشقا هازىرلاندى ، — بەك كۈچەپ كەتمەي نامداماقالە قىلساڭمۇ بولىدۇ ، ماقۇلمۇ ؟
جاۋاب بەرگىم كەلمەي گەپ قىلمىدىم . كېيىن :
— ئۇنىڭدىن شاهمات ئويۇنىغاندا راستلا شاهنى ئەڭ كەينىدىكى قاتارغا قويۇپ قويامسىز ، قانداق دەپ سوراپ باققىن .
— ماقۇل ، — دېدى ئۇ . لېكىن ئۇنداق سورىمايدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى ، — خاتىرجەم بول ، — ئۇ ئىشىكنى جالاققىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى .
ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يېرىم سائەتتەك ئولتۇردۇم . مەن ئۆزۈمنىڭ ئورۇندۇقىدا هېچ ئىش قىلماي ئولتۇردۇم . خىيالىم جېنىدا ، سترادلېتانىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولىدىغان ئۇچرىشىشىدا بولۇپ ، بىئارام ، پەرىشانلىقتا سارالڭ بولايلا دېدىم . نېمىشقا دېسىڭىز ، بايا سىزگە ستراتلېتانىڭ نەقەدەر شەهۋەتخور هارامىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم .

بىر چاغدا ئاركۋرايت يەنە ئادەتتىكىگە ئوخشاش يۇيۇنۇش ئۆيىنىڭ مىلەڭزىسىنى قايرىپ كىرىپ كەلدى. نەسىلىك بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈمدە مەن تۇنجى قېتىم ئۇنى كۆرۈپ چىن كۆڭلۈمدىن خۇشال بولدۇم. چۈنكى ئۇ خىيالىمنى باشقا ئىشقا بۇرىۋەتتى.

ئۇ كەچلىك تاماق ۋاقتىغىچە ئولتۇرۇپ، پانسىدىكى ئۆزى ئۆچ جىمى ئادەمنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردى. بىر ياقتىن توختىماي يۈزىدىكى دانىخورەكلەرنى سىقىپ سۈيىنى چىقاردى. قولياغلىقىمۇ ئىشلەتمىدى. مەن ھەتتا بۇ ھارامزادىنىڭ ياغلىقى بار دەپمۇ قارىمايمەن. بۇنىسى راست. سەۋەب، ئۇنىڭ قولياغلىق تۇتقىنىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىدىم.

# 5

پانسىدا بىز ھەر شەنبە ئاخشىمى ئوخشاش بىر خىل تاماقنى، يەنى ئېسىل تائام ھېسابلىنىدىغان كالا گۆشى قورۇمىسىنى يەيتتۇق. مەن مىڭ دوللار تىكىپ باغلىشىمەنكى، يەكشەنبە كۈنى كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مەكتەپكە كېلىدىغان بولغاچقىلا شۇنداق بولاتتى. قېرى سۈيىمۇ بەلكىم ئوقۇغۇچىلار ئاتا ـ ئانىلىرى ئاخشام نېمە يېدىڭلار، دەپ سورىسا «كالا گۆشى قورۇمىسى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، دەپ قارىسا كېرەك. ماۋۇ ئالدامچىلىقنى كۆرۈڭ. كالا گۆشى قورۇمىسىنىڭ گۆشلىرى شۇنداق قاتتىقكى چاينىسا چىش ئەمەس، توغرىسا پىچاقمۇ ئۆتمەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن تېخى مونەك ـ چۆنەك، قاتتىق ياڭيۇلارنى بېرىدۇ. تاماقتىن كېيىنكى پېچىنە ئورنىغا ئالمىلىق بولكا ئۇۋاقلىرىدىن قىلىنغان بۇددىن بېرىشىدۇ. بۇنى تۆۋەن سىنىپنىڭ ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان شۇملىرى بىلەن ئاركۋرايتقا ئوخشاش ھەممىنى يالماپ يۇتىدىغان

ئاچكۆزلەردىن بۆلەك ھېچكىم يېمەيدۇ.

ئەمما تاماقخانىدىن چىقىپلا كەيپىمىز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. چۈنكى، قار خېلى قېلىن ياغقان، يەنە كېلىپ بوران قارلارنى ئۇچۇرۇپ قاينام ھاسىل قىلغان مەنزىرە تولىمۇ كۆركەم ئىدى. بىز قار ئېتىشىپ ئويناپ كەتتۇق. خۇددى كىچىك باللاردەك قوغلىشىپ، پومۇداقلىشىپ ئاجايىپ خۇشال ئوينىدۇق.

باشقا ئىشىم بولمىغاچقا، مەن چېنىقىش كوماندىسىدىكى دوستۇم ماربوروساد بىلەن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئېجىبسقا بېرىپ ھامبۇرگ كالا گۆشى يەپ، بىر مەيدان كىنو كۆرۈۋېتىپ كېلىشنى مەسلىھەتلەشتىم. ھېچقايسىمىز مەكتەپتە پۈتۈن ئاخشامنى ئۆتكۈزۈشنى خالىمايتتۇق. ماردىن ئاركۆرايتنىمۇ ئېلىۋالامدۇق، قانداق دەپ سورىدىم. بۇنى سورىشىمنىڭ سەۋەبى ئاركۆرايت شەنبە ئاخشاملىرى قىلىدىغان ھېچ ئىش بولمىغاچقا ياتاقتىن چىقماي دانىخورىكىنى سىقىپ ئولتۇراتتى. مار قىزغىن بولمىغان بولسىمۇ ھەرھالدا ئېلىپ بېرىشقا قوشۇلدى. ئۇمۇ ئاركۆرايتنى ئانچە ياقتۇرمايتتى. قانداقلا بولمىسۇن ھەرقايسىمىز ياتاققا قايتىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى يىغىشتۇردۇق. مەن ئۆتۈكۈمنى كىيگەچ ئاركۆرايتتىن كىنو كۆرگىلى بارامسەن دەپ سورىدىم. ئۇ دەررۇ جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ شۇنداق قىلىقى بار ئىدى. ئۇ يۇيۇنۇش ئۆيىدىن چىقىپ كىم بىلەن بارىدىغانلىقىمنى سورىدى. ئۇ ئاشۇنداق زىغىرلاپ سوراپ كېتەتتى. قەسەم ئىچىمەنكى، ئۇ بىرنېمە چۆكۈپ كېتىۋاتقان بىر كېمىدە بولسا، سىز ئۇنى ئاناڭنى باشقا بىر كىمگە ئېلىۋالماقچى، قۇتقۇزۇۋالماقچى بولسىڭىز، ئۇ قۇتقۇزۇش كېمىسىگە چىقىشتىن ئىلگىرى كېمىنى كىمنىڭ ھەيدەيدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرمەي قويمايدۇ. مەن ئۇنىڭغا مار بوروساد بىلەن بارىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

— ئۇ هارامىلىق . . . بوپتۇ باراي ، — ئۇ گويا مېنىڭ يۈزۈمنى قىلغان بىر تەلەپپۇزدا سۆزلىدى .

ئۇنىڭ جابدۇنۇپ چىقىشىغا ئۇزاق ۋاقىت كېتەتتى . مەن دېرىزىنى ئېچىپ قار پومزىكى قىلدىم . بۇنى قىلماق بەك ئاسان ھەم قىزىقارلىق ئىدى . مەن ئۇنى پەستە تۇرغان ماشىنىلارغا ئاتماقچى بولۇۋېدىم ، شۇنداق چىرايلىق ، ئاپئاق تۇرغان ماشىنىغا ئاتقىم كەلمەي بۇ نىيىتىمدىن ياندىم . مەن ، بوروساد ، ئاركۇرايت ئۈچىمىز ئاپتوبۇسقا چىقىدىغان چاغدا قولۇمدا قار پومزىكىدىن بىرى بار ئىدى . شوپۇر ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى تاشلىۋېتىشىمنى تەلەپ قىلدى . مەن بۇنى ئادەملەرگە ئاتمايمەن دېسەم ئىشەنمىدى . كىشىلەر گېپىڭىزگە زادىلا ئىشەنمەيدۇ .

ھازىر قويۇلۇۋاتقان كىنونى بوروساد بىلەن ئاركۇرايت كۆرگەنىكەن . شۇڭا بىز تاماق يەپ ، بىردەم توپ قاڭقىتىش ماشىنىسىدا توپ قاڭقىتىپ ئوينىغاندىن كېيىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ پانسىغا قايتىپ كەلدۇق . كىنو كۆرەلمىگىنىمگە ئەپسۇسلاندىم . كىنوغۇ كېلىپ گرانت باش رول ئالغان كومېدىيىلىك كىنودەك قىلىدۇ . ئىشقىلىپ شۇنىڭغا ئوخشاش نېمىلەر دەڭا . يەنە كېلىپ ئىلگىرى مەن ئاركۇرايت ، بوروسادلار بىلەن كىنومۇ كۆرگەن . ئۇلار ئادەتتىكى بىر ئىشلارغىمۇ ( كىنودىكى ) ساراڭلاردەك كۈلۈپ ئادەمنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرىدۇ . شۇڭا ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈشنىمۇ ئانچە خالاپ كەتمەيمەن .

ياتىقىمىزغا سائەت توققۇزغا چارەك قالغاندا كېلىپ بولدۇق . بوروساد قارت خۇمارى ئىدى . شۇڭا كېلىپلا قارت ئوينايدىغان ئادەم ئىزدەپ چىقىپ كەتتى . ئاركۇرايت مەن بىلەن قالدى . ئۇ سترادلېتانىڭ ئورۇندۇقىنىڭ يۆلەنچۈكىدە ئولتۇرماي يۈزىنى ياستۇقۇمغا چاپلاپ كارىۋىتىمدا يېتىۋالدى ـ دە ، يېقىمسىز ئاۋازدا

گۇدۇڭلاپ سۆزلەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يۈزىدىكى دانىخورەكنى مىجىپ سىقتى. خېلى ئىما — ئىشارەتلەرنى قىلىپمۇ ئۇنى چىقىرىۋېتەلمىدىم. ئۇ ھېلىقى يېقىمسىز ئاۋازدا قۇمدەك سۆزلەپ، بۇ يىل يازدا قانداق قىلىپ بىر قىز بىلەن ھېلىقىدەك مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئىشنى ماڭا يۈز قېتىمدەك ئېيتتى. لېكىن بىر قېتىمقى سۆزلىگىنى بىلەن يەنە بىر قېتىمقىسى ئوخشىمايتتى. ئۇ بىردەم بۇ ئىشنى نەۋرە ئاكامىنىڭ ماشىنىسى ئىچىدە قىلدۇق، دېسە، بىردەمدە يەنە دېڭىز ساھىلىدىكى تاختاي يولنىڭ ئاستىدا قىلدۇق دەيتتى. تەبىئىيكى، ھەممىسىلا قۇرۇق گەپ. قارىشىمچە ئۇ سېپى ئۆزىدىن پاك، بولغانمىغان بالا بولۇپ، ئايال زاتىنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتقانلىقىدىنمۇ گۇمانىم بار. مەن ئاخىر بولالماي توغرىدىن — توغرا سترادلېتاغا ماقالە يېزىپ بېرىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ پىكرىمنى يىغىپ ماقالە يېزىشىم ئۈچۈن ياخشىسى چىقىپ كەتكىن دېدىم. ئۇ ئادەتتىكىدەك ئەزمىسىنى ئېزىپ، مىسلداپ مىڭ تەسلىكتە چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ، ھېلىقى شەپكەمنى كىيىپ، يېزىشقا كىرىشتىم.

سترادلېتا ئېيتقاندەك تەسۋىرلەي دېسەم خىيالىمغا ھۇجرا، ئۆي، ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھېچقانداق نەرسە كەلمىدى. مەن ئەزەلدىن ئۆي تەسۋىرىگە قىزىقمايدىغان بولغاچقا، ئىنىم ئايرىنىڭ قورغان توپ پەلىيىنى تەسۋىرلىدىم. بۇ تېمىنى تەسۋىرلەش ئاسان ئىدى. ھەقىقەتەن ئاسان ئىدى. ئىنىم سول قولىدا توپ ئالىدىغان ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ پەلىيىنىڭ بارماقلىرى ۋە بارماق ئارىلىقلىرىغا شېئىر يېزىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ تېمىنى تەسۋىرلىگەندە تولىمۇ تەسىرلىك چىقاتتى. ئۇ شېئىرلارنى مەيدانغا توپ ئېتىپ بېرىدىغان ئادەم بولمىغاندا ئوقۇشنى مەقسەت قىلىپ يېزىۋالغانىدى. ئەمما ئۇ

ئۆلۈپ كەتتى . بىز مايىندىكى چاغدا ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ، 1946 ــ يىلى 7 ــ ئاينىڭ 28 ــ كۈنى ئۆلۈپ كەتتى . كۆرسىڭىز ئۇنى چوقۇم ياقتۇرۇپ قالاتتىڭىز . ئۇ مەندىن ئىككى ياشلا كىچىك ، ئەمما مەندىن چەندان ئەقىللىق ، ئىنتايىن زېرەك ئىدى . ئوقۇتقۇچىلىرى دائىم ئاپامغا سىنىپىمدا ئۇنىڭدەك ئوقۇغۇچىنىڭ بولغانلىقىدىن شۇنچىلىك خۇشال ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ خەتلەر يازاتتى . ئۇلار ھەرگىز ئاغزىغا كەلگەننى دېمەي ، چىن يۈرىكىدىكى گەپلەرنى ئېيتاتتى . ئۇ ئائىلىمىز بويىچە ئەڭ ئەقىللىق بالا بولۇش بىلەنلا قالماي ، ھەرقايسى جەھەتلەردىمۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرىدىغان بالا ئىدى . ئۇ ھېچقانداق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمايتتى . كىشىلەر قىزىل چاچ ئادەملەرنىڭ ئاچچىقى ئاسان كېلىدۇ ۋە يامان بولىدۇ ، دەيدىكەن . ئەمما ئۇنىڭ چېچى قىپقىزىل بولغان بىلەن زادىلا ئاچچىقلانمايتتى . ئۇنىڭ چېچىنىڭ قانداق قىزىل ئىكەنلىكىنى سىزگە ئېيتىپ بېرەي . مەن ئون يېشىمدىن باشلاپ گولف توپ ئوينىدىم . ئېسىمدە قېلىشىچە مەن 12 ياشقا كىرگەن يىلى يازدا بىر قېتىم گولف توپ ئويناۋېتىپ مەندە تۇيۇقسىز شارتلا قىلىپ كەينىمگە بۇرۇلسام ئايرىنى كۆرىدىغاندەك بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى . شۇنىڭ بىلەن بۇرۇلۇۋېدىم ، دەرۋەقە ئۇنى كۆردۈم . ئۇ قاشا سىرتىدا ۋېلىسىپىت ئۈستىدە ئولتۇراتتى. مەندىن 150 ياردچە يىراقلىقتا تۇرۇپ توپ ئويىنىشىمنى كۆرۈۋاتاتتى . چېچى شۇنچىلىك قىزىل ئىدى . دەرۋەقە بۇ بەكمۇ ئوبدان بالا ئىدى . ھەي ، تاماق يەۋېتىپ تۇيۇقسىز نېمە خىيالىغا كېلىدىكىنتاڭ ، كۈلۈپ تېلىقىپ ئورۇندۇقتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالاتتى . 13 ياشقا كىرگەن چېغىمدا مەن ئاپتوموبىل سېخىنىڭ ئەينىكىنى مۇشتۇمۇم بىلەن ئۇرۇپ قويماي چېقىۋەتتىم . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ روھىي ئانالىز قىلغۇزدى . ئۇلاردىن

ئاغرىنمىدىم، ھەقىقەتەن ئاغرىنمىدىم. بۇنداق بولۇشى، ئىنىم ئۆلۈپ كەتكەن كۈنى ئاخشىمى مەن ئاپتوموبىل ئۆيىدە ياتقان ۋە ئىچىمنى بوشىتىش مەقسىتىدە پۈتۈن دېرىزىلەرنى چېقىۋەتكەنىدىم. مەن ھەتتا شۇ يىلى يازدا سېتىۋالغان ساياھەت ئاپتوموبىلىنىڭ ئەينەكلىرىنىمۇ چېقىپ چۇل - چۇل قىلىۋەتمەكچى بولدۇم. ئەمما قولۇم قانغا بويالغانلىقى ئۈچۈن كۈچىيەلمىدىم. ئىقرارمەن، بۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق. ئەمما ئۆزۈمنىڭ نېمىش قىلىۋاتقانلىقىمنى پەقەتلا بىلمەيتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئايرىنى تونۇمايسىز. ھازىرمۇ ھۆل - يېغىن بولغان كۈنلەردە قولۇم ئاغرىيدۇ. قولۇمنىمۇ چىڭ يۇمالمايمەن. دېمەكچى بولغىنىم مۇشتۇمۇمنى چىڭ تۈگەلمەيمەن. بۇنىڭدىن باشقا ئىشلارغا پەرۋايىم پەلەك. مەن دەيمەن، ئىشقىلىپ مەن لەنىتى تاشقى كېسەللەر دوختۇرى ياكى ئىسكىرىپكىچى بولمايمەن.

مەن سترادلېتاغا ئايرىنىڭ پەلىيىنى تەسۋىرلەپ ماقالە يېزىپ بەرمەكچى بولدۇم. ئۇنىغانىغا يونىغاندەك بۇ پەلەي چامادانىمدا ئىدى. مەن ئۇنى ئېلىپ ئۇنىڭدىكى شېئىرلارنى كۆچۈرۈۋالدىم. مەن ئايرىنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، سترادلېتانىڭ ئىنىسى ئەمەس مېنىڭ ئىنىم بولغان تەقدىردىمۇ، كىشىلەرگە ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرمەسلىكىم كېرەك ئىدى. مېنىڭ بۇنداق قىلغۇم يوق ئىدى، ئەمما تەسۋىرلەيدىغان باشقا بىرنەرسە دەرمەھەل ئېسىمگە كەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تېمىنى ئازراق ياقتۇرۇپ قالدىم. مەن ماشىنكامنى بىرىگە ئارىيەت بېرىۋەتكەنىدىم. سترادلېتانىڭكىنى ئىشلەتسەم قولۇم تازا كەلمەي ماقالىنى بىرەر سائەتتە ئاران پۈتتۈردۈم.

ماقالىنى يېزىپ بولغىنىمدا قىياسىمچە سائەت ئون يېرىم بولغانىدى. ئۇيقۇم كەلمەي، دېرىزە ئالدىغا بېرىپ بىردەم سىرتقا قاراپ تۇردۇم. قار توختىغانىدى.

ئەمما تۇرۇپ ــ تۇرۇپلا توختاپ قالغان ماشىنىلارنىڭ ماتورىنى ئوت ئالدۇرغان ئاۋازلار، ئاركۇرايىتىنىڭ خورىكى ئاڭلىناتتى. ئاركۇرايىتىنىڭ بۇرنىدا چاتاق بار بولۇپ، نەپەس ئېلىشى تازا نورمال ئەمەس ئىدى. ئىشقىلىپ، بۇ كاساپەتتە بۇرۇن بوشلۇقى ياللۇغى، دانىخورەك بار ئىدى، چىشلىرى سېرىق، تىرنىقى كۆل رەڭ، ئاغزى سېسىق بولۇشتەك يامان ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسىلا بار ئىدى. شۇڭا بەزىدە ئادەم ئىختىيارسىز بۇ نەس باسقان جالاپنىڭ بالىسىنىڭ ھالىغا ئېچىناتتى.

## 6

بەزى ئىشلارنى ئەسلىمەك بەك تەس. شۇ تاپتا مەن ستراداپتانىڭ جېنى بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپ كەلگەندىكى ئەھۋالىنى ئەسلەۋاتىمەن. دېمەكچىمەنكى، ئۇ كاساپەتنىڭ ئاياغ ئاۋازى كارىدوردا ئاڭلانغاندا ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىمنى شۇنچە قىلىپمۇ پەقەت ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن. بەلكىم دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرغان بولۇشۇم مۇمكىن. لېكىن قەسەم ئىچىمەنكى، شۇنچە ئويلاپمۇ ئەسلىيەلمىدىم. چۈنكى شۇ چاغدا ئىچىم قاتتىق تىتىلداپ كەتكەنىدى. ئەگەر بىرەر ئىش ئىچىمگە كىرىۋېلىپ پەرىشان بولسام جىمپىلا كېتەتتىم. ئىچىم تىتىلدىسىلا خالاغا بارغۇم كېلەتتى. لېكىن جايىمدىن قوزغالمايتتىم، ھۇرۇنلۇقۇم تۇتۇپ مىدىرلىغۇممۇ كەلمەيتتى، مىدىرلاپ قويۇپ، تىت ــ تىتلىقىمنى بۇزۇپ قويۇشنى پەقەتلا خالىمايتتىم. ستراداپتانى تونۇسىڭىز سىزمۇ تىت ــ تىت بولىسىز. مەن ئۇ ھاراملىق بىلەن بىللە قىزلار بىلەن بولىدىغان ئۇچرىشىشقا بارغان. ئۆزۈمنىڭ نېمە دېگەنلىكىنىمۇ بىلىمەن. ئۇ نومۇسنى بىلمەيدىغان ھاياسىز نېمە. ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداق.

كارىدورغا قېلىن مايلىق پالاز سېلىنغان. شۇڭا

ئۇ كالاڭپاينىڭ ئاياغ تېۋىشنى ئاڭلىيالايسىز . ئەمما مەن ئۇ كىر گەندە دېرىزە تۈۋىدە تۇردۇممۇ ، ئۆزۈمنىڭ ئو-رۇندۇقىدا ئولتۇردۇممۇ ، ياكى ئۇنىڭ ئورۇندۇقىدا ئول-تۇردۇممۇ ، پەقەتلا ئېسىمدە يوق . بۇنىڭغا قەسەم ئىچىپ بېرەلەيمەن .

ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىدىن قاقشاپ كەتتى . ئارقىدىن :

— ئاناڭنى ، بۇ ئادەملەرنىڭ بىرىمۇ يوققۇ ، نەگە كەتتى ، بۇ يەر لەھەتكە ئوخشاپ قاپتىغۇ ؟ — دېدى . ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلمىدىم . ئەقلى دۆمبىسىگە چىقىپ قالمىغان بولسا ئۇ بۆگۈن كۈننىڭ شەنبە ئىكەنلىكى ، شەنبە ئاخشىمى ھەممەيلەننىڭ ياكى سىرتقا ، ياكى ئۆيگە كەتكەنلىكى ، ياكى ئوخلاپ قالغانلىقىنى بىلمەس-مىدى ؟ بۇنى ئۇنىڭغا ئەسكەرتىشكە ئالدىرىمىدىم . ئۇ كىيىمىنى سالدى . جېن بىلەن ئۇچراشقانلىقىدىن ئېغىز ئاچمىدى . بۇ ھەقتە زۇۋانمۇ سۈرمىدى . مەنمۇ گەپ قىلماي ئۇنىڭغا قاراپلا قويدۇم . ئۇ پەلتونى بېرىپ تۇر-غىنىمغا رەھمەت دەپلا قويۇپ ، پەلتونى ئىلغۇچقا ئېسىپ ئىشكاپقا سېلىپ قويدى . ئۇ گالستۇكىنى يېشىۋېتىپ مەندىن ماقالىنى يازغان — يازمىغانلىقىمنى سورىدى . كارىۋىتىڭدا قويۇپ قويدۇم دېۋىدىم ، ئۇ بېرىپ كۆڭ-لىكىنىڭ تۈگمىسىنى يەشكەچ ماقالىنى ئوقۇشقا باش-لىدى . ئۇ ئۆرە تۇراتتى ، ماقالىنى ئوقۇغاچ كۆكرىكى ۋە قورسىقىنى سىلايتتى ، چىرايىدا دەلدۈشلەرچە بىر ئىپادە بار ئىدى . ئۇ ئۆزىنى تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرەتتى ، دا-ئىم ئاشۇنداق كۆكرىكى بىلەن قورسىقىنى ھەۋەس بىد-لەن سىلايتتى .

ئۇ توساتتىن :

— ياپەرۋەردىگار ، خولتون ، قاملاشمىغانلا بىر-نېمە قىلىپ قورغان توپ پەلىينى يېزىپ كې-تىپسەنغۇ ؟ — دېدى .

— نېمە بوپتۇ ، — دېدىم مۇزدەك توڭلۇق بىلەن .

— نېمە بوپتۇ دېگىنىڭ نېمىسى ؟ مەن ساڭا ، ئاناڭنى بىرەر ئېغىز ئۆي ياكى بىر يۇرۇش ئۆينى تەسۋىرلىگىن دېمىگەنمىدىم .

— بىر تەسۋىرى ماقالە يېزىپ بەر دېدىڭ . مەن قورغان توپ پەلىينى تەسۋىرلىدىم . بۇ ئىككىسىنىڭ نېمە پەرقى بار ؟

— ئاناڭنى تازا ! — ئۇنىڭ راستلا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى ، — بىرمۇ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلمايسەن . سەن لاتىنى مەكتەپتىن قوغلىغىنىمۇ ئوبدان بوپتۇ ، — ئۇ ماڭا سەت ئالايدى ، — ساڭا بىر ئىشنى تاپشۇرسام زادىلا مەن دېگەندەك قىلمايسەن ، راست دەۋاتىمەن . ئاناڭنى گۇي ، بىرمۇ ئىشنى دېگەندەك قىلمىدىڭ .

— بوپتۇ ، ئۇنى ئۆزۈمگە بەر ، — دېدىم . ئاندىن بېرىپ ئۇ مازنىڭ قولىدىن ماقالىنى ئالدىم ـ دە ، يىرتىپ ـ يىرتىۋەتتىم .

— هوي لاتا گۇي ، ئۇ نەرسىنى نېمىدەپ يازدىسەن ؟

ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدىم . يىرتقان ماقالىنى ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلىۋېتىپ كارىۋىتىمغا چىقىپ ياتتىم . ئىككىمىز خېلى ۋاقىتقىچە سۆزلەشمىدۇق . ئۇ كۇسادىن باشقا جىمى كىيىمىنى سېلىۋەتتى . مەن ياتتۇ بولۇپ تاماكا تۇتاشتۇردۇم . ئادەتتە ياتاقتا تاماكا چېكىشكە رۇخسەت قىلىنمايتتى . ئەمما ئۇخلىغانلار ئۇخلىغان ، بەزىلەر سىرتقا چىقىپ كەتكەن ، ياتاق جىمجىتلىقتا چۆمگەن چاغلاردا ئوغرىلىقچە چېكىشكە بولاتتى . ستراد لېتا مەكتەپ تەرتىپىنى بۇزغانلارنى كۆرسە جان ـ پېنى چىقاتتى . شۇڭا مەن ئەتەي شۇنداق قىلدىم . يەنە كېلىپ ئۇ ياتاقتا زادىلا تاماكا چەكمەيتتى ، مەنلا

چېكەتتىم.
ئۇ جېنىنىڭ گېپىنى قىلمىغاندىكىن، مەن چىدى-
يالماي سورىدىم:
— جېنىنى سائەت توققۇز يېرىمغىچە مەن بىلەن
بىللە بولماقچى دەۋاتاتتىڭ، ئاناڭنى سەن بەك كەچ
كەلدىڭ، ئۇنى تازىمۇ كەچ قويۇپ بېرىپسەنغۇ؟
ئۇ كارىۋىتىنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ پۇتىنىڭ تىر-
ناقلىرىنى ئېلىۋاتاتتى. سوئالىمغا جاۋابەن:
— نەچچە مىنۇتلا كېچىكتى شۇ. شەنبە ئاخ-
شىمى سىرتقا چىققان ئادەمگە كىم ۋاقىت بەلگىلەپ بېرە-
لەيدۇ؟ — ياللا، ئەجەبمۇ ئۈچ بولدۇم ئۇنىڭغا.
— نيۇ - يوركقا باردىڭلارمۇ؟
— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ئۇ سائەت توققۇز يېرىم-
غىچىلا ۋاقتىم بار دەۋاتسا نيۇ - يوركقا قانداقمۇ
بارالايمىز؟
— تازىمۇ چاتاق بوپتۇ.
ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزلىرىمگە تىكىلدى:
— قۇلاق سال، بەك تاماكا چەككىلى كېپكەت-
كەن بولسا نېمىشقا ھاجەتخانىغا كىرىپ چەكمەيسەن؟
سەن ئاناڭنى مەكتەپتىن چىقىپ كەتكىنىڭ بىلەن مەن
مەكتەپ پۇتتۇرگىچە تۇرىمەن جۇمۇ.
ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، تاماكىنى قاتتىق شوراپ
چېكىۋەردىم ۋە بۇ يېنىمغا ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭ پۇتىنىڭ
تىرناقلىرىنى ئېلىشىغا قاراپ ياتتىم. مەكتەپ ئىمىش.
مەكتەپ دېگەندە مۇشۇنداق خەقنىڭ تىرناق ئېلىشىغا،
دانىخورەكلىرىنى سىقىشىغا، شۇنىڭغا ئوخشاش تايىنى
يوق ئىشلارغا قاراپلا ئۆتىدىغان گەپ.
— مېنىڭ سالىمىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدۈڭمۇ؟
— ھەئە.
ئۇنداق قىلامدۇ بۇ ھاراملىق؟
— ئۇ نېمە دېدى؟ ئۇنىڭدىن شاھمات ئويۇنىغاندا

بارلىق شاھلىرىنى ئارقا قاتارغا تىزىۋالاتتىڭىزمۇ دەپ سوراپ باقتىڭمۇ ؟

— ياق سورىمىدىم . سەن گۇي بىزنى پۈتۈن ئاخشامنى نېمە ئىش بىلەن ئۆتكۈزدى دەپ ئويلىدىڭ ، شاھمات ئوينىدى دەپسەن ـ دە ، تەگرىم !

ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدىم . شۇنچىلىك ئۈچ بولدۇم .

— نىيۇ ـ يوركقا بارمىغان بولساڭلار ، ئۇنى قەيەرگە ئاپاردىڭ ؟ — بىرپەستىن كېيىن يەنە سورىدىم . ئاۋازىم تىترەپ كەتتى . قانداقتۇر بولمىغۇر بىر ئىش بولغاندەك سېزىم ۋۇجۇدۇمنى چۇلغاپ كۆڭلۈم بىئارام بولدى . ئۇ ماز گۇي تىرنىقنى ئېلىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى . يالىڭاچ پېتى يېنىمغا كېلىپ مەن بىلەن ئوينىششقا باشلىدى . توختىماي مۇرەمگە ئۇردى .

— چاقچاق قىلما ، — دېدىم مەن ، — نيۇ ـ يوركقا بارماپسىلەر ، ئۇنى قەيەرگە ئاپاردىڭ ؟

— ھېچنەگە ئاپارمىدىم . بىز ئاناڭنى ماشىنا ئىچىدىلا ئولتۇردۇق ، — ئۇ يەنە چېقىششىپ مۇرەمگە ئۇردى .

— بولدى قىلغىنا ، كىمنىڭ ماشىنىسىدا ؟

— ئېدىر بانكىنىڭ .

ئېدىر بانكى پانسىدىكى ۋاسكېتبول تىرنېرى ، سترادلېتا ئۇنىڭ كوماندىسىدىكى ئوتتۇرا ھۇجۇمچى ، ئۇ پەخىرلىنىدىغان شاگىرتلارنىڭ بىرى ئىدى . شۇڭا سترادلېتا ئۇنىڭدىن ماشىنا سورىسىلا ، ئۇ بېرىپ تۇراتتى . ئەمما تەنتەربىيىچى ھاراملىقنىڭ ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى . ئىشقىلىپ ، مەن ئوقۇغان مەكتەپلەردە تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئىدى .

سترادلېتا ھەدەپ مۇرەمگە مۇشتلاپ بوكسيورلۇق مەشىقى قىلدى . ئۇ قولىغا ئېلىۋالغان چىش چوتكىسىنى

ئەمدى چىشلىۋالغانىدى.

— نېمە ئىش قىلدىڭلار، ئىدىر بانكىنىڭ ماشىنىسىدا ئۈنىڭ بىلەن ھېلىقىدەك ئىشنى قىلدىڭمۇ؟ — ئاۋازىم قاتتىق تىترەپ كەتتى.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ ئاغـزىڭنى سوپـۇنلاپ يۇيۇپ پاكىزلەپ قويسام بولامدۇ، نېمە؟

— زادى شۇنداق ئىش بولدىمۇ، يوق؟

— ئاغـىنە، بۇ دېگەن كەسپىي مەخپىيەتلىك.

كېيىنكى ئىشلارنى تۈزۈك ئەسلىيەلمەيمەن. بىلىدىغىنىم شۇكى، گويا يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىدىغاندەك ئورنـۇمـدىن چاچراپ تۇردۇم، تۇيۇقسىز باركۆچۈم بىلـەن ئۈنىڭغا مۇشت ئاتتىم. مېنىڭ خىيالىم ئۈنىڭ ئاغزىدىكى چوتكىسىنى گېلىغا تىقىۋېتىش ئىدى. لېكىن مۇشتۇمۇم قىيىپ كېتىپ بېشىغا تەگدى. بەلكىم خېلى قاتتىق تەگكەندۇ. ئەمما مەن ئويلىغاندەك تېگىپ جىرىنىنى قاقشاتمىدى. ئۈنى ئېسىدىن چىقمىغۇدەك مۇشتىلىسامۇ مۇشتلايتتىم. بىراق ئوڭ قولۇمدا مۇشت ئاتقاچقا پەقەتمۇ كۆچىيەلمىدىم. بىر ئىش ئېسىمدە، مەن يەردە يېتىپ قالدىم، ئۇ ئۆپكىدەك ئېسىلغان ھالدا ئۈستۈمگە چىقىۋالدى — دە، مىلىك جىگدەك ئېغىرلىق بىلەن تىزلىرىنى مەيدەمـگە تىختىدى. قـوللىرىمنى بېغىشىدىن تۇتۇۋالدى. شۇگـلاشقا ئـۇنى ئۇرۇپ ئـۆلتۈرۈۋەتكۈم بولسىمۇ، مۇشت ئېتىشقا ئامالسىز قالدىم.

— ئاناڭنى، ساراڭ بولدۇڭمۇ سەن؟ — ئۈنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزاردى.

— تىزىڭنى مەيدەمدىن ئال، — دەپ ۋارقىرىدىم، ھەقىقەتەن شۇنداق قىلدىم، — ھۇ مۇناپىق، ھاراملىق، چۈش، ئۈستۈمدىن چۈشۈپ كەتتى.

ئەمما ئۇ چۈشمىدى، قولۇمنىمۇ قويۇۋەتمىدى. مەن ئۈنى ئاغزىمنى بۇزۇپ تىللاۋەردىم، شۇ تەرىقىدە ئون سائەت ئۆتكەندەك بىلىنىپ كەتتى. نېمىلەرنى دەپ

تىللىغىنىم ئېسىمدە يوق . بەلكىم سەن ئۇنداق ئىشنى كىم بىلەن قىلسام بولىۋېرىدۇ ، دەپ قالدىڭغۇ دەيمەن . سەن بىر قىزنىڭ شاھمات ئوينىغاندا شاھنى ئارقا قاتارغا تىزىشىغا پەقەت كۆڭۈل بۆلمەيسەن ، سەن ئۆتۈپ كەتكەن نان قېپى ، لاتا كىرىچ دېگەندىمەن . ئۇ بىردىنىڭ ئۆزىنى نان قېپى دېيىشىگە بەكمۇ ئۆچ . بەلكىم نان قېپىلارنىڭ ھەممىسى شۇنداقتۇ .

— ئاغزىڭنى يۇم ، خولتون ، — ئۇنىڭ يۈزى يەنە ئۆپكىدەك ئېسىلىپ شەلپەردەك قىزاردى ، — ئاغزىڭنى يۇم دەيمەن ، ھېلى بىكار . . .

— سەن نان قېپى ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ جون ياكى جېن ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ھالىڭغا نېمە ھۆر كىرەيسەن ؟

— ھەي خولتون ، ئاغزىڭنى يۇم . ئاناڭنى گۆي ، سېنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتىمەن ، — ئۇنىڭ ئاچچىقى ھەقىقەتەن تۈۋىدىن تۇتقانىدى ، — ئەمدى ئاغزىڭنى يۇممىساڭ كاچات يەيسەن .

— مەينەت ، سېسىق ، يارىماس تىزىڭنى مەيدەمدىن نېرى قىل .

— سېنى قويۇۋەتسەم ئاغزىڭنى يۇمامسەن ، قانداق .

ئۇن چىقارمىدىم . ئۇ سۆزىنى تەكرارلىدى :

— خولتون ، سېنى ئورنىڭدىن تۇرغۇزۇۋەتسەم ئاغزىڭنى يۇمامسەن ، يوق ؟

— ماقۇل .

ئۇ ئورنىدىن تۇردى ، مەنمۇ تۇرۇپ كەتتىم . ئۇنىڭ سېسىق تىزلىرى مەيدەمنى قاتتىق ئاغرىتىۋەتتى .

— ھۇ جالاپنىڭ بالىسى ، مەينەت ، دەلتى ، نان قېپى .

ئۇنىڭ ساراڭلىقى تۇتتى . بارماقلىرىنى يۈزۈمگە سوزۇپ تۇرۇپ :

— خولتون، ئىتتىنىڭ بالىسى، سېنى يەنە ئاگاھلاندۇراي، ئاخىرقى قېتىم بولسۇن. سېسىق ئاغزىڭنى ئەمدى يۇمايدىغان بولساڭ، مەن سېنى...

— نېمىشقا ئاغزىمنى يۇمىمەن؟ — ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىدىم، — سەن نان قېپىلارنىڭ ھەممىسىلا گەپنى چىرايلىقچە قىلىشمايسەن. شۇنىڭدىنلا سەنلەرنىڭ ھەقىقىي نان قېپى ئىكەنلىكىڭنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. سەنلەر بىر ئىشلارنى پەقەتلا ئاۋىللارچە...

ئۇ مېنى شۇنداق سالدىكى، گېپىم بوغۇزۇمدىلا قالدى. پەقەت ئۆزۈمنىڭ يەنە يەردە ياتقانلىقىملا ئېسىمدە. ئۇنىڭ مېنى ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋەتكەن — ئايلاندۇرۇۋەتمىگەنلىكى ئېسىمدە يوق. مېنىڭچە ئۇنداق قىلمىدى. چۈنكى كىنولارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئادەمنى بىر مۇشت بىلەن ئايلاندۇرۇۋېتىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. ئاغزى — بۇرنۇم قان بولدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام سترادلېتا قېشىمدىلا تۇرۇپتۇ، ھېلىقى مەينەت تاغاق قاتارلىق نېمىلىرى قولتۇقىغا قىستۇرۇقلۇق.

— ئاغزىڭنى يۇم دېسەم نېمدەپ ئۇنىمايسەن، — ئۇ ئىنتايىن جىددىي تەلەپپۇزدا سۆزلىدى، مەن يەنە يەرگە يىقىلدىم، ئۇ كاللامنى يېرىلىپ كەتتىمىكىن، دەپ قورققاندۇ بەلكىم. ماۋۇ نەسلىكنى كۆرۈڭ، كاللام يېرىلماي جايىدا تۇرۇپتۇ، — ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلدىڭ. ئاناڭنى ماز، — دېدى. ئۇنىڭ ئەلپازى خېلىلا قورقۇنچلۇق ئىدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرماي يەردە ياتقان پېتىم ئاغزىمنى بۇزۇپ راسا تىللىدىم. مەن ئەقلىمنى يوقاتقاندىم، شۇڭا ئاغزىمدىن ئاق مۈشۈك كىرىپ قارا مۈشۈكلەر چىقتى.

— گېپىمنى ئاڭلا، دەرھال يۈزۈڭنى يۇيۇۋەت، — دېدى سترادلېتا، — ئاڭلىدىڭمۇ، يوق؟

— يۈز يۈيىدىغان ئادەم سەن، ئۆزۈڭ بار، — دېدىم. بۇ ئەلۋەتتە بالىلارچە گەپ بولدى. لېكىن مېنىڭ ئاچچىقىم شۇنداق كەلگەنىدى. مەن يەنە يۈيۈنۈش ئۆيىگە بارغۇچە كىرىپ سىمىد خانىم بىلەن كۆڭۈل ئېچىۋال دېدىم. سىمىد خانىم دەرۋازىۋەننىڭ خوتۇنى، 65 ياشلىق ئايال ئىدى.

مەن پولدا ئولتۇردۇم. ستىرادلېتانىڭ ئىشىكنى يېپىۋېتىپ يۈيۈنۈش ئۆيىگە قاراپ ماڭغانلىقىنى ئاڭلاپ ئاندىن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇۋچىلار كىيىدىغان شەپكەمنى ھېچ نەدىن تاپالمىدىم. كېيىن كارىۋات ئاستىدىن تېپىپ چېكىلىكىنى تەتۈر قىلىپ كىيىۋالدىم. مەن شۇنداق كىيىشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئاندىن بېرىپ ئەينەكتىن يۈزۈمگە قارىدىم. سىز ئۆمرىڭىزدە بۇنداق قان داغلىرىنى كۆرمىگەنسىز بەلكىم، ئاغزىم، ئېڭەكلىرىم ھەتتا ئۇخلاش كىيىملىرىم پۈتۈنلەي قان ئىدى. بۇنى كۆرۈپ ئازراق قورقتۇم ۋە ئازراق كۆرەڭلىدىم. چۈنكى بۇ ئەلپازىم بىلەن مەن ئەزىمەتلەرگە ئوخشاپ قالغانىدىم. مەن ئۆمرۈمدە ئىككى قېتىملا سوقۇشقان ۋە ئىككىلىسىدە يېڭىلىپ قالغانىدىم. مەن ئەزىمەتلەردىن ھېسابلانمايتتىم. راست گەپنى قىلسام مەن تىنچلىقپەرۋەر ئىدىم.

مەن ئاركۇرايتنىڭ بىزنىڭ جىدىلىمىزدىن ئويغىنىپ كەتكەنلىكىنى سەزدىم ـ دە، مىلەڭزىنى قايرىپ ئۇ نېمىش قىلىۋاتىدۇ، كۆرۈپ باقاي، دەپ ئۇنىڭ ياتىقىغا كىردىم. ئۇنىڭ ياتىقىدىن بىر خىل غەلىتە سېسىق پۇراق كەتمەيتتى، ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى قالايمىقان ۋە بەك مەينەت ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ياتىقىغا كەمدىن كەم كىرەتتىم.

# 7

بىزنىڭ ياتاقتىن يۇيۇنۇش ئۆيىنىڭ مىلەڭزىسى ئارقىلىق چۈشكەن يورۇقتا ئۇنىڭ كارىۋىتىدا ياتقىنىغا كۆزۈم چۈشتى. مەن ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئويغاق ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم.

— ئاركۋرايت، سەن ئويغاقمۇ؟

— شۇنداق.

ياتاق قاراڭغۇ بولغاچقا، مەن پولدا تۇرغان ئاياغقا دەسسەپ سىلىپ يىقىلغىلى تاس قالدىم. ئاركۋرايت ئورنىدىن تۇرۇپ بىر جەينىكىگە تاياندى. ئۇ دانىخورەكنى ساقايتىمەن دەپ يۈزىگە ئاق نەرسىلەرنى سۈركىۋالغانىدى. قاراڭغۇدا ئادەمگە جىنىدەك كۆرۈنەتتى.

— ئاناڭنى، نېمىش قىلىۋاتىسەن؟

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ مەن ئۇخلاي دەۋېتىپ ئىككىڭلارنىڭ سوقۇشۇپ كەتكىنىڭلارنى ئاڭلاپ قالدىم. سەن خۇمسىلار نېمىدەپ سوقۇشىسىلەر؟

— چىراغ قەيەردە؟ — مەن چىراغنى تاپالماي سىپىلاپ كەتتىم.

— چىراغنى يېقىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ . . . قولۇڭنىڭ يېنىدا تۇرمامدۇ.

مەن چىراغنى تېپىپ ياندۇردۇم. ئاركۋرايت بىر قولى بىلەن كۆزىنى توستى.

— ۋاي ئاللا، ساڭا نېمە بولدى؟ — دېدى ئۇ پۈتۈن بەدىنىمدىكى قاننى كۆرۈپ.

— سترادلېتا بىلەن ئازراق جېدەللىشىپ قالدىم، — مەن يەردىلا ئولتۇردۇم. ئۇلارنىڭ ياتىقىدا ئورۇندۇق يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاناڭنى ئورۇندۇقلارنى نەلەرگە يوقاتقانلىقىنى ھېچ بىلمىدىم، — قولاق سال،

مەن بىلەن بىردەم كاناستا ( قارت ئويۇنىنىڭ بىر خىلى ) ئوينىغۇڭ بارمۇ ؟ — ئۇ كاناستا مەستانىسى ئىدى .

— ھەممە يېرىڭ قان تۇرسا قانداق ئوينايسەن ، ياخشىسى ياراڭغا دورا سۈر كىۋال .

— قان ھېلىلا توختايدۇ . گېپىمنى ئاڭلا ، زادى كاناستا ئوينامسەن ، ئوينىمامسەن ؟

— يا پەرۋەردىگار ، كاناستا دەيسەنغۇ ، جاۋاب بەرگىنچۇ ، ھازىر سائەت قانچە بولدى ؟

— ھېچقانچە كەچ بولمىدى . تېخى ئەمدىلا 11 دىن ئاشتى ، توغرىسى 11 يېرىم بولدى .

— ئاران 11 دىن ئېشىپتىمىش ! — دېدى ئاركىۋرايت ، — گېپىمگە قۇلاق سال ، مەن ئەتە ئەتىگەندە مىسا ( كاتولىك دىنىنىڭ بىر خىل مۇراسىمى ) كۆرگىلى بارىمەن . تەگرىم ، سەن نېمىلەر ھەم سوقۇشۇپ ، ھەم ۋارقىرىشىپ كەتكۈدەك نېمە بولۇشتۇڭ زادى ؟ ئاناڭنى ، سەن گۇيلار زادى نېمىنى دەپ ئۇرۇشتۇڭ ؟

— سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا ، سېنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشنى خالىمايمەن ، ئاركىۋرايت ، مەن پۈتۈنلەي سېنىڭ غېمىڭنى يەۋاتىمەن ، — مەن شەخسىي ئىشلىرىمنى ئەزەلدىن باشقىلارغا ئېيتمايتتىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ستىرادلېتادىن ئۆتە دۆت نېمە ئىدى . ئىككىنىسى سېلىشتۇرىدىغان بولسىڭىز ، ستىرادلېتا دېگەن مۇناپىقنى تالانتلىق دېيىشكە بولاتتى ، — ھەي ، بۈگۈن ئاخشام ئېلىينىڭ كارىۋىتىدا ياتسام بولامدۇ ؟ ئۇ ھەقدىچان ئەتە ئاخشاملىققا قايتىپ كېلىدۇ ، — ئېلىي دېگەن كاساپەت ھەرشەنبە دېگۈدەك ئۆيگە كەتكەچكە ، ئۇنىڭ ئەتە ئاخشام كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم .

— ئۇنىڭ قاچانلاردا كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن ، — دېدى ئاركىۋرايت .

بۇ گەپتىن ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۇچتى .

— ئۇنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن دەيسەنغۇ ، بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟ ئۇ ھەمىشە يەكشەنبە ئاخشىمى قايتىپ كېلىدۇ ، شۇنداقمۇ ، ئەمەسمۇ ؟

— شۇنداق ، ئەمما خۇدا ھەققى ، بىر كىم ئۇنىڭ كارىۋىتىدا ياتىمەن ، دېسە مەن خالىغانچە ماقۇل دەپ ياتقۇزۇش ھەقىقەتەن ئامالسىزمەن .

مەن كۈلۈپ تېلىقىپ قالاي ، دېدىم . ئولتۇرغان جايىمدىلا ئۇنىڭ مۇرىسىگە شاپىلاقلاپ :

— بىلەمسەن ، ئاركۇرايت بالا ، سەن ھەقىقىي بىر شاھزادە جۇمۇ .

— ياق ، مەن كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلىۋاتىمەن ، مەن راستىلا باشقىلارنى . . .

— سەن ھەقىقەتەن بىر شاھزادە ، مۆتىۋەر ، شۇنداقلا بىر ئالىم بالا ، — دېدىم . دەرۋەقە ئۇ مۆتىۋەر ئالىم ئىدى ، — ئېيتقىنا ، سەندە سىگارت بارمۇ ؟ « يوق » دەيدىغانلا بولساڭ ، مەن يەرگە ئۆزۈمنى ئېتىپ ساڭا ئۆلۈپ بېرىمەن .

— يوق ، راستىلا يوق . گېپىمنى ئاڭلا ، سەنلەر ئاناڭنى ، زادى نېمە ئىش ۋەجىدىن سوقۇشتۇڭلار ؟

مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەستىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا باردىم – دە ، سىرتقا قارىدىم . تۇرۇپلا شۇنچىلىك بىر جىمجىتلىقنى ھېس قىلىپ ، ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈپ قالغان بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلدىم .

— سىلەر زادى نېمىنى دەپ ئۇرۇشتۇڭلار ، — دېدى ئاركۇرايت ، مۇشۇنىڭ بىلەن ئۇ 50 قېتىمچە سورىدىغۇ دەيمەن . بۇ جەھەتتە ئۇ ئادەمنىڭ بەكمۇ جېنىغا تېگەتتى .

— سېنى دەپ ، — دېدىم مەن .

— ياھەزرەت ، مېنى دەپ سوقۇشتۇڭلارمۇ ؟

— توغرا ، سەن خۇمسىنىڭ شان – شۆھرىتىنى قوغدىدىم . ستراد لېتا سېنى بەك پەسكەش ، دېدى . بۇنى

ئاڭلاپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرسام بولاتتىمۇ؟

ئۇ ئاجايىپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ئۇ راستىلا شۇنداق دېدىمۇ، چاقچاق قىلىۋاتقانسەن؟ راستمۇ؟

مەن ئۇنىڭغا ئوينىشىپلا شۇنداق دەپ قويغانىدىم. ئاندىن بېرىپ ئېلىيېنىڭ كارىۋىتىدا ياتتىم. جىمجىتلىقتىن غېرىبلىق بېسىپ ئىچىم سىقىلىپ كەتتى. — بۇ ياتاق ئەجەبمۇ سېسىقكەن، پايپىقىڭنىڭ سېسىق پۇرىقى مەشەگىمۇ كېلىۋاتىدۇ. سەن پايپىقىڭنى پەقەتلا يۇيمامسەن؟

— بۇ پۇراقنى ياقتۇرمىساڭ، قانداق قىلىدىغانلىقىڭ ئۆزۈڭگە مەلۇم، — دېدى ئاركۇرايت. گەپكە ئۇستىلىقىنى كۆردىڭىزمۇ، — نەس چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتكىنە.

چىراغنى دەررۇ ئۆچۈرمىدىم. ئېلىيېنىڭ كارىۋىتىدا يېتىپ جېنىنى خىيال قىلدىم. ئۇنىڭ ستىرادلېتا بىلەن ئېدېر بانكىنىڭ كەڭ ئورۇندۇقلۇق ماشىنىسىدا قىلىشقان ئىشلىرىنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ جۇدۇنۇم ئۆرلىدى، ئاچچىقىمنى باسالمايلا قالدىم. بۇ ئىشنى ئويلىسامىلا دېرىزىدىن سىرتقا ئۆزۈمنى ئاتقۇم كېپكەتتى. سىز ستىرادلېتانىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلمەيسىز، مەن ئوبدان بىلىمەن. پانسىدا نۇرغۇن كاساپەتلەر قىزلار بىلەن ئۇنداق قىلىشتىم، بۇنداق قىلىشتىم دەپ سۆزلەپ يۈرىدۇ. مەسىلەن، ئاركۇرايتقا ئوخشاش. لېكىن ستىرادلېتا بۇ ئىشنى راستىلا قىلدى. مەن ئاز دېگەندىمۇ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن قىزلاردىن ئىككىنى تونۇيمەن. بۇ گېپىم راست.

— ھاياتىڭدىكى قىزىقارلىق ئىشلاردىن بىرەرىنى سۆزلەپ بەرسەڭچۇ، ئاركۇرايت بالا، — دېدىم مەن.

— چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتسەڭ قانداق؟ مەن ئەتە سەھەردە مىسا كۆرگىلى باراتتىم.

ئۇ خۇش بوپقالسۇن دەپ چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ، بېرىپ ئېلېيىنىڭ كارىۋىتىدا ياتتىم .

— نېمە قىلاي دەيسەن ، راستلا ئېلېيىنىڭ كارىۋىتىدا ياتماقچىمۇ سەن ؟ — دېدى ئاركۇرايت . ئۇ ئاشۇنداق چېپىلغاق خوجايىن ئىدى .

— بۇنىڭدىن غەم قىلما ، بەلكىم ياتارمەن ، ياكى ياتماسمەن .

— بۇنىڭدىن غەم قىلىۋاتقىنىم يوق ، مۇنداق بىر ئىشقا ئۆچمەن ، ئالىمادىس ئۇ تۇيۇقسىز كېلىپ قالسا ، بىرىنىڭ كارىۋىتىدا . . .

— خاتىرجەم بولغىن . بۇ يەردە ياتمايمەن . سېنىڭ ئوبدان كۈتۈۋالغىنىڭنىڭ يۈزىنى قىلىمەن .

هايال ئۆتمەي ئۇ خورەكنى دۆك تارتىشقا باشلىدى . مەن قاراڭغۇدا يېتىپ جېنىنىڭ سترادلېتا بىلەن ئېدېر بانكىنىڭ ماشىنىسىدا قىلىشقان ئىشلىرىنى ئويلىماي دەپ شۇنچە تىرىشسامۇ خىيالىمدىن نېرى قىلالمىدىم . يامان يېرى ، مەن ئۇ خۇمسىنىڭ ھۈنەرلىرىنى ئوبدان بىلەتتىم . شۇڭا ئۇنىڭ ئىشلىرىغا چىديالمىدىم . بىر قېتىم ئىككىمىز بىللە قىز دوستلىرىمىز بىلەن كۆرۈشتۇق . ئۇچرىشىش ئېدېر بانكىنىڭ ماشىنىسىدا بولدى . ئۇ قىز دوستى بىلەن كەينى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى ، مەن قىز دوستۇم بىلەن ئالدى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم . ئۇ نىجىسىنىڭ ئۇستىلىقىنى كۆردىڭىزمۇ ، ئۇ قىز دوستىغا شۇنچىلىك مۇلايىم ، سەمىمىي ، يېقىملىق ئاۋازدا چىرايلىق سۆزلەرنى ياغدۇرۇۋەتتى . قىزغا ئۆزىنى ئىنتايىن كېلىشكەن بولۇش بىلەن قالماي يەنە ئىنتايىن مۇلايىم ، سەمىمىي يىگىت قىلىپ كۆرسەتتى . ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قۇسۇۋەتكىلى تاس قالدىم . ئۇنىڭ قىز دوستى توختىماي « ئۇنداق . . . خۇش بولاي . ئۇنداق قىلماڭ ، ئۆتۈنۈپ قالاي » دېدى . ئەمما ئۇ ئابراخام لىنكولىندەك مۇلايىم ۋە قىزغىنلىق بىلەن سۆز-

لەۋەردى . بىر چاغدا ئۇلار جىمپلا كەتتى . بۇ ، ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىدىغان قورقۇنچلۇق جىمجىتلىق ئىدى . مېنىڭچە ئۇ كۆنى ئۇ ئۇ قىز بىلەن ھېلىقىدەك ئىشنى قىلمىدى ، لېكىن شۇنىڭغا يېقىنراق بىر ئىشنى قىلىشتى . ئاناڭنى ، راستلا شۇنداق بولدى .

ئۆزۈمنى خىيالدىن نېرى قىلىش كويىدا ياتسام ، تۇساتتىن سترادلېتا يۇيۇنۇش ئۆيىدىن ياتاققا قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭ ھېلىقى مەينەت تاغاق ، چوتكىدەك نەرسىلىرىنى قويغىنى ، ئاندىن دېرىزىنى ئاچقىنى ئاڭلاندى . ئۇ يېڭى ، ساپ ھاۋاغا بەك ئامراق ئىدى . بىردەمدىن كېيىن ئۇ مېنىڭ بار – يوقلۇقۇمغا قاراپمۇ باقماي چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى .

كوچىمۇ تىمتاس بولۇپ ، ماشىنىلارنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى . بۇ تىمتاسلىقتىن شۇنچىلىك ئىچىم سىقىلدىكى ، ئىختىيارسىز ئاركۈرايتنى ئويغاتتىم . سترادلېتا ئاڭلاپ قالمىسۇن ، دەپ ئاۋازىمنى بوش چىقىرىپ تۇۋلىدىم :

— ھەي ، ئاركۈرايت !

ئۇ تاشتەك ئېغىر ئۇخلاپ كەتكەنمۇ ، تۇۋلىغىنىمنى ئاڭلىمىدى .

— ھەي ، ئاركۈرايت !

بۇ قېتىم ئۇ ئاڭلىدى :

— ئاناڭنى ، نېمە بولدۇڭ ؟ — دېدى ئۇ ، — بىر ئوبدان ئۇخلاۋاتسام ئويغىتىسەنغۇ ؟

— ئاڭلىغىن ، ئىبادەتخانىغا كىرىشتە نېمە شەرت ھازىرلايدىكەن ؟ — تۇساتتىن خىيالىمغا ئىبادەتخانىغا كىرىش كېپقالدى ، — چوقۇم كاتولىك دىنى مۇرىتى بولۇش شەرتمىكەن ؟

— ئەلۋەتتە كاتولىك دىنى مۇرىتى بولۇش كېرەك . سەن ھاراملىق مۇشۇ ئىشنى سوراش ئۈچۈن ئويغاتتىڭمۇ مېنى ؟

— ئۇيقۇڭنى ئۇخلاۋەر ، ئىشقىلىپ ، مەن ئىبادەتخانىغا كىرمەيمەن . ناۋادا مەندەك ئادەملەر ئىبادەتخانىغا كىرسە ، ئۇلارغا يولۇققان راھىبلارنىڭ ھەممىسى ئەمەسلا ئادەملەر بولۇپ چىقىدۇ . راھىبلارنىڭ ھەممىسى كالۋا ھارامدىن بولغانلار ، ياكى ھاراملىق .

ئاركۇرايت شاققىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى :

— ئاڭلاپ تۇر ، — دېدى ئۇ ، — سەن نېمە دېسەڭمۇ چۈشىنىمغا ئالمايمەن . لېكىن ئاناڭنى دىنىمنى شاڭخو قىلىدىغان بولساڭ ، پەرۋەردىگار . . .

— خاتىرەڭنى جەم قىلغىنا ، ھېچكىم سېنىڭ ئاناڭنى دىنىڭنى شاڭخو قىلىۋاتقىنى يوق ، — مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدىم ، چۈنكى بۇ ئىپلاس ھاۋا ۋە ناچار كەيپىيات ئىچىدە تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىغانىدى . مەن بىردىنلا توختاپ ئاركۇرايتنىڭ قولىنى تۇتتۇم — دە ، ھەيۋە قىلغاندەك قاتتىق مىجىپ قويدۇم . ئۇ قولىنى تارتىۋېلىپ :

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ ؟ — دېدى .

— ھېچنېمە قىلغىنىم ئەمەس . سەن كالۋا شاھزادىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈۋاتىمەن شۇ . مۇشۇنچىلىكلا ئىدى ، — ئاۋازىمغا ئەتەي ناھايىتى سەممىي تۈس بەردىم ، — سەن قالتىس ئادەمسەن ، ئاركۇرايت بالا ، بىلدىڭمۇ ؟

— ئاق بالىخان ، ھامان بىر كۈنى ئەدىپىڭنى تازا بېرىدىغان ئادەم چىقىدۇ . . .

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمايلا ، ئىشىكنى جالاققىدە يېپىۋېتىپ كارىدورغا چىقتىم .

ياتاقتىكىلەرنىڭ كۆپى ياكى ئۇخلاپ بولغان ، ياكى سىرتقا چىقىپ كەتكەن ، ئۆيلىرىگە قايتقان . شۇڭا كارىدور ئاجايىپ جىمجىت ، تىمتاس ئىدى . لېئاخېي بىلەن خوفماننىڭ ئىشىكى تۈۋىدە كوۋرىنوس چىش پاستىسىنىڭ قۇرۇق قېپى تۇراتتى . مەن قوي تېرىسى-

دىن تىكىلگەن ساپما كەشىم بىلەن ئۇنى تېپىپ ماڭ-
دىم. بىنادىن چۈشۈپ مار بوروسادىنىڭ نېمىش قىلىۋات-
قانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولدۇمىيۇ، شۇئان بۇ نىيىتىم-
دىن ياندىم. شۇ دەقىقىدە مەن دەرھال، بۈگۈن ئاخ-
شاملا پانسىدىن كېتىش قارارىغا كەلدىم. دېمەكچى-
مەنكى، بۇ يەر شۇنچىلىك تىمتاس، بۇرۇختۇم بىلىنىپ
زادىلا تۇرغۇم كەلمىگەچكە چارشەنبىنى ساقلىماي كې-
تىش نىيىتىگە كەلدىم-دە، نيۇ-يوركتىن ئەڭ ئەرزان
باھالىق مېھمانخانىدىن بىر ئۆي ئېلىپ چارشەنبىگىچە
تۇرماقچى بولدۇم. ئارام ئېلىپ كەيپىياتىم سەل ياخ-
شىلانغاندا چارشەنبە ئۆيگە قايسام بولىۋېرەتتى. قىيا-
سىمچە ئاتا-ئانام مېنىڭ مەكتەپتىن ھەيدەلگەنلىكىم
ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى (سۆيمونىڭ خېتىنى) سەي-
شەنبە-چارشەنبە كۈنلىرى تاپشۇرۇۋالاتتى. ئۆيگە
بالدۇر بېرىۋالماي ئۇلار خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ بۇ ئىشنى
كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاچچىقى سەل بېسىققاندا بېرىش
چوتىنى سوقتۇم. ئاپامنىڭ ئاچچىقى بەك يامان ئىدى.
لېكىن قانداقلا ئىش بولسۇن، كاللىسىدىن ئازراق ئۆت-
كەندە ئۇنىڭغا گەپ ئۇقتۇرماق ئانچە قىيىن ئەمەس
ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە نېرۋىلىرىم ھەددىدىن زىيادە
ئەسەبىيلەشكەن بولۇپ، دەم ئېلىشقا موھتاج ئىدىم. ھە-
قىقەتەن نېرۋام بەك ئاجىزلاپ كەتكەنىدى.

مەن شۇ نىيەتكە كەلگەندىن كېيىن، ئۆيگە قاي-
تىپ چىراغنى ياقتىم ۋە نەرسىلىرىمنى يىغىشتۇرۇشقا
كىرىشتىم. خېلى كۆپ نەرسەمنى يىغىشتۇرۇپ قويغا-
نىدىم. ستىرادلېتا ئويغىنايمۇ دېمىدى. بىر تال تاماكا تۇ-
تاشتۇرۇپ كىيىملىرىمنى كىيدىم، ئىككى چامادانىمنى
رەتلىدىم. بىرنەچچە مىنۇتتىلا ئىش تۈگىدى.
مەن نەرسىلىرىمنى ئادەم ھەيران قالغۇدەك تېز
يىغىشتۇراتتىم.

يۈك-تاقلىرىمنى جايلىغىچە ئاپام تېخى نەچچە

كۆڭلۈمنى پەرىشان قىلدى . يەنە كېلىپ ئۈزۈن بىسلىق كانكى دېسەم ئاپام قىسقىسىنى ئاپتىكەن، بۇنىڭغىمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولغان . دائىملا شۇنداق . بىرى ماڭا بىرەر نەرسە سوۋغا قىلماقچى بولسا ئاخىر بېرىپ مېنى پەرىشان قىلىپ قويىدۇ .

كۈننىڭ ئالدىدا ئەۋەتكەن يېپيېڭى مۇز تېيىلىش ئايىغىنى شۇ پېتى ئېلىپ مېڭىشقا توغرا كەلگىنىدىن كۆڭۈلۈم يېرىم بولدى . چۈنكى ئاپامنىڭ بۇ ئاياغنى سىبالدىن ماگىزىنىدىن سېتىۋالغىنىچە پىركازچىكتىن نۇرغۇن ئەخمىقانە سوئاللارنى سورىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايتتىم . ئەمما مەن مەكتەپتىن ھەيدەلگەنىدىم . بۇ ھال كۆڭلۈمنى پەرىشان قىلدى . يەنە كېلىپ ئۈزۈن بىسلىق كانكى دېسەم ئاپام قىسقىسىنى ئاپتىكەن ، بۇنىڭغىمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولغان . دائىملا شۇنداق . بىرى ماڭا بىرەر نەرسە سوۋغا قىلماقچى بولسا ئاخىر بېرىپ مېنى پەرىشان قىلىپ قويىدۇ .

ئىشىمنى توختىتىپ پۇللىرىمنى ھېسابلاپ باقتىم . سانى ئېسىمدە يوق ، ئىشقىلىپ ، خېلى جىق پۇل بار ئىكەن ، بۇنداق بولۇشى بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا مومام پۇل ئەۋەتكەنىدى . مومام قېرىپ قالغاچمىكىن ، پۇلنى قىسىنماي ئىشلىتەتتى . تۇغۇلغان كۈن سوۋغىتى دەپ ماڭا يىلدا تۆت قېتىم پۇل ئەۋەتەتتى . ھازىر يېنىمدا جىقلا پۇل بولسىمۇ ، جىددىي لازىم بولىدىغان ئىش چىقىپ قالسا يەتمەسمىكىن دەپ قورقتۇم . پەسكە چۈشۈپ ماشىنكامنى بېرىپ تۇرغان ئاداش فرېدرىك ۋۇئودرۇفنى ئويغىتىپ ، ماشىنكامنى قانچە پۇلغا ئالىسەن ، دەپ سورىدىم . چۈنكى بۇ كاساپەت خېلى باي ئىدى . ئۇ بىلمەيمەن ، ماشىنكا ئالغۇم يوق ، دېدى . كېيىن ئاپقالدى . بۇ ماشىنكا 90 دوللارغا ياراتتى . لېكىن ئۇ ئاران 20 دوللار بەردى . ئويغاتقىنىمغا خېلىلا خاپا بولدى .

قولۇمدا سومكا ، چاماندان ، پەلەمپەي ئېغىزىدا بىردەم تۇردۇم . كارىدورغا ئاخىرقى قېتىم نەزەر سالدىم . نېمىشقىدۇر مېنى يىغا تۇتتى . قىزىل رەڭلىك ئوۋچىلار شەپكىسىنى ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان پەدىدە چېكىلىكىنى كەينىگە قىلىپ كىيىۋالغانىدىم . مەن بار كۈچۈم بىلەن : « ئۇخلىشە ، تازا ئۇخلاش نان قېپىلا ! »

دەپ ۋارقىرىدىم . باغلىشىمەنكى ، مۇشۇ قەۋەتتىكى ھارامزادىلەرنىڭ ھەممىسى ئويغىنىپ ئاندىن مەن بۇ يەردىن ئايرىلدىم . قايسى مۇناپىق خاسىڭ شوپۇكىنى تاشلىۋەتكەنكىن ، مەن بەتبەخت يىقىلىپ بويىنۇم ئۈزۈلگىلى تاس قالدىم .

# 8

بەك كەچ بولۇپ كەتكەچكە تاكسى تاپالماي ، پويىز بېكىتىگىچە پىيادە كەلدىم . يول يىراق ئەمەس ، لېكىن سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى . قار قېلىن ، مېڭىش قىيىن . ئاناڭنى ، قولۇمدىكى چامادان ، سومكىلار پۇ- تۇمغا ئۇرۇلۇپ ئىچىمنى پىشۇردى . سىرتنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن بەكمۇ ھۇزۇرلاندىم . لېكىن سوغۇق شامال ۋىژىلداپ بۇرنۇم ، ئېڭىكىم ئاغرىپ كەتتى . ستىرادلېتا ئېڭىكىمگە مۇشت سالغاندا ، لېۋىم چىشلىرىمغا تېگىپ زەخىملەنگەچكە سوغۇقتا تېخىمۇ ئاغرىدى . ھېلىمۇ ياخشى قۇلىقىم ئىسسىق تۇردى . بۇنداق بولۇشى ، مەن يېڭى سېتىۋالغان شەپكەمنىڭ ئۈستىدىكى قۇلاق قېپىنى قۇلىقىمغا كىيىۋالغانىدىم . سەت تۇرامدۇ ، تۇرمامدۇ نېمە كارىم دەپ ئويلىدىم . لېكىن ئەل ياتقۇ ۋاقتى بولغاچقا ، يولدا بىرمۇ ئادەم ئۇچرىمىدى .

پويىز بېكىتىگە كېلىپ ئون مىنۇتتەك ساقلىساملا پويىز كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ خېلى تەلىيىم بار كەن دەپ ئويلىدىم . شۇ ئارىلىقتا قار بىلەن يۈزۈمنى يۇيۇپ ، يۈ- زۈمدىكى قانلارنى چىقىرىۋەتتىم .

مەن ئادەتتە ، بولۇپمۇ كېچىدە پويىزغا ئولتۇرۇپ مېڭىشنى بەك ياخشى كۆرەتتىم . ۋاگون يورۇق ، سىرت قاپقاراڭغۇ . كارىدوردىن ھېلىدىن ـ ھېلىغا قەھۋە ، بولكا ، گۆشنان ، گېزىت ـ ژۇرنال ساتىدىغانلارنىڭ ئاۋازى كېلەتتى . مەن ئادەتتە قىيمىلىق بولكا بىلەن

تۆت ژۇرنال سېتىۋالاتتىم. ئەگەر پويىزغا كېچىسى چى-
قىپ قالسام ژۇرنالدىكى بىرقانچە ھېكايىنى ئوقۇپ تۈ-
گىتەتتىم. ھېلىقىدەك ھېكايىلەرنى سىزمۇ بىلىسىز. ئۇ-
نىڭدا داۋې ئىسىملىك، ياغاق، ئۈچلۈق ئىڭەك بىرمۇنچە
ئەرلەر، لىندا ياكى ماشا ئىسىملىك بىرمۇنچە ئېزىتقۇ ئا-
ياللار يېزىلىدۇ، بۇ ئاياللار داۋېلارنىڭ غاڭزىسىنى تۇ-
تاشتۇرۇپ بېرىدۇ. مەن كېچىسى پويىز بىلەن ماڭسام
شۇنىڭدەك ھېكايىلەرنى كۆرۈپ بولىمەن. لېكىن بۇ
قېتىم ئەھۋال ئوخشىمىغاچقا، ھېچنېمىگە كۆڭلۈم تارت-
مىدى. جايىمدا جىممىدە ئولتۇردۇم. پەقەت ئوۋچىلار
شەپكىسىنى بېشىمدىن ئېلىپ تىزىمغا قويۇۋالدىم.

تىروندۇن بېكىتىدىن بىر خانىم چىقىپ يېنىمدا
ئولتۇردى. كېچە بولغاچقا، پۈتۈن ۋاگون دېگۈدەك
بوش ئىدى، ئەمما مەن ئالدىدىكى ئورۇننى ئىگىلىۋالغا-
نىدىم، ئۇنىڭ يوغان سومكىسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ پو-
يىز خادىملىرى ياكى باشقا بىرى پۈتلىشىپ كېتەرمۇ
دېمەستىن، سومكىسىنى ئۆتەر يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسى-
غا قويۇۋېپ، ئۆزى — يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. يېڭىلا
كاتتا بىر زىياپەتتىن چىققانمىكىن ئۇنىڭ مەيدىسىدە
لەنخۇا گۈلى تۇراتتى. 40 — 45 ياشلاردا، ئەمما ئىنتايىن
گۈزەل ئىدى. ئاياللار مېنى ئەسىر قىلىۋالاتتى، ھەقىقە-
تەن شۇنداق ئىدى. ئۇچىغا چىققان شەھۋەتخور بول-
ساممۇ، بۇ جەھەتتىكى ئىشلىرىمنى ھېچ كىشىگە تىن-
مايتتىم. پەقەت ئاياللارنى ياخشى كۆرەتتىم شۇ. مەن
دېمەن، ئاياللار دائىم ئاشۇ پالاكەت ساياھەت سومكى-
لىرىنى يول ئۈستىگىلا قويۇۋالىدۇ.

خوش، ئىككىمىز بىر جايدا ئولتۇردۇق. ئۇ تۇ-
يۇقسىزلا:

— كەچۈرۈڭ، بۇ پانىسى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ
بەلگىسىمۇ، قانداق؟ — دېدى. ئۇنىڭ كۆزى يۈك —
تاق جازىسى ئۈستىدىكى كىچىك چامادانىمغا چۈشتى.

— شۇنداق، — دېدىم مەن. ئۇ توغرا ئېيتقانىدى. بىر چامادانىمغا ھەقىقەتەن پانسىنىڭ بەلگىسى چاپلانغانىدى. بۇ بەلگە بەكمۇ قوپال كۆرۈنەتتى.

— ئوھوي، سىز پانسى ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇمسىز؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى تېلېفوندىكى ئاۋازلاردەك تولىمۇ يېقىملىق، چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدىمۇ نەكەس تېلېفوندىن بىرى بولسا كېرەك.

— ھەئە، توغرا ئېيتتىڭىز.

— پاھ، ياخشى گەپ! مېنىڭ ئوغلۇمنى تونۇسىڭىز كېرەك. ئۇنىڭ ئىسمى ئونوستې مورو. پانسى ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ.

— ھەئە تونۇيمەن. ئۇ مەن بىلەن بىر سىنىپتا.

شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ ئوغلى پانسى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ھېلىقى ئېپلاس تارىخىدىن بۇيان قوبۇل قىلىنغان ھەممىدىن ناچار ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك. ئۇ مۇنچىدىن چىققاندىن كېيىن كارىدوردا تۇرۇپ لۆڭگىسى بىلەن ئۆتكەنلىكى ئادەمنىڭ ساغرىسىغا ئۇراتتى. ئۇ پۈتۈنلەي ئاشۇ خىلدىكىلەردىن ئىدى.

— شۇنداقمۇ، ئەجەب ياخشى! — دېدى ئۇ خانىم شۇنچىلىك مۇلايىملىق، سىپايىلىق بىلەن، — ئۇنىڭغا چوقۇم سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمنى ئېيتىمەن. قەدىرلىكىم، ئىسمىڭىزنى ئېيتىپ بەرسىڭىز قانداق؟

— رۇدولف سىمىد، — كەچۈرمىشلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىشتىن قېچىپ ئۇنىڭغا ياتاق بىناسىنىڭ دەرۋازىۋەنىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردىم.

— سىز پانسى ئوتتۇرا مەكتىپىنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ مېنىڭدىن.

— بەكمۇ يامان كۆرىمەن. ئۇ جەننەت ئەمەس، لېكىن كۆپلىگەن مەكتەپلەرگە قارىغاندا يامانمۇ ئەمەس.

بەزى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ناھايىتى تۈز كۆڭۈل.
— ئونوستىپ بۇ مەكتەپكە بەك چوقۇنىدۇ.
— بۇنى بىلىمەن، — دېدىم مەن، ئاندىن ئاغ-زىمغا كەلگەننى سۆزلەۋەردىم، — ئۇ شارائىتقا ئوبدان ماسلىشالايدىكەن. راستلا شۇنداقكەن. دېمەكچىمەنكى، ئۇ شارائىتقا قانداق ماسلىشىشنى ئۇقىدىكەن.
— شۇنداق ئويلامسىز؟ — ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن قىزىقىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.
— ئونوستىپنى دەمسىز؟ ئەلۋەتتە، — دېدىم، ئاندىن ئۇنىڭ پەلىيىنى سىپىلىشىغا قاراپ تۇردۇم. ئۇنىڭ قوللىرىدىكى ئۇزۇكلەر كۆزلەرنى چاقنىتاتتى.
— تاكسىدىن چۈشكىچە قولۇمنى ئۇرۇۋېلىپ بىر تىرنىقىمنى سۇندۇرۇۋالدىم، — ئۇ بېشىنى كۆتۈ-رۈپ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ تەبەسسۇمى ئا-جايىپ چىرايلىق، ھەقىقەتەن قالتىس چىرايلىق ئىدى. نۇرغۇنلىغان ئادەم كۈلەلمەيتتى، ياكى تاتلىق كۈلەل-مەيتتى، — ئونوستىپنىڭ دادىسى بىلەن بەزىدە ئۇنىڭ-دىن بەك ئەنسىرەيمىز. بەزىدە بىزگە ئۇ يارامىلىق مۇنا-سىۋەتچى (مۇناسىۋەتشۇناس) ئەمەستەك بىلىنىدۇ.
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟
— ھەي، بۇ بالىمىز ئىنتايىن تاۋى نازۇك، باشقا باللار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشنىمۇ بىلمەيدۇ. بەلكىم ئۇ مەسىلىلەرگە يېشىغا ماس كەلمەيدىغان بىر خىل كەس-كىنلىك بىلەن قارايدىغاندۇ.
تاۋى نازۇك ئىمىش. قاتتىق كۈلۈۋەتكىلى تاسلا قالدىم. چۈنكى مورو دېگىنى تاۋى نازۇك ئەمەس، بەلكى بىر زەمبىل پوق ئىدى.
مەن ئۇ ئايالغا دىققەت بىلەن سەپسالدىم. ئۇ ھا-ماقەتلەردىن ئەمەستەك، تۇرقىدىن ئوغلىنىڭ قانچىلىك بىرنېمە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغاندەك قىلاتتى. لېكىن بۇ-نىڭغىمۇ بىرنېمە دېيىش قىيىن. بۇگەپنى مەن بەزى ئا-

نىلارنى نەزەردە تۇرۇپ دەۋاتىمەن . چۈنكى بۇ ئانىلار-نىڭ ھەممىسىنىڭ نېرۋىسىدا ئازراق چاتاق بار ئىدى .
بىراق مەن مورونىڭ ئاپىسىنى ياقتۇرۇپ قالدىم . ئۇ نا-ھايىتى ساغلام ، ئەقىللىق كۆرۈنەتتى .
— تاماكا چېكەمسىز ؟ — دەپ سورىدىم .
ئۇ تۆت ئەتراپىغا قاراپ قويدى .
— بۇ ۋاگوندا تاماكا چېكىشكە رۇخسەت قىلى-نىدىغانلىقىغا ھېچ ئىشەنمەيمەن ، رۇدولف ، — دېدى ئۇ . بۇ ئىسمىمنى ئاڭلاپ كۈلگۈم كەلدى .
— كېرەك يوق ، بىز ئۇلار كېلىپ ۋارى - ۋارى قىلغۇچە چېكىۋالىمىز ، — دېدىم مەن . ئۇ قولۇمدىن بىر تال سىگارت ئالدى . چاقماق يېقىپ بەردىم .
ئۇنىڭ تاماكا چەككەندىكى ھالىتىمۇ ناھايىتى چىرايلىق ئىدى . تاماكىنى شورىغان بىلەن شۇ ياشتىكى كۆپ سانلىق ئاياللارغا ئوخشاش ئىچىگە تارتمايتتى . راستىلا بىلىشنى خالىسىڭىز دەپ بېرەي ، ئۇ بەكمۇ جە-لىپكار ، ھېسسىياتقا باي ، لاتاپەتلىك ئايال ئىدى .
ئۇ ماڭا غەلىتە بىر نەزەردە قارىدى . توساتتىن :
— كۆزۈم تورلاشقاندۇ بەلكىم ، لېكىن ئىشىنى-مەنكى ، بۇرنىڭىزدىن قان چىقىۋاتىدۇ ، قەدىرلىكىم ، — دېدى ئۇ .
مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قويۇپ قولياغلىقىمنى ئالدىم .
— بۇرنۇمغا قار پومزىكى تېگىپ كەتكەن . ئۇ قار پومزىكى تاشتەك قاتتىق ئىكەن ، — گەپ ئۇزىراپ كېتىشنى دېمىسەم ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دەپ بەر-گەن بولاتتىم . چۈنكى ئۇ ماڭا بەكلا يېقىپ قالغانىدى . شۇڭا بايا ئىسمىمنى رۇدولف سمىد دېمىسەم بوپتىكەن ، دەپ ئازراق پۇشايمان قىلدىم ، — بىلەمسىز ، ئوغلىڭىز پانسىدىكى ئەڭ چىقىشقاق ئوقۇغۇچى .
— ياق ، بىلمەيدىكەنمەن .

— كىملا بولمىسۇن، ھەقىقەتەن چۈشىنىشكە خېلى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇنىڭ مىجەزى غەلىتە. نۇرغۇن تەرەپلەردە بەكلا غەلىتە، دېمەكچى بولغىنىمنى ئۇقۇۋاتامسىز؟ خۇددى مەن يېڭىلا ئۇنى ئۇچراتقان چاغدىكىگە ئوخشاش. مەن دەسلەپ كۆرگەندە، ئۇنى بايلىق ۋە مەرتىۋىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان پەس بىر ئادەممىكىن دەپتىكەنمەن. شۇ چاغدا ھەقىقەتەن شۇنداق ئويلىغانتىم. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەسكەن. بىرلا يېرى مىجەز ـ خاراكتېرى بەكمۇ ئۆزگىچە ئىكەن. ئۇنى ئۇزۇنراق ۋاقىت بىللە بولسىڭىز ئاندىن چۈشىنىدىكەنسىز.

مورخانىم ھېچ نەرسە دېمىدى. لېكىن ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىنى بىر كۆرسىڭىز ئىدى. ئۇ جايىغا مىخلىنىپ قالغاندەكلا بوپقالدى. ھەرقانداق بىر ئانا ئۆز ئوغلىنىڭ قانچىلىك قالتىس ئادەم ئىكەنلىكىنى بەكمۇ بىلگۈسى كېلىدۇ.

ئەمدى مەن قارىسىغا سۆزلەشكە باشلىدىم: — ئۇ سىزگە سايلامنىڭ ئىشىنى ئېيتتىمۇ؟ — دېدىم مەن، — سىنىپ ھەيئەتى سايلىمى ئىشىنى.

ئۇ بېشىنى چايقىدى. مەن ئۇنى مەيتۇن قىلىۋالغاندەك قىلاتتىم. دەرۋەقە ئۇ ئاللىقانداق بىر خىياللار دەرياسىدا كېزەتتى.

— ھەي، كۆپىمىز سىنىپ باشلىقى بولۇشقا ئونوستېنى كۆرسەتتۇق. دېمەكچىمەنكى، بۇ خىزمەتنى پەقەت ئۇلا ھەقىقىي تۇردە ئۇستىگە ئالالايتتى. لېكىن باشقا بىرى، يەنە خالبي ۋانسو سايلاندى. بۇنىڭ سەۋەبى، مانا مەن دەپ ئېنىق كۆرۈنۈپلا تۇرغاندۇ. ئونوستىي بىزنىڭ ئۇنى كۆرسىتىشىمىزگە زادىلا ئۇنىمىدى. ئۇ بەكمۇ تارتىنچاق، كەمتەر بولغاچقا سىنىپ باشلىقى بولۇشنى رەت قىلدى... ھەي، ئۇ ئىنتايىن تارتىنچاق. سىز ئۇنىڭ بۇ ئەيىبىنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرىشىڭىز كېرەك. ئۇ سىزگە بۇ ئىشلارنى ئېيتتىمۇ؟

— ياق، ھېچنېمە دېمىدى.

— ئونوستې مانا مۇشۇنداق، بىر ئىش بولسا ھېچكىمگە تىنمايدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئىنتايىن تارتىنچاق، بەك كەمتەر بولۇشتەك ئەيىبى بار. ئۇنى سىز ئۆزىنى ئەركىنرەك تۇتىدىغان قىلىشىڭىز كېرەك.

شۇ ئارىدا پويىز خادىمى كېلىپ مورو خانىمنىڭ بېلىتىنى تەكشۈردى. مەن گەپ خالتامنى ئاستا يىغىشتۇرۇۋالدىم. بىراق زەي سالماي پونى راسا ئاتقىنىمدىن بەك خۇشال. موروغا ئوخشاش لۆڭگە بىلەن خەقنىڭ ساغرىسىغا سالىدىغان نېمىلەر — ئۇ خەقنىڭ جېنىنى قاقشىتىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىدۇ — ئەسكىلىكنى بالا ۋاقتىدىلا ئەمەس، ئۆمۈر بويى قىلىدۇ. باغلىشىمەنكى، مورو خانىم مېنىڭ پو ئېتىپ قىلغان گەپلىرىم بىلەن ئوغلىنى ئىنتايىن تارتىنچاق، كەمتەر بالا، شۇڭا ئۇ كۆپچىلىك سىنىپ باشلىقلىقىغا كۆرسەتسىمۇ ئۇنىماپتۇ، دەپ قالدى. ئۇ شۇنداق ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇنىڭغىمۇ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئانىلار بۇنداق ئىشلارغا بەكمۇ سەزگۈر كەلمەيدۇ.

— ئەبجەش ھاراق ئىچكۈڭىز بارمۇ؟ — ئۆزۈمچە ھاياجانلىنىپ كۆڭلۈم ھاراق تارتىپ قالغانىدى، — پويىز تاماقخانىسىغا بارايلى، قانداق، بولامدۇ؟

— قەدىرلىكىم، ھاراق ئىچسىڭىز بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ. بىراق تەلەپپۇزىدا ئازراقمۇ كەمسىتىش يوق. ئۇنىڭ جىمى يېرىدىن نازاكەت، سۈلكەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى، شۇڭا كەمسىتىش سۆزىنى ئېغىزغا ئېلىشمۇ يوق گەپ ئىدى.

— ھەي ياقەي. جىددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا بولمايدۇ. بىراق بويۇم ئېگىز بولغاچقا ئازراق ئىچىپ قويىمەن. يەنە كېلىپ چېچىمدا ئاقمۇ خېلى بار، — مەن بېشىمنى يانتۇ قىلىپ ئاق چاچلىرىمنى ئۇنىڭغا

كۆرسەتتىم. ئۇ ئاجايىپ خۇشال كۈلۈپ كەتتى، — يۈرۈك، مەن بىلەن بىللە بېرىڭ، بولامدۇ؟ — مەن راستلا ئۇ مەن بىلەن بىللە بارسىكەن دەپ ئارزۇ قىلدىم.

— پەقەت ئىچكۈم يوق. شۇنداقتىمۇ سىزگە كۆپ رەھمەت، قەدىرلىكىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر بەك كەچ بولۇپ كەتتى، پويىز تاماقخانىسىمۇ ئىشتىن چۈشكەندۇ. بۇنى سىزمۇ بىلىسىز، — دېدى ئۇ. ئۇ توغرا ئېيتقانىدى. مەن شۇتاپتا قايسى چاغ بولغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئېسىمدىن چىقىرىپتىمەن.

ئۇ ماڭا تىكىلىپ سورىمىسىكەن دەپ تۇرغان بىر سوئالنى مەندىن سورىدى:

— ئونوستىپ خېتىدە مىلاد بايرىمىلىق دەم ئېلىش چارشەنبە كۈندىن باشلىنىدۇ، شۇكۈنى ئۆيگە قايتىمەن، دەپتىكەن، — دېدى ئۇ، — ئۆيدە بىرەرسى ئاغرىپ قېلىپ سىزنى تۇيۇقسىز چاقىرتىمىغاندۇ-ھە؟ — ئۇنىڭ تۇرقىدىن يوق ئىشلارغا ئارىلىشىۋاتقانلىقى ئەمەس، ھەقىقىي ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ئۇنداق ئەمەس، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئوبدان. مەن ئوپېراتسىيە قىلدۇرماقچى ئىدىم، — دېدىم مەن.

— شۇنداقمۇ، سىز ئۈچۈن كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ چىرايى بۇنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. شۇئان بۇنداق دېمىسەم بوپتىكەن دەپ پۇشايمان قىلدىم. بىراق ۋاقىت ئۆتكەنىدى.

— ئەھۋال ئۇنچە ئېغىر ئەمەس. مېڭەمدە كىچىككىنە ئۆسمە باركەن.

— ھوي، ئۇنداق ئەمەستۇ! — ئۇ ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇۋالدى.

— ھېچقانداق خەتىرى يوق، مېڭىنىڭ تاش پوستىغا يېقىن ھەم بەك كىچىك ئىكەن. نەچچە مىنۇت-

تىلا ئېلىبۆەتكىلى بولىدۇ.

مەن يالغاننى توقۇۋېرىشتىن توختاپ قالاي، دەپ يانچۇقۇمدىن پويىزلارنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىنى ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدىم. چاقچاق گەپ ئەمەس، ئاغزىم بىر ئېچىلسا سائەتلەپ سۆزلەۋېرەتتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز قايتا سۆزلەشمىدۇق. ئۇ قولىدىكى «مودا» ژۇرنىلىنى ئوقۇدى، مەن دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇردۇم. ئۇ نيۇ ــ ۋاك بېكىتىدە چۈشۈپ قالدى. ئوپېراتسىيەمنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلىدى. مېنى كېلەر يىلى يازدا ماسساچۇسېتس شىتاتىدىكى گلوستېرغا ئونوستېنى يوقلاپ بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ، داچىمىز دېڭىز بويىدا، چويلا توپ مەيدانىمىزمۇ بار دېگەنىدى، مەن مومام بىلەن جەنۇبىي ئامېرىكىغا بارماقچى دەپ تەكلىپنى رەت قىلدىم. بۇ قىپقىزىل يالغانىدى. چۈنكى كونا تىياتىر كۆرۈشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مومام تالا ــ تۈزگە كەم چىقاتتى. لېكىن پۈتۈن دۇنيادىكى پۇلنى يىغىپ ماڭا بەرگەن تەقدىردىمۇ (بېشىم بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسىمۇ) ياكى، قاق سەنەم گاداي بولۇپ قالسامۇ، مورو دېگەن جالاپنىڭ بالىسىنى ھەرگىزمۇ يوقلاپ بارمايمەن.

## 9

مەن پويىزدىن چۈشۈپ پائېن بېكىتىدە بىر تېلېفون بوتكىسىغا كىردىم. مەندە كىمدۇ بىرى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىش ئىشتىياقى تۇغۇلغانىدى. مەن قاراشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن چامادانىنى تېلېفون بوتكىسى ئىشىكى ئالدىدا قويۇپ قويدۇم. ئىچكىرىگە كىردىمۇ، كىمگە تېلېفون بېرىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئاكام D·B ھوللىۋودتا. سىڭلىم فۇئېبې سائەت توققۇزلاردىلا يېتىپ بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا تېلېفون بەر-

سەم بولمايدۇ. ئۇغۇ ئويغاتقىنىمدىن رەنجىمەيدۇ، لېكىن تېلېفوننى ئۇ ئالماي ئاتا ــ ئانام ئالسا ئىش چاتاق. ئۇنىڭغىمۇ تېلېفون بېرەلمەيمەن. خىيالىمغا جېن گاللاگنىڭ ئاپىسىغا تېلېفون بېرىپ، جېننىڭ قاچان دەم ئېلىشقا چىقىدىغانلىقىنى ئۇقۇشۇپ بېقىش ئويى كەلدى. لېكىن بەك كەچ بولغاچقا، ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرغۇم كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن دائىم بىللە يۈرىدىغان قىز دوستۇم سارى خايېسقا تېلېفون بەرمەكچى بولدۇم. ئۇلارنى مىلاد بايرىمىلىق دەم ئېلىشقا قويۇۋەتكەن، ئۇ ماڭا ناھايىتى ئۇزۇن ۋە قۇرۇق تەكەللۇپ بىلەن خەت يېزىپ، مىلاد بايرىمى ھارپىسىدا كېلىپ مىلاد بايرىمىلىق دەرەخنى بېزىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ تېلېفونىنىمۇ ئاپىسى ئېلىشىدىن قورقتۇم. سەۋەب، ئۇنىڭ ئاپىسى ئاپامنى تونۇيتتى. ئەگەر تېلېفوننى ئۇ ئايال ئالسا مۈدۈرۈپ، يىقىلىپ كېتەرمەنمىكىن دېمەي ئالدىراپ ــ تېنەپ ئاپامغا تېلېفون بېرىپ مېنىڭ نيۇ ــ يوركتا ئىكەنلىكىمنى خەۋەر قىلاتتى. يەنە كېلىپ خايېس خانىم بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكۈم يوق ئىدى. بىر قېتىم ئۇ سارىغا مېنى بەك ياۋايى، تۇرمۇشتا مەقسەت ــ نىشانى يوق بالا ئىكەن دەپتۇ. خوئوتېن ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ساۋاقدىشىم كال لوسقا تېلېفون بېرەيچۇ دەپ ئويلىدىم. ئەمما ئۇنى ئانچە ياقتۇرمايتتىم. شۇنداق قىلىپ مەن تېلېفون بوتكىسىدا 20 مىنۇتچە تۇرۇپ تېلېفون بەرمەيلا قايتىپ چىقتىم ــ دە، قول چامادانىمنى كۆتۈرۈپ تاكسى توختايدىغان يەر ئاستى يولىغا بېرىپ تاكسىغا چۈشتۈم.

مەن كاساپەت كاللام جايىدا بولمىغاچقا ئادىتىم بويىچە شوپۇرغا ئۆيۈمنىڭ ئادرېسىنى دەپتىمەن. دېمەكچىمەنكى، مەن چارشەنبىگىچە مېھمانخانىدا تۇرۇپ، دەم ئېلىش باشلانغاندا ئاندىن ئۆيگە قايتىدىغانلىقىمنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن. ماشىنا باغچىنىڭ يېرىمىدىن ئۆت-

كەندە، ئاندىن بۇ ئىش ئېسىمگە كېلىپ شوپۇرغا:
— هوي، مەن ئادرېسنى خاتا دەپ قويۇپتىمەن. شەھەر مەركىزىگە قايتماقچىمەن. شۇڭا بىر ئامال قىلىپ دەرهال كەينىڭىزگە قايتسىڭىز بولامدۇ؟ — دېدىم.
شوپۇر مەككار نېمىكەن.
— بۇ يەردە ماشىنىنى ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ، بۇ تاق لىنىيىلىك يول، 90 ـ نومۇرلۇق يولغىچە بېرىپ ئاندىن قايتالايمەن.
ئۇنىڭ بىلەن تالاشقۇم كەلمىدى.
— بوپتۇ، — دېدىم، شۇ ئەسنادا بىر ئىش يادىمغا كېپقالدى، — ھەي، گېپىمنى ئاڭلاڭ. سىز مەركىزىي باغچىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى دۆڭ كۆل ئەتراپىدىكى غازلارنى بىلەمسىز؟ ھېلىقى كىچىك كۆلچۇ؟ كۆل قاتتىق مۇز تۇتقاندىن كېيىن بۇ غازلارنىڭ نەگە كېتىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ سىزدىن سوراۋاتىمەن، بىلەمسىز، بىلمەمسىز؟ — سوئالىمنىڭ مىڭدىن بىر قىسمىنى راست ھېسابلىغاندا، قالغىنى پۈتۈنلەي تۇتۇرۇقسىزلىق ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇم ئىدى.
ئۇ، ساراڭ نېمىمۇ بۇ، دېگەندەك، قايرىلىپ ماڭا قارىدى:
— ئىنى، بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز، مېنى ئەخمەق قىلاي دەمسىز؟
— ئۇنداق ئەمەس. پەقەت قىزىقىپ سوراپ باقتىم.
ئۇ ئۈندىمىدى، مەنمۇ گەپ قىلمىدىم. ماشىنا باغچىدىن چىقىپ 90 ـ نومۇرلۇق يولغا كەلگەندە، ئاندىن ئېغىز ئاچتى.
— قېنى دەڭ، ئىنى. قەيەرگە بارىسىز؟
— ھەي، شەرقىي رايوندىكى مېھمانخانىلاردا ياتقۇم يوق. سەۋەب تونۇشلارغا يولۇقۇپ قېلىشتىن قورقىمەن. چۈنكى مەن سىرلىق ساياھەتچى، — مەن

« سىرلىق ساياھەت » دېگەندەك قوپال سۆزلەرنى قى-
لىشتىن تولىمۇ بىزار بولساممۇ، تەربىيىسىز قوپال ئادەم-
لەرگە يولۇققان چاغلاردا مەنمۇ شۇلارنىڭ قېلىپىغا كى-
رىۋالىمەن، — بىلەمسىز، تۇفت ياكى نيۇ - يوركلۇقلار
تۇن كۇلۇبىدا كىمنىڭ مۇزىكا ئەترىتى ساز چالىدۇ،
قېنى ئېيتىڭچۇ؟

— بىلمەيدىكەنمەن، ماك.

— ھەي، ئەمىسە مېنى ئېدمونغا ئاپىرىپ قو-
يۇڭ، يولدا ئازراق توختاڭ، سىزنى بىر ئىستاكان ئەب-
جەش هاراق بىلەن مېھمان قىلاي، پۇلۇم خېلى بار.

— كەچۈرۈڭ، ماك، بولمايدۇ، — ئۇ ھەقىقە-
تەن ئوبدان ھەمراھ ئىدى. لېكىن مىجەزى بەكلا
قورقۇنچلۇق.

ئېدمون مېھمانخانىسىدىن بىر ئېغىز ئۆي ئال-
دىم. ماشىنىدا مەن كۆكلۈمنى كۆتۈرۈش ئۈچۈنلا
ئۈۋچىلار كىيىدىغان ھېلىقى قىزىل شەپكەمنى كىيىۋال-
غانىدىم. ئۆزۈمنى غەلىتە ئادەمدەك كۆرسىتىشنى خالى-
ماي، مېھمانلانغا كىرگىچە ئۇ شەپكىنى بېشىمدىن ئې-
لىۋەتتىم. سۆزلەپ كەلسەم تولىمۇ قىزىق ۋە كۈلكىلىك.
مەن ئۇ چاغدا بۇ مېھمانخانىغا چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسى-
نىڭلا غەيرىي نورمال ھالەتتىكى ۋە دەلدۈش، ئەقلىدىن
ئازغان غەلىتە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى پەقەت بىلمەپتىمەن.

ئۇلار ماڭا بەكمۇ ئاددىي بىر ئۆينى بەردى. دې-
رىزىسىدىن مېھمانخانىنىڭ يەنە بىر بۇرجىكىدىن بۆلەك
ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. لېكىن ھازىر بەكمۇ
روھسىز بولغانلىقىم ئۈچۈن، سىرتنىڭ مەنزىرىسىنىڭ
ياخشى ياكى ناچارلىقىغا باھا بەرگۈدەك ئەھۋالىم يوق
ئىدى. مېنى ئۆيگە 65 ياشلىق بىر بوۋاي باشلاپ
كىردى. بۇ ئادەمنىڭ تاقىر بېشىنى ئازغىنا چېچى بىلەن
يېپىۋالغانلىقى بۇ ئۆيدىن بەكرەك كەيپىمنى ئۇچۇردى.
ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام تاقىر باش

يۈرسەم يۈرەتتىمكى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدەك قاملاشمىغان ئىشنى قىلمايتتىم. قانداقلا بولمىسۇن 65 ياشلىق بىر ئادەمنىڭ بۇنداق ئىشنى قىلىپ يۈك ـ تاق كۆتۈرۈپ، تاپان ھەققى بەرسىكەن دەپ خەقنىڭ قولىغا قاراپ يۈرۈشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر گەپتە. پەمىمچە ئۇ تۈزۈك ئوقۇمىغان بولسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ بۇ بىر قورقۇنچلۇق ئىش.

ئۇ چىقىپ كەتتى. مەن كىيىملىرىمنىمۇ سالماي دېرىزە تۈۋىدە بىرپەس سىرتقا قاراپ تۇردۇم. باشقا ئۆيدىكى كىشىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەرسەم چوقۇم قاتتىق ھەيران قالىسىز. ئۇلار ھەتتا دېرىزە پەردىسىنىمۇ يېپىۋەتمەيدىكەن. چارباش، خېلىلا سالاپەتلىك بىر ئادەمگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى دەپ بەرسەم ھەرگىز ئىشەنمەيسىز. ئۇ چامادانىنى كارىۋات ئۈستىگە قويۇپ، ئۇنىڭدىكى ئايالچە كىيىملەرنى ئېلىپ كىيىشكە باشلىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئۇزۇن پايپاق، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ، لىپتىك، تار لەمكىلىك (كۆكرەك ئۈستىدىن دۈمبىسىگىچە تار تاسمىلىق) ئىچ كۆڭلەك قاتارلىق نوقۇل ئايالچە كىيىم كىيدى. ئاندىن بېلى تار كۆڭلەك كىيدى. بۇنىڭ راستلىقىغا قەسەم ئىچىپ بېرەلەيمەن. ئاندىن ئۇ قولىدا تاماكا، ئۆيدە ئۇ ياندىن بۇ يانغا ئاياللاردەك قىسىپ دەسسەپ ماڭدى، پات ـ پات ئەينەككە قارىدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز ئىدى، باشقا ئادەم بولسا مۇنچىدىمىكىن، مەن كۆرمىدىم. كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىدىكى دېرىزىدىن ئاغزىدا بىر ـ بىرىگە سۇ چېچىشىۋاتقان ئەر ـ ئايالنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئاغزىدا ئالغىنى سۇ ئەمەس، مۇز قوشۇلغان ۋىسكىلىق سۇدا سۇيى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىستاكانغا نېمە قۇيۇلغانلىقىنى كۆرەلمىدىم. ھە، ئاۋۋال ئەر ـ ئايالغا چاچتى. كېيىن ئايال ئەرگە چاچتى. يا پەرۋەردىگار، سىز ئۇلارنى بىر

كۆرسىڭىز ئوبدان بولاتتى . ئۇلار گويا بۇ دۇنيادىكى
ھەممىدىن قىزىقارلىق ئويۇندەك ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان
ھالدا ئەسەبىيلەرچە ئويناشتى . چاقچاق قىلغىنىم ئە-
مەس . بۇ مېھمانخانا پۈتۈنلەي روھىي جەھەتتىن غەيرىي
نورمال ھالەتتىكى كىشىلەر بىلەن تولغانىكەن . پو ئات-
قىنىم ئەمەس ، بۇ يەردە بىردىنبىر نورمال ئادەم مەن
بولسام كېرەك . مەن سترادلېتاغا ئەڭ تېز سۈرئەتلىك
پويىز بىلەن نيۇ ـ يوركقا دەرھال ئۈنگىن دەپ تې-
لېگرامما بەرگۈم كېلىپ كەتتى . ئەگەر ئۇ كەلسە چوقۇم
بۇ مېھمانخانىنىڭ پادىشاھى بولغان بولاتتى .
يامان يېرى شۇكى ، كۆڭلىڭىزدە توغرا تاپمى-
سىڭىزمۇ ، بۇنىڭدەك بەتقىلىقلار كۆرسىڭىز تولىمۇ قىزى-
قارلىق تۇيۇلىدىكەن . مەسىلەن ئالايلۇق ، يۈز ـ كۆزى
سۇ بولۇپ كەتكەن قىز ناھايىتى چىرايلىق ئىدى . مې-
نىڭ چاتاق يېرىم شۇ ، كۆڭلۈمدە مەن بەلكىم پۈتۈن
جاھاندىكى ئەڭ ، ئەڭ شەھۋەتخور ، كۆڭلى سۇيۇق ئا-
دەمدۇرمەن . بەزى چاغلاردا مەن شۇنداق پەسكەش قى-
لىقلارنى ئويلاپ تاپىمەنكى ، پۇرسەت چىقسىلا ئۇنى
قىلماي قويمايمەن . ئەگەر ئاشۇنىڭدەك قىزنى تاپساڭ ،
قىز ، ئوغۇل ئىككىلىسى ، مەست بولسا ، ئاشۇلاردەك
بىر ـ بىرىمىزنىڭ يۈزىگە سۇ پۈركۈپ ئوينىساق قانداق
ياخشى بولاتتى ، دەپ خىيالىمدا شۇنى تەسەۋۋۇرمۇ
قىلدىم . بىراق مەسىلە شۇ يەردىكى ، ئوبدان ئويلاپ
باقسىڭىز بۇنداق قىلىشنىڭ ئىنتايىن قىلىقسىزلىق ، بىھا-
يالىق ئىكەنلىكىنى بايقايسىز . شۇڭا ئۇنداق قىلىشنى
ياقتۇرمىدىم . مەن ئويلايمەن ، ئەگەر بىر قىزنى ھەقىقىي
ياخشى كۆرمىسىڭىز ، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ بىلەن ئاياق ـ چا-
پاق بولماسلىقىڭىز كېرەك ؛ ئۇنداق قىلىقسىزلىقلارنى
قىلماستىن ، شۇ گۈزەل رۇخسارنى ئوبدان ئاسرىشىڭىز
كېرەك . ھەممىدىن يامان بولغىنى نۇرغۇن قىلىقسىز-
لىقلار شۇنى قىلىۋاتقاندا تولىمۇ قىزىق تۇيۇلىدۇ . لېكىن

قىزلارمۇ ئۇسال . ئەگەر سىز بەك بىھايالىقلارنى قىلمىسىڭىز ، ھەقىقىي گۈزەل نەرسىلەرنى بۇزۇۋشنى خالىمىسىڭىز ، ئەكسىچە ئۇلار رەنجىپ قالىدۇ . بىر ـ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا مەندىمۇ بەك قىلىقسىز ، ھاياسىز بىر قىزنى ئۇچرىتىپ قالدىم . ئۇ ھەقىقەتەن بەك بىھايا ئىدى ! بىز قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ تولىمۇ ھاياسىز شەكىللەر بىلەن بىرپەس كۆڭلىمىزنى خۇش قىلدۇق . جىنسىيەت دېگەن نېمىنى مەن ھەقىقەتەن ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيمەن . ئادەم ھەتتا بەزىدە ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالىدۇ . مەن جىنسىيەت جەھەتتە ھەمىشە ئۆزۈمگە قائىدىلەرنى بېكىتىمەن . لېكىن تېزلا بۇزۇۋېتىمەن . بۇلتۇر مەن ئۆزۈمگە بىر قائىدە بەلگىلەپ ، كۆڭلۈمدە ياقتۇرماي بىزار بولىدىغان قىزلار بىلەن ھەرگىز ئاپاق ـ چاپاق بولماسلىق نىيىتىگە قەتئىي كەلدىم . لېكىن ئۇنى بىر ھەپتىگىمۇ قالماي بۇزۇۋەتتىم . ئەمەلىيەتتە بولسا شۇ قائىدىنى بەلگىلىگەن كۈنى ئاخشىملا بۇزۇۋەتتىم ـ دە ، ئاننى لوئىس شۇمان ئىسىملىك شاللاق بىر قىز بىلەن پۈتۈن بىر كېچە ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ چىقتىم . جىنسىيەت دېگەن نېمىنى مەن ھەقىقەتەن ئانچە چۈشەنمەيمەن ، ئاسمان بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى ، تۈزۈك چۈشەنمەيمەن .

دېرىزە تۈۋىدە مىدىر قىلماستىن تۇراتتىم . كاللامغا بىر ئوي كەلدى . جېنغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئالايمۇ ، قانداق قىلاي ، دېمەكچى بولغىنىم ، تېلېفوننى ئۇنىڭ ئاپىسىغا ئۇرماي مەن B・M گە ، يەنى ئۇ ئوقۇۋاتقان مەكتەپكە ئۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئۆيىگە قاچان قايتىدىغانلىقىنى ئۇقۇشۇپ باقاي دېدىم . قائىدە بويىچە ئوقۇغۇچىلار تۈن كېچىدە تېلېفون بېرىشكە بولمايتتى . لېكىن مەن ھەممىنى پىلانلاپ ، تېلېفوننى مەيلى كىم ئالسۇن ، مەن ئۇنىڭ ھاممىسى ، تاغىسى بايىلا ماشىنا ھادىسىسىدە قازا تاپتى ، ئۇنىڭ بىلەن ھازىرلا سۆزلەشمىسەم بولمايدۇ

دېمەكچى بولدۇم. شۇنداق قىلسام ئىش ئوڭغا تارتاتتى. لېكىن كەيپىم جايىدا بولمىغاچقىلا ئۇنداق قىلمىدىم ۋە دېمىدىم. سىزمۇ كۆڭلىڭىز پەرىشان چاغلاردا بۇنداق ئىشلارنى قىلمايسىز.

بىردەمدىن كېيىن بېرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتىم. ئېتىراپ قىلمىسام بولمايدۇ، تۇرۇپلا شەھۋانىي ھەۋىسىم قوزغىلىپ قالدى. ئارقىدىنلا بىر چارە ئويلاپ تاپتىم. دەرھال خۇرۇم پورتمىنىمنى ئېلىپ بىر ئادرېسنى ئىزدىدىم. ئۇنى ماڭا بۇ يىل يازدا تانسىدا يولۇقتۇرغان لىندىستېن ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇيدىغان بىر ئاداش بەرگەنىدى. ئادرېسنى تاپتىم. ئۇنى يازغان قەغەزنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەنىدى، بىراق خەتنى تونۇغىلى بولاتتى. بىرىنىستوندا ئوقۇيدىغان ئاداش ماڭا بۇ قىز پاھىشە ئەمەس، لېكىن ئاندا ـ ساندا مېھمان قوبۇل قىلىشنى رەت قىلمايدۇ، دېگەنىدى. ئۇ بىر قېتىم ئۇ قىزنى بىرىنىستوندا بولغان تانسىغا ئاپارغان، شۇ سەۋەبلىك مەكتەپتىن قوغلانغىلى تاس قالغانىكەن. ئۇ قىزنى يالىڭاچ ئۇسسۇل ئوينايدۇ دېگەندەك قىلغان. قانداقلا بولمىسۇن مەن تېلېفون بېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇردۇم. ئۇنىڭ ئىسمى فىت كاۋېندىش ئىدى، بەيلاۋخۇي 65 ـ كوچىدىكى ددانفۇر مېھمانخانىسىدا تۇراتتى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ يەر بىر ئەخلەت دۆۋىسى ئىدى.

تېلېفون خېلى ئۇزۇن جىرىڭلىسىمۇ ئالىدىغان ئادەم چىقمىدى. بۇنىڭغا قاراپ ئۇ يوقمىكىن دەپ ئويلىدىم. كېيىن بىرى تېلېفوننى ئالدى.

— ۋەي، — دېدىم مەن. ئۇ مېنىڭ يېشىم ياكى باشقا تەرەپلىرىمنى ئۇقۇۋالمىسۇن، دەپ ئاۋازىمنى ئىمكانقەدەر ناھايىتى بوغۇق چىقاردىم. ئاۋازىمۇ شۇنداق ئىدى.

— ۋەي، — دېدى ئۇ خېلىلا توڭلۇق بىلەن.

— فىت كاۋېندىش خېنىممۇ ؟

— سىز كىم ؟ مۇشۇنداق بىمەنە ۋاقىتتا ماڭا تېلېفون بەرگەن كىم زادى ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل قورقتۇم .

— ھەقىقەتەن بەك كەچ بوپكەتكەنلىكىنى بىلىمەن ، — ئاۋازىمنى ئوبدانلا پىشقان ، خېلىلا چوڭ ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشىتىشقا تىرىشتىم ، — مېنى ئەپۇ قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن . سىز بىلەن سۆزلىشىشكە ھەقىقەتەن بەك تەقەززا بولدۇم ، — ئاۋازىم شۇنچىلىك قىزغىن ۋە مۇلايىم چىقتى .

— كىم بولىسىز ؟ — دېدى ئۇ .

— ۋەي ، سىز مېنى تونۇمايسىز ، مەن ئېدىمون بودسېلنىڭ دوستى بولىمەن . ئۇ ماڭا شەھەرگە كىرىپ قالساڭ ئۇنى ئەبجەش ھاراق بىلەن مېھمان قىلىپ قويغىن ، دېگەن .

— كىم ، كىمنىڭ دوستىمەن دېدىڭىز ، — ئۇ بەئەينى ئەركەك يولۋاس كەبى ۋارقىرىدى .

— ئېدىمون بودسېلنىڭ دوستىمەن ، — ئۇنىڭ ئىسمى ئېدىمونمۇ ياكى ئېدۋاردمۇ يادىمغا ئالالمىدىم ، چۈنكى ئۇنى مەن ھېلىقى ئاناڭنى تانىسىدا بىرلا قېتىم ئۇچراتقانىدىم .

— سىز دېگەن ئىسىملىك ئادەمنى تونۇمايمەن ، جېك . ئەگەر مېنى تۈن كېچىدىمۇ خۇشاللىق بىلەن . . .

— ئېدىمون بودسېلچۇ ، بىرىنستوندىكى ؟ — دېدىم مەن .

ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن شۇ ئىسىمنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولاتتى .

— بودسېل ، بودسېل . . . بىرىنستوندىكى . . . بىرىنستون ئۇنىستىتۇتىدىكىمۇ ؟

— دەل شۇ .

— سىز بىرىنستون ئۇنىستىتۇتىدىن كەلدىڭىزمۇ ؟

— ھە، شۇنداق دېسەممە بولىدۇ.

— ھە... ئېد ياخشىمۇ؟ — دېدى ئۇ، — بىراق بۇنداق ۋاقىتتا تېلېفون كەلسە ئادەم ھەرخىل ئويلاپ قالىدىكەن.

— ئۇ ناھايىتى ياخشى، سىزگە سالام ئېيتتى.

— رەھمەت سىزگە. سىزمۇ ئۇنىڭغا سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ، — دېدى ئۇ، ئۇ بولىدىغان يىگىت ئىكەن. ئۇ ھازىر نېمىش قىلىۋاتىدۇ، — ئۇ بىردىنلا ئاجايىپ سۈلكەتلىك، تۈزۈتلۈك بولۇپ كەتتى.

— ھە، سىزمۇ بىلىسىز، يەنىلا ھېلىقى ئىشلىرى بىلەن، — دېدىم مەن. ئاناڭنى، ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي، مەن ئۇنى تۈزۈك تونۇمايمەن، ھازىرمۇ بىرىنىستا ياكى ئەمەسلىكىنىمۇ ئۇقمايمەن، — قاراڭ، سىز بىرەر يەردە مەن بىلەن ئۇچرىشالارسىزمۇ؟ بىرەر رۇمكىدىن ئىچىشسەك دېۋىدىم.

— ھازىر قانداق چاغ بىلەمسىز؟ ئېيتىڭا، ئىسمىڭىز نېمە؟ — ئۇ ساپ ئىنگلىز تەلەپپۇزىدا سۆزلىدى، — ئاۋازىڭىزدىن بەكمۇ ياشتەك قىلىسىز.

پىخىلداپ كۈلۈۋەتتىم.

— ماختىغىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت، — ئاۋازىم تولىمۇ سىلىق چىقتى، — ئىسمىم خولتون كاۋلفىيېلد، — ئەسلى يالغاندىن بىر ئىسىمنى ئېيتماقچى ئىدىم، دەرمەھەل يادىمغا كەلمىدى.

— ھە، قاراڭ كاۋلفىيېلد ئەپەندى، مېنىڭ تۈن كېچىلەردە كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىدىغان ئادىتىم يوق. مەن ئىشلەيدىغان ئادەم.

— ئەتە يەكشەنبە ئەمەسمۇ؟

— ھەي ئىشقىلىپ، قېنىپ ئۇخلىۋالمىسام بولمايدۇ. ياشلىقىمنى ساقلاپ قېلىشىم كېرەك. بۇ قائىدىنى سىزمۇ ئوبدان بىلىسىز.

— ئىككىمىز بىرلىكتە ئەبجەش ھاراق ئىچەرمىز

دەپ ئويلاپتىمەن. ۋاقىتمۇ بەك كەچ ئەمەس.

— ھوي، ئەجەب تۈزۈتلۈك ئىكەنسىز، سىز ھازىر نەدە، تېلېفوننى قەيەردىن بېرىۋاتىسىز؟

— مەن ئاممىۋى تېلېفون بوتكىسىدا.

— ئوھوي، — ئۇ بىرپەس جىمىپ كەتتى، — كاۋلفيېلد ئەپەندى، بىر ۋاقىت تېپىپ سىز بىلەن ئويناشنى بەكمۇ خالايمەن. ئاۋازىڭىز بەكمۇ يېقىملىق ئىكەن، تولىمۇ سۆيۈملۈك ئادەم ئوخشايسىز. بىراق ھازىر بەك كەچ بوپكەتتى.

— سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە بارسامۇ بولىدۇ.

— ئەستا، ئادەتتىكىغۇ بۇ يەردىن ئوبدان جاي يوق ئىدى. دېمەكچىمەنكى، سىز ئۆيۈمگە كېلىپ ئەبجەش ھاراق ئىچسىڭىز ئىنتايىن خۇشال بولاتتىم. ئەپسۇسكى، سەت ئىش بولدى. بىرگە ياتىدىغان ھەمرىيىم كېسەل بولۇپ قېلىپ خېلى ۋاقىتتىن بۇيان ئۇخلىيالمىغانىدى. تېخى بايىلا ئۇخلىدى.

— شۇنداقمۇ، بەك يامان ئىش بوپتۇ.

— سىز نەگە چۈشتىڭىز، بەلكىم ئەتە بىرلىكتە ئولتۇرۇپ ئىچىشەرمىز.

— ئەتە بولمايدۇ، — دېدىم مەن، — بۈگۈن بىر ئاخشاملا بوشمەن، — تازىمۇ كالۋاكەنمەن. بۇنداق دېمىسەم ئوبدان بولاتتى.

— ئوھوي، كەچۈرۈڭ، تازىمۇ سەت بولدى.

— ئېدقا سالىمىڭىزنى يەتكۈزسەم بولامدۇ؟

— شۇنداق قىلالامسىز؟ نيۇ-يوركتا كۆڭۈللۈك ئوينىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ئاجايىپ ئېسىل جاي.

— بىلىمەن. رەھمەت، خەير-خوش! — دېدىم-دە، تېلېفوننى قويۇۋەتتىم.

ھەي، ئىشنى چاتاق قىلدىم. ئاۋۋال ئۇنى چاقىرىپ چىقىپ ئاندىن ئەبجەش ھاراق ئىچىدىغانىنىڭ گې-

پىنى قىلسام ئۇ باشقا گەپ ئىدى.

# 10

سائەتنىڭ قانچە بولغىنى ئېسىمدە يوق، بىراق بەكمۇ كەچ ئەمەس ئىدى. مېنىڭ بىر ئەسكى خۇيۇم، ئۇيقۇم كەلمىسە پەقەتلا ياتقۇم كەلمەيتتى. شۇڭا چاپانىنى ئېچىپ پاكىز كۆكلەكتىن بىرنى ئالدىم. مۇمچىغا كىرىپ بەدەنلىرىمنى سۇرتۇپ تازلىنىپ كىيىم ئالماشتۇردۇم. مېنىڭ خىيالىم ئاناڭنى سۆسۈن سىرىپ زالىدا نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئىدى. بۇ مېھمانخانىدا شۇ ناملىق بىر تۈن كۇلۇبى بار ئىدى.

مەن كىيىم ئالماشتۇرغىچە ھەقىقىي، ئەقلى جايىدا بىر ئادەم بىلەن شۇنداق سۆزلەشكۈم كەلدىكى، سىڭلىم فۇئېيىغا تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكىلى تاس ــ تاس قالدىم. ئەمما بۇنداق تەۋەككۇلچىلىك قىلىشقا پېتىنالمىدىم. بۇنداق بولۇشى، ئۇ بەك كىچىك بولغاچقا، بۇ چاغدا ئۇخلىماي قالمايتتى. تېلېفوننى ئالمايدىغانلىقىغا تېخىمۇ گەپ كەتمەيتتى. ئەگەر تېلېفوننى ئاتام ياكى ئاپام ئالسا دەرھال قويۇۋېتەيمۇ، قانداق قىلاي دەپمۇ ئويلىدىم. لېكىن بۇچارە ئەمەس ئىدى. ئۇلار مېنىڭ تېلېفون بەرگىنىمنى بىلىۋالاتتى. بولۇپمۇ مۇللا تاپقاق ئاپام مېنى بىلىۋالاتتى. ئەمما شۇ چاغدا راستلا سىڭلىم بىلەن پاراڭلاشقۇم بەكمۇ كەلدى.

سىز ئۇنى چوقۇم كۆرۈشىڭىز كېرەك. بەلكىم سىز ئۆمرىڭىزدە ئۇنىڭدەك چىرايلىق، ئوماق، ئەقىللىق بالىنى كۆرمىگەنسىز. ئۇ راستلا ئەقىللىق. دېمەكچىمەنكى، مەكتەپكە كىرگەندىن تارتىپ ھەممىلا پەندە ئەلا ئوقۇۋاتىدۇ. راست گەپنى قىلسام، ئائىلىمىزدىكى بىردىنبىر دۆت ئادەم مەن. ئاكام D · Bيازغۇچى. ئىنىم ئايرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بايا دەپ بەردىم. ئۇ ئا-

جايىپ چىچەن ئىدى. مەنلا كالۋا ئېشەك ئىدىم. سىز
راستلا سىڭلىم فۇئېببىنى كۆرۈشىڭىز كېرەك. ئۇنىڭمۇ
چېچى قىزىل، ئايرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، يازدا بەكلا
قىسقا ياسىتىۋالىدۇ. ياز بولسىلا چېچىنى كەينىدىن
چېگىۋالاتتى. قۇلىقىمۇ بەك چىرايلىق. قىشتا بولسا قو-
يۇۋېتىپ ئۇزۇن ئۆستۈرىدۇ. بەزىدە ئاپام ئۇنىڭ چې-
چىنى ئۆرۈپ قويىدۇ. بەزىدە ئۆرمەيدۇ. چېچى ماموق-
تەك يۇمشاق، ئەينەكتەك پارقىراق، بەكمۇ چىرايلىق. ئۇ
ئەمدى ئون ياشقا كىردى. ئۇ ماڭا ئوخشاش ئاۋاق. لې-
كىن ئۆزىگە تولىمۇ يارىشىدۇ. بىر قېتىم دېرىزىدىن 5 —
كوچىدىن ئۆتۈپ باغچىغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تو-
لىمۇ مەستلىكىم كەلدى. ئۇنى كۆرسىڭىز چوقۇم ئامراق
بولۇپ قالىسىز. مەن دەيمەن، ئۇنىڭغا قانداق گەپ قىل-
ماڭ، ئۇ كاساپەت سىزنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكى-
ڭىزنى بىلىۋالىدۇ. ئۇنى نەگىلا ئاپارسىڭىز بولىۋېرىدۇ.
ئەگەر ئۇنى ناچار كىنوغا ئەكىرسىڭىز، ئۇ بۇنىڭ ناچار
كىنو ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ. بىراق ياخشى كىنوغا ئا-
پارسىڭىز بۇنىمۇ بىلىدۇ. D • B مېنى ۋە ئۇنى ئاپىرىپ
فرانسىيىنىڭ لېمياۋ باش رول ئالغان «بولكىچىنىڭ
خوتۇنى» دېگەن كىنوسىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭغا بۇ
كىنو بەكلا يېقىپ كەتتى. ئۇ روبېرت دوۋنېر باش رول
ئالغان «39 — پەلەمپەي» دېگەن كىنوغا شۇنداق
ئامراق. بۇ كىنونى ئۇ ئون قېتىمچە كۆرۈپ (مەن ئاپار-
دىم) ياد بولۇپ كەتتى. دوۋنېر شوتلاندىيە دېھقانچىلىق
مەيدانىغا بارغاندا، يەنى ساقچىلاردىن قېچىپ بارغاندا
فۇئېببى كىنوخانىدىلا — كىنودىكى شوتلاندىيىلىك
گەپ قىلغان چاغدا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن «كۆك بېلىق
يەمسىز — يېمەمسىز» دەيدۇ. كىنودىكى دىئالوگلارنى
ئوقۇماي يادلىۋالغان. كىنودىكى پروفېسسور — ئەمەلى-
يەتتە ئۇ گېرمانىيە جاسۇسى — ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ يې-
رىمى يوق قولىنى سوزۇپ چىمچىلىقنى روبېرت دوۋنېرغا

كۆرسەتكەندە، فۇئېبېي ئۇنىڭدىن بالدۇراق قولىنى ئۇ-
زىتىدۇ، يەنى قاراڭغۇدا قولىنى سوزۇپ چىمچىلىقىنى
ماڭا كۆرسىتىدۇ. ئۇشۇنداق ئوماق كۆرسىڭىز ياقتۇرۇپ
قالىسىز. بىرلا ئەيىبى، بەزىدە ھەددىدىن زىيادە قىزغىن
بولۇپ كېتىدۇ. ئاشۇ ياشتىكى باللارغا نىسبەتەن ئېيت-
قاندا، ئۇ بەك ئاسان ھاياجانلىنىدۇ. راستلا شۇنداق.
ئۇنىڭ يەنە بىر ئىشى ئۇ ئەتىدىن — كەچكىچە كىتاب
يازىدۇ. لېكىن يازغان كىتابلىرىنىڭ بىرىنىمۇ پۈتكۈز-
مىدى. ئۇ خېيزېر ۋىسفىل دېگەن بىر بالا ھەققىدە يا-
زىدۇ. فۇئېبېي ئۇ خېيزېرنىڭ ئىسمىنى خېيشىل دەۋال-
دۇ. خېيشىل ۋىسفىل دېگىنى بىر ئايال ساقچى، خېيزىر
ئەسلى يېتىم بولۇشى كېرەك. لېكىن ئۇنىڭ «ئىگىز
بوي، قاملاشقان مۆتىۋەر، 20 ياشلار چامىسىدىكى دا-
دىسى» دائىم پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنى كۆرۈپ تازا
كۈلىدۇ. بۇ فۇئېبېزە ئاسمان بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى،
ئۇنى كۆرسىڭىزلا ئامراق بولۇپ قالىسىز. ئۇ كىچىكى-
دىنلا شۇنداق ئەقىللىق ئىدى. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا
ھەر يەكشەنبە كۈنى مەن ۋە ئايرى ئۇنى باغچىلارغا ئا-
پىراتتىم. ئايرى يەلكەنلىك كېمىسىنى باغچىغا ئاپىرىپ
ئويناشقا ئامراق ئىدى. بىز دائىم بىللە ئوينايتتۇق. ئۇ
ئاق پەلەي كىيىۋالاتتى. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بە-
ئەينى بىر ئېسىلزادا خېنىمدەك ماڭاتتى. ئايرى ماڭا گەپ
قىلغۇدەك بولسا، ئۇ دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى. بە-
زىدە ئۇنى كىچىك بالا كۆرۈپ ئۆزىمىزنىڭ گېپى بىلەنلا
بولۇپ كەتسەك ئۇ ئۆزىنىڭمۇ بارلىقىنى سەمىمىزگە سې-
لىپ تۇراتتى. گەپنى بۆلۈۋېتەتتى. ئۇ مېنى ياكى ئاي-
رىنى تۈرتۈپ: «كىم، كىم دېگەن؟ بوبىمۇ ياكى ھې-
لىقى خانىقىزمۇ» دەيتتى. بىز ئۇنىڭغا كىم دېگەنلىكىنى
دەپ بەرسەك ئۇ «ھە» دەپ قويۇپ، داۋامىنى
ئاڭلايتتى. ئۇ ئايرىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان. دېمەك-
چىمەنكى، ئايرى ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئامراق ئىدى. ئۇ ھا-

زىر كىچىك بالا ئەمەس ، ئۇن ياشقا كىردى . لېكىن يە-
نىلا ھەممىنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرىدۇ .

ھەي ، ئەگەر بىكار بولۇپ قالسىڭىز ، ئۇنىڭغا
ئوخشاش ئادەملەر بىلەن تېلېفوندا مۇڭداشقۇڭىز كې-
لىپلا تۇرىدۇ . ئەمما مەن پەقەت تېلېفوننى ئاتا ـ ئانام-
نىڭ ئېلىشىدىن ، ئۇلارنىڭ مېنىڭ نيۇ ـ يوركتا ئىكەن-
لىكىمنى ، مەكتەپتىن ھەيدەلگەنلىكىمنى بىلىپ قېلىشى-
دىن قورقتۇم . شۇڭا كۆڭلەك ئالماشتۇرۇپ ، نەرسىلە-
رىمنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ لىفت بىلەن دەم ئېلىش ئۆ-
يىگە چۈشتۈم .

ئۇ يەردە لۈكچەك سىياقىدىكى بىرنەچچە ئەر
بىلەن پاھىشەگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىرقانچە ئايالدىن
باشقا ھېچكىم يوق ئىدى . لېكىن سۆسۈن سىرېن زالد-
دىن مۇزىكا ئاڭلىنىپ تۇراتتى . مەن شۇ يەرگە باردىم .
بۇ يەردە ئادەم مىغ ـ مىغ ئىدى . شۇنداقتىمۇ ماڭا ئەڭ
كەينىدىن ، ناچار بىر ئورۇننى تېپىپ بېرىشتى . مەن
بالدۇرراق بىر دوللارنى كۈتكۈچىنىڭ بۇرنىغا تىقسام
ئوبدان بولاتتىكەن . چاقچاق قىلغىنىم ئەمەس ، نيۇ ـ
يوركتا پۇل ھەممىگە قادىر .

ئوركېستىر تازىمۇ ناچار بۇدى سىنگېرنىڭ ئور-
كېستىرى ئىدى . ئۇلارنىڭ قولىدىكى پۇتۇنلەي تارىلىق
چالغۇلار ، يەنە كېلىپ نەپىس ، ئېسىل ئەمەس ، بەلكى
قوپال ، يىرىك تارىلىق چالغۇلار ئىدى . زالدا مەن
قۇراملىق كىشىلەر ناھايىتى ئاز ، توغرىراقى بىرىمۇ يوق
ئىدى . كۆپى ياشانغان ، سىپاگەر گەدەنكەشلەر بولۇپ ،
ئايال دوستلىرى بىلەن ئولتۇراتتى . پەقەت يېنىمدىكى
جوزىدا 30 ياشلاردىكى ، ناھايىتى كۆرۈمسىز ئۈچ قىز
ئولتۇراتتى . ئۈچىلىسى غەلىتە شىلەپە كىيىۋالغان ، بىر
قاراپلا ئۇلارنىڭ ھەقىقىي نيۇ ـ يوركلۇقلار ئەمەسلىكىنى
بىلگىلى بولاتتى . ئاردا سېرىق چاچلىق بىرى يامان
ئەمەس ئىدى . ئۇ ئۆزىنى بازارغا سېلىشقا ئامراقتەك

كۆرۈنەتتى. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا قاش ئېتىپ پوخورلۇق قىلىشقا باشلىدىم. شۇ ئارىدا كۈتكۈچى كېلىپ نېمە ئىچىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن ۋىسكى بىلەن سۇدا سۇيى بۇيرۇپ، ئارىلاشتۇرماي ئەكېلىشنى ئېيتتىم، سەللا گاچىلىشىپ قالسام 21 ياشلاردىكى يىگىتتەك كۆرۈنمەي قالماي، ماڭا ئىسپىرتلىق ئىچىملىك سېتىپ بەرمەي قالمىسۇن، دەپ گەپنى ناھايىتى تېز قىلدىم. شۇنداقتىمۇ ئۇ چاتاق تاپتى.

— كەچۈرۈڭ ئەپەندى، يېشىڭىزنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر ئىسپاتىڭىز بارمۇ؟ ئالايلۇق شوپۇرلۇق پىراۋىسىغا ئوخشاش، — دېدى ئۇ.

ئۇ گويا مېنى قاتتىق ھاقارەتلىگەندەك ئۇنىڭغا بەكمۇ توڭلۇق بىلەن قاراپ:

— تۇرقۇم 21 ياشقا كىرگەندەك تۇرمامدىكەن؟ — دەپ سورىدىم.

— كەچۈرۈڭ ئەپەندى، بىراق بىزنىڭ...

— ۋاي ۋۇي، بولدىلا، — مەن ئىدىيىدە تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدىم، — ئەمىسە ماڭا كوكوكولا كەلتۈرۈڭ، — ئۇ بۇرۇلۇپ مېڭىشىغا چاقىرىپ توختىتىۋالدىم، — ئۇنىڭغا تاتلىق ھاراق قوشسىڭىز قانداق، — خېلىلا تەكەللۇپ بىلەن سورىدىم، — بۇ قاملاشمىغان جايدا بىرەر يۇتۇم ھاراق ئىچمەي ئولتۇرالمەيمەن، ئازراق تاتلىق ھاراق قوشۇپ بەرگەن بولسىڭىز.

— كەچۈرۈڭ ئەپەندى... — ئۇ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭدىن رەنجىمىدىم. چۈنكى مەن بەكمۇ ياش ئىدىم. كىشىلەر ئۇلارنىڭ ياش باللارغا ھاراق سېتىپ بەرگىنىنى بىلسە سودىسى سۇغا چىلىشاتتى.

مەن يەنە قوشنا جوزىدىكى ئۇ جادۇگەرگە قاش كۆزۈمنى ئويناتتىم. ئەلۋەتتە نىشانىم سېرىق چاچ، قالغان ئىككىسىگە ئامالسىزلا قاراپ قوياتتىم. مەن ئۆزۈمنى

چاغلاپراق ئىش قىلىپ، ئۇلارغا پات ـ پات قاراپ قويـ
دۇم. ئۇلار قارىغىنىمنى كۆرۈپ ساراڭلاردەك پىخىلداپ
كۈلۈشتى. ئۇلار مېنى بەك ياش كۆردى بولغاي، ئۆزـ
لىرىدەك قىزلارغا لايىق تاپمىدى. بەلكىم ئۇلار مېنى
ئۆزلىرى بىلەن توي قىلىش ئويى بار دەپ ئويلىغان بوـ
لۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ قىلىقىدىن ئەرۋاھىم ئۇچتى.
دەككىسىنى تازا بەرمەكچىمۇ بولدۇم. لېكىن يامان بولـ
غىنى بەكمۇ تانسا ئوينىغىم كەلدى. شۇڭا بىردىنلا
ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم.

— قايسىڭلارنىڭ تانسا ئوينىغۇسى بار؟ — تەـ
لەپپۇزىم ناھايىتى سىلىق چىقتى. ئەمما ئۇلار بۇنىمۇ
ھەيران قالارلىق ئىش ئورنىدا كۆرۈپ كۈلۈپ كېتىشتى.
چاقچاق ئەمەس، ئۇ ئۈچىسىنىڭ راستلا خۇمدان دەزى
بار ئىكەن، — قېنى، ئۈچىڭلارنى نۆۋەت بىلەن تانسىغا
تارتاي، بولامدۇ، ئوينامسىلەر؟

سېرىق چاچلىق قىز مەن بىلەن تانسا ئوينىدـ
ماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. مېنىڭ ئاساسەن شۇ
قىزغا مۇراجىئەت قىلىۋاتقانلىقىمنى ھەممىسى ئوبدان
بىلگەنىدى. ئىككىمىز ئوتتۇرىغا بېرىپ تانسىغا چۈشـ
تۇق. بىز كېتىشىمىز بىلەنلا ئۇلارنىڭ تەلۋىلىكى تۇتـ
قىلى تاسلا قالدى. مەن ئاماللىنىڭ يوقىدىنلا مۇشۇنداق
نېملەر بىلەن ئارىلىششقا مەجبۇر بولدۇم.

بۇمۇ بىر ھېسابتا يامان بولمىدى. سېرىق چاچـ
لىق قىز تانسىنى ئالامەت ئوبدان ئوينايدىكەن. بۇنداق
تانسىغا ئۇستا قىزنى تۇنجى رەت ئۇچرىتىشىم. چاقچاق
گەپ ئەمەس، بەزىدە ھاماقەت قىزلارمۇ تانسىدا ئادەمنى
مەھلىيا قىلالايدۇ. بىر قىسىم ئەقىللىق قىزلار تانسا ئويـ
نىغۇسى بولغان بىلەن تېگىدىن ئوبدان ئوينىيالمايدۇ.
ياخشىسى ئۇنداق قىزلار بىلەن جوزىدا مەست بولغۇدەك
ئىچىشكەن تۈزۈك.

— تانسىغا بەك ئۇستىكەنسىز، — دېدىم سېرىق

چاچ قىزغا ، — ئۇسسۇلچى بولغان بولسىڭىز ئوبدان بولاتتىكەن . بۇ كۆڭلۈمدىكى گەپ . چۈنكى مەن ئۇسسۇلچى قىزلار بىلەن تانسا ئوينىغان . ئۇلار سىزچە لىكمۇ ئوينىيالمىغان . ماك ۋە مىلاندا دېگەنلەرنى ئاڭلىغانمىدىڭىز ؟

— نېمە ؟ — ئۇ گېپىمگە قۇلاقمۇ سالماي ئەتراپقا نەزەر سېلىۋاتاتتى .

— ماك ، مىلاندا دېگەنلەرنى ئاڭلىغانمۇ دەپ سوراۋاتىمەن .

— بىلمەيمەن ، ياق ، ئۇلارنى بىلمەيدىكەنمەن .

— هوي ، ئۇلار ئۇسسۇلچىغۇ ، بولۇپمۇ هېلىقى قىز . ئۇ تانسىنى ئانچە ياخشى ئوينىيالمايدۇ . ئۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ هەممىسىنى قىلالايدۇ ، ئەمما تانسىغا تازا ئۇستا ئەمەس . تانسىنى هەقىقىي يوسۇندا ئوبدان ئوينىيالايدىغان قىزلار قانداق بولىدۇ ، بىلەمسىز ؟

— نېمە دەۋاتىسىز ؟ — ئۇنىڭ كۆڭلى باشقا جايدا بولغاچقا ، گەپلىرىم قۇلىقىغا كىرمەيۋاتاتتى .

— مەن سىزدىن تانسىنى هەقىقىي يوسۇندا ئوبدان ئوينىيالايدىغان قىزلار قانداق بولىدۇ ، بىلەمسىز دەپ سوراۋاتىمەن .

— ئا . . . ها . . .

— هە ، گەپ پەقەت مېنىڭ بىلگىنىمگە قويغان قولۇمنىڭ ئاستىدا . ئەگەر قولۇمنىڭ ئاستى هېچ نەرسىنى ، يەنى باش ، ئاياق ، پۇتنى هېس قىلمىغىنىدا ، شۇ قىز ئۇسسۇلغا قالتىس ئۇستا بولىدۇ .

ئۇ هېچ گېپىمنى ئاڭلىمىدى . شۇڭا مەنمۇ خېلىغىچە ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدىم ، پەقەت جىممىدىلا ئوينىدۇق . ياپىر ، بۇ قىز قالتىس ئوينايدىكەن . بودى سىنگېرنىڭ ئوركېستىرىمۇ « بۇ شۇنداق ئىش » دېگەن مۇزىكىنى يامان ئەمەس چالدى . بۇ قالتىس مۇزىكا ئىدى .

مەن تانىسنى ھەرخىل پىگورا چىقىرىپ ئوينىماي ئادەت-
تىكىدەكلا ئويىنىدىم. ئۇمۇ ئوبدان ماسلاشتى. مەن كى-
شىلەرنىڭ ياڭزا چىقىرىپ ئويناپ ئۆز ماھارىتىنى كۆز -
كۆز قىلىشىغا بەك ئۆچ. مەن ئۇمۇ تانىسنى زوقى بىلەن
ئويىناۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. ئۇشتۇمتۇت ئۇ تۇلۇم-
دىن توقماق چىققاندەكلا تولىمۇ ئەخمىقانە بىر گەپنى
قىلدى.

— تۈنۈگۈن ئاخشام مەن دوستلىرىم بىلەن پې-
تېر لاۋېرنى كۆردۈم، — دېدى ئۇ، — ھېلىقى كىنو
ئارتىسىنىڭ ئۆزىنى كۆردۇق. ئۇ گېزىت ئېلىۋاتقاند-
كەن. ئۇ بەك قالتىس ئىكەن.

— بەك تەلەيلىك ئىكەنسىز، — دېدىم
ئۇنىڭغا، — بىلەمسىز، راستلا تەلەيلىك ئىكەنسىز، —
ئۇ ئەخمەقنىڭ ئۆزى، لېكىن تانىسنى ئوبدان ئوينايدى-
كەن. مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ دۆت كاللىسىغا سۆيۈپ
قويدۇم. ئۇ ناھايىتى خاپا بولدى.

— ھەي، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟

— ھېچنېمە قىلمىدىم. تانىسنى بەك ياخشى
ئوينايدىكەنسىز. مېنىڭ بىر سىڭلىم بار، باشلانغۇچ
مەكتەپنىڭ 4 - سىنىپىدا ئوقۇيدۇ. سىز خۇددى شۇ-
نىڭدەك ياخشى ئوينايدىكەنسىز. ئۇ دۇنيادىكى ھەر-
قانداق بىر ئادەمدىن ئوبدان ئوينايدۇ.

— رەنجىمىسىڭىز گەپنى لايىقىدىراق قىلىڭ
بولامدۇ؟

پاھ، ئۇ ئاقسۆڭەك خېنىم، ئايال پادىشاھدەكلا
گەپ قىلىدىغۇ تېخى.

— سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار؟

— ئۇ ماڭا جاۋاب بەرمەي ئەتراپقا نەزەر سالماقتا
ئىدى. مېنىڭچە ئۇ پېتېر لاۋېرنىڭ بار - يوقلۇقىغا
قاراۋاتقان بولسا كېرەك.

— سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار؟ — مەن قاي-

تىلاپ سورىدىم .
— نېمە ؟ — دېدى ئۇ .
— سىلەرنى قەيەردىن كەلدىڭلار دەپ سوراۋاتىمەن . خۇشياقمىسا جاۋاب بەرمىسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ . سىزنى بەك جىددىيلەشتۈرۈۋېتىشنى خالىمايمەن .
— سياتۇدىن ، ۋاشىنگتون شتاتىدىن ، — ئۇ بۇ گەپنى ماڭا ناھايىتى كاتتا ئىلتىپات كۆرسەتكەن بىر تەرزدە ئېيتتى .
— گەپكە تولىمۇ ئۇستىكەنسىز ، بىلەمسىز ، — دېدىم ئۇنىڭغا .
— نېمە ؟
گېپىمنى توختىتىۋالدىم . بەربىر قىلسامۇ ئۇ ئۇقمايدۇ .
— ئەگەر رىتىمى تېز رەك مۇزىكا چېلىنسا سىز تولىمۇ ئۇسسۇل ئوينامسىز ؟ ھېلىقىدەك قوپال ، توشقاندەك دىكىلداپ ئوينايدىغىنى ئەمەس ، يەڭگىل ، چاققان ئوينايدىغىنى بولسا دەيمەن . ئۇنداقتا قېرىلار ، سېمىزلارنىڭ ھەممىسى جايىغا بېرىپ ئولتۇرسا ، ئىككىمىزگە مەيدان ئوچۇق قالاتتى . قانداق ، شۇنداق قىلايلىمۇ ؟
— ماڭا ھەممىسىلا ئوخشاش ، — دېدى ئۇ ، — سىز زادى قانچە ياشقا كىردىڭىز ؟
نېمىشقىدۇر بۇ گەپ بىلەن غۇژژىدا ئاچچىقىم كەلدى .
— ھوي ، ئادەمنى تولا كولدۇرلاتماڭا ، — دېدىم مەن ، — ئەمدىلا 12 ياشقا كىردىم ، تەگرىم مېنى مۇشۇنداق ئېگىز بوي قىلىپ قويدى ، قانداق ؟
— گېپىمنى ئاڭلاڭ ، ماڭا بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشىڭىزنى ياقتۇرمايمەن . بۇنى بايىلا ئېيتقانمەن ، — دېدى ئۇ ، — يەنە مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىدىغان بولسىڭىز بېرىپ دوستلىرىم بىلەن ئولتۇرىمەن .

ئۇقتىڭىزمۇ ؟

مەن تەلۋىلەرچە ئەپۇ سوراپ كەتتىم . چۈنكى
تېز رىتىملىق تانسا مۇزىكىسى باشلانغانىدى . ئۇ مەن
بىلەن قوپال ئەمەس ، تېز رىتىملىق تولغىما ئۇسسۇل
ئوينىاشقا باشلىدى . ئۇ ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق ئوي-
نىدى ۋە يۈرىكىمگە ئوت ياقتى . بۇ كۆڭلۈمدىكى گې-
پىم . بىز جايىمىزغا بېرىپ ئولتۇرغاندا ئۇنىڭغا خېلىلا
كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغانىدى . ئايالار شۇنداق خەق .
گەرچە ئۇلار چىرايلىق بولمىسىمۇ ، سەل دۆت بولسىمۇ ،
قانداقتۇر بىرەر چىرايلىق قىلىق قىلسىلا ئۇلارغا كۆڭۈل
بېرىسىز ــ دە ، ئاناڭنى ، ئۆزىڭىزنىڭ قەيەردىلىكىنىمۇ
بىلمەي قالىسىز . تەڭرىم ، ئايالار سىزنى ساراڭ قىلىپلا
قويىدۇ . راستلا شۇنداق قىلىدۇ .

ئۇلار مېنى جوزىسىغا تەكلىپ قىلمىدى ــــ قارا
قورساق نېمىلەر بولغاچقا شۇنچىلىك قائىدىنىمۇ بەلكىم
ئۇقمايدىغاندۇ ــــ ئەمما مەن بېرىپ ئولتۇردۇم . مەن
تانسا ئوينىغان سېرىق چاچ قىزنىڭ ئىسمى بېنىېز ئە-
كەن . فامىلىسى كلاۋوپېرسمۇ ياكى كلايبېرسمۇ بىرنې-
مە ، ئېسىمدە قالماپتۇ . بەك سەت ئىككىسىنىڭ ئىسمى
مارتىن ۋە راۋېئېن ئىكەن . ئۇلارغا ئىسمىمنى جىم ستىل
دېدىم . ئەلۋەتتە ، ئاناڭنى بۇ ئىسمنى كۆتىمگە ئۇرۇپلا
تاپتىم . ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە پاراڭلىششقا پەقەت
بولمايتتى ، نېمە دېمەك ، نېمىش قىلماق ئۇلارنىڭ بىل-
كىنى تارتىشقا توغرا كېلەتتى . بۇ ئۇچىنىڭ ئىچىدە ئەڭ
ئەخمىقى ، دۆتى قايسى ئىكەنلىكىنى بىرنېمە دېمەكمۇ
قىيىن ئىدى . ئۇلار گويا بىرتوپ كىنو چولپانلىرى كى-
رىپ كېلىدىغاندەك تىنماي ئۇ ياق ــ بۇ ياققا قارايتتى .
ئۇلار كىنو چولپانلىرى نيۇ ــ يوركقا كەلسىلا ، ئاق لەي-
لەك كۈلۈبى ياكى ئېل مولوگېدەك جايلارغا بارماي
سۆسۈن سىرېن زالىغىلا چاپىدۇ ، دەپ ئويلايدىغان
ئوخشايدۇ . مەن يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ھەپىلىشىپ

يۈرۈپ ، ئاران دېگەندە بۇ ئۆچىنىڭ سىياتۇ دەمدۇ بىر-
يەردە ئىشلەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇم . ھەممىسىلا بىر سترا-
خۇانىيە شىركىتىدە ئىشلەيدىكەن . خىزمىتىڭلارنى ياق-
تۇرامسىلەر ، دەپ سورىدىم ، بۇ ئۈچ كالۋانىڭ ئاغزىدىن
ئاقىللارچە جاۋاب ئالىمەن ، دەپ ئويلىماڭ . مەن ھېلىقى
سەت ئىككىسىنى ، يەنى مارتىن بىلەن راۋېئېننى ئاچا -
سىڭىلمىكىن دەپ ئويلاپ سورىغانىدىم ، ئىككىلىسى
چىچاڭشىپ كەتتى . كۆردىڭىزمۇ ، ئۇلارنىڭ ھېچقاي-
سىسى ئۆزىنى قارشى تەرەپكە ئوخشىتىشنى خالىمايتتى .
ئەلۋەتتە ، ئۇلاردىمۇ ئەيىب يوق . بىراق ئوبدان ئويلى-
سىڭىز ئاجايىپ قىزىق تۇيۇلىدۇ .
مەن ئۈچىلىسى بىلەن نۆۋەتلىشىپ تانسا ئويند-
دىم . راۋېئېن ئىسمىلىك سەت قىز تانسىنى يامان ئەمەس
ئوينايدىكەن . لېكىن مارتىن دېگىنى قورقۇنچلۇق ئى-
كەن . ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئوينىسا ئادەم ئەركىنلىك
ئىلاھەسىنىڭ تاش ھەيكىلىنى قۇچاقلاپ چۆگىلەپ
يۈرگەندەك بولىدىكەن . شۇڭا مەن نائىلاج ئۇنى مەس-
خىرە قىلىپ كۆڭلۈمنى ئاز - تولا خۇش قىلدىم . مەن
ئۇنىڭغا بايا ئاۋۇ تەرەپتە كىنو چوپلىنى گارلا كۇبېرنى
كۆردۈم دېۋىدىم . ئۇ :
— قېنى ئۇ ، — دېدى . ئاجايىپ خۇشال بولۇپ
كەتتى ، — قېنى ، قەيەردە ؟
— ھەي ، چىقىپ كەتتى ، كۆرەلمەي ئارماندا
قالدىڭىز - دە ، سىزگە ئۇنى كۆردۈم دېگەندە نېمىشقا
دەرھال قارىمايسىز ؟
ئۇ ھەتتا ئويناشتىن توختاپ ، ئۇنى ئاخىرقى
قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋالاي دېگەندەك ، پۈتىنىڭ ئۈچىدا
كۆتۈرۈلۈپ بويۇنداق قارىدى ۋە « ھەي ، ھەي » دەپ
كەتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى پارە - پارە بولغىلى تاس قالدى .
راست دەيمەن . ئۇنىڭغا بۇنداق چاقچاق قىلمىسام بوپ-
تىكەن ، دەپ پۇشايمانمۇ قىلدىم . بەزى ئادەملەر كۈلكى-

لىك تەرەپلىرى بولغىنى بىلەن چاقچاق كۆتۈرەلمەيدۇ.

ئەڭ قىزىق ئىش كېيىن بولدى. بىز ئورنىمىزغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مارتىن ئۇ ئىككىسگە گارلا كۇبىر يېڭىلا چىقىپ كەتتى دېدى. ئۇلار ئۇنى كۆرەلمىگىنىگە ئەپسۇسلىنىپ ئۆلۈۋالغىلى تاس قالدى. قاتتىق ھاياجانلىنىپ مارتىندىن سەن كۆردۈڭمۇ دەپ سورىغانىدى، كەينىدىن قارىسىنىلا كۆرۈپ قالدىم دېگەنىدى، ئۈچىيىم ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈۋەتكىلى تاس، تاس قالدىم.

قاۋاقخانا تاقىلىشقا ئاز قالغاندا مەن ھەربىرىگە ئىككىدىن ئىچىملىك ئېلىپ بەردىم. ئۆزۈم ئىككى ئىستاكان كوكوكولا ئالدۇردۇم. جوزىغا ئىستاكانلار لىق تىزىلدى. راۋېئېن دېگەن سەت قىز مېنى كوكوكولا ئىچكىنىم ئۈچۈن تازا شاڭخو قىلدى. ئۇ بەك قىزىقچى ئىكەن. ئۇ مارتىن بىلەن توم كولنىس[1] ئىچتى. ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا نېمىنى ئىچىشنى ئۇقمىسا كېرەك. بېنىز بولسا سو قوشۇلغان ۋىسكىلا ئىچتى. ئۇچەيلەن ئەتراپتىن ھەدەپ كىنو چولپانلىرىنى ئىزدەيتتى، ئۆزئارا گەپنى ئاز قىلاتتى، مارتىن ئۇ ئىككىسىدىن جىقراق سۆزلىدى، ئۇنىڭ گەپلىرى بەكمۇ قوپال، سەت ئىدى. ھاجەتخانىنى «قىز چاقىنىڭ ئۆيى» دەيتتى. بودى سىنگېر ئوركېستىرىنىڭ نەيچىسى ئالدىغا چىقىپ بىر پەدىگە چالغانىدى، ئۇلار كارامەت قالتىس چالدى، دېيىشتى. ياغاچ نەينى «چۆچۈكبۇيا كالتىكى» دەۋالدى. قانداق، ئۇلار راست تومپايلارمىكەن؟ راۋېئېن دېگەن سەت قىز ئۆزىچە شوخلۇق قىلىپ، دادىڭىزغا تېلېفون بېرىپ بېقىڭ، ھازىر ئۇ نېمىش قىلىۋاتىدىكىن، دادىڭىز قىز دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرامدۇ دېگەندەك تېتىقسىز گەپلەرنى تەكرار تۆت قېتىم دېدى. سېرىق چاچلىق قىز بېنىز گەپ قىلمىدى، مەن گەپ سورىسامۇ «نېمە؟» دەپلا قويدى. بۇنداق ئادەمدىن پاتلا

---

① ئىسپىرت ئارىلاشتۇرۇلغان بىرخىل مېۋە سۈيى.

زېرىكىپ قالىدىكەنسىز .
ئىچىدىغاننى ئىچىپ بولۇپ ئۇلار تۇيۇقسىزلا
ئورنىدىن تۇرۇپ قايتىپ كېتىپ ئۇخلايمىز ، دېيىشتى .
ئۇلارنى ئۇزۇنراق ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلساممۇ ، ئەتە ئە-
تىگەندە رادىئو شەھىرىدىكى مۇزىكا زالىغا كىنو كۆر-
گىلى باراتتۇق دەپ ئۇنىمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بى-
لەن خوشلاشتىم . ئۇلارغا پۇرسەت بولسا سياتوغا بېرىپ
سىلەرنى ئىزدەيمەن ، دېدىم . لېكىن بۇ گېپىمدىن ئۆزۈم
گۇمانلىنىمەن . مەن دەيمەن ، ئۇلارنى ئىزدەپ ، كۆرۈ-
شۈشۈمگە ئىشەنچ قىلالمايمەن .
سىگارت دېگەندەك نېمىلەر قوشۇلۇپ چىقىم 13
دوللار بوپتۇ . مېنىڭچە ئۇلار بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىنى
ھېچبولمىغاندا مەن كېلىشتىن ئىلگىرىكى بۇيرۇتمىلىرى-
نىڭ پۇلىنى تۆلىسە بولاتتى . بۇنى تۆلەتكۈزمەسلىكىم
تەبىئىي ، لېكىن بۇغداي نېنىڭ بولمىسا بۇغداي سۆزۈڭ
بولسۇن دېگەندەك ، ئاغزىنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ تۆلەيلى
دەپ قويۇشى كېرەكتە . بوپتۇلا ، قانداق قىلاي ، ئۇلار
ئاشۇنداق بىلىمسىز نېمىلەر تۇرسا . ئۇلار تېخى كۆرۈم-
سىز ، ئالا ـ چىپار شىلەپىلىرىنى كىيىۋېلىشتى . ئۇلار-
نىڭ ئەتە ئەتىگەندە رادىئو شەھەرچىسىنىڭ مۇزىكا زا-
لىدا كىنو كۆرىدىغانلىقى مېنى ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەن-
دۈردى . ئەگەر بىرلىرى ، ئالايلۇق ناھايىتى كۆرۈمسىز
شىلەپە كىيگەن قىزلار يىراقتىن ـ ۋاشىنگتون شتاتىنىڭ
سياتو دېگەن يېرىدىن — نيۇ ـ يوركقا كەلسە ، تېخى
تاڭ ئېتىشىغا رادىئو شەھەرچىسگە بېرىپ مۇزىكا زالىدا
تۇنجى مەيدان كىنو كۆرسە بۇنىڭغا قانداقمۇ ئۈمىد-
سىزلەنمەي تۇرالايمەن . ئەگەر ئۇلار بۇنى ماڭا دېمىگەن
بولسا ئۇلارنى جىق ھاراق بىلەن مېھمان قىلماسمىدىم ؟
— ئۇلار كېتىشى بىلەن تەڭ مەنمۇ سۆسۈن
سىرېن زالىدىن چىقىپ كەتتىم . ئوركېستىر كەتكەن ،
ئۇلارمۇ زالنى تاقايمىز دەۋاتسا ئولتۇرۇۋېرەتتىمۇ ؟ بى-

رىنچىدىن ، بۇنداق جايدا تانىسىغا ئۇستا قىزلار سىزگە ھەمراھ بولۇپ تانسا ئوينىسا ، ياكى بۇ يەرنىڭ كۆتكۆ-چىلىرى سىزگە كوكوكولا ئەمەس ، ھەقىقىي ئىچىملىك-لەرنى سېتىپ بەرسە ، ئۇ بىر گەپ ، بولمىسا ، بۇ تۇرد-دىغان يەر ئەمەس . ئىككىنچىدىن ، سىزگە مەست بول-غۇدەك هاراق سېتىپ بەرسە ، ياكى كۆڭلىڭىزنى مەھلىيا قىلىۋالغان قىز بىلەن بىللە بولسىڭىز بىر گەپ ، بولمىسا ، دۇنيادا ھېچقانداق بىرتۇن كۇلۇبى سىزنى ئۆزلىرىگە مىخلاپ قويغاندەك ئولتۇرغۇزالمايدۇ .

# 11

مەن دەم ئېلىش ئۆيىگە چىقىپ كېتىۋاتقاندا ، توساتتىن جون كاللاگ خىيالىمغا كېپقېلىپ زادىلا نېرى قىلالمىدىم . شۇڭا مەن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىدىغان دەم ئېلىش ئۆيىگە كىرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ سترادلېتا بىلەن ئېدېر بانكىنىڭ ماشىنىسىدا قىلىشقان ئىشلىرىنى ئويلاپ كەتتىم . سترادلېتانىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھېلىقىدەك ئىشنى قىلالمايدىغانلىقىغا جەزىم قىلالايدىغان جېىننى خۇددى بىر ئوقۇغان كىتابىمدەك ئوبدان بىلد-مەن . شۇنداقتىمۇ يەنىلا جېننى خىيالىمدىن نېرى قىلال-مىدىم . بۇنىسى راست . مەن دەيمەنكى ، ئۇ شاھماتتىن باشقا ، بارلىق تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىنى ياخشى كۆ-رەتتى . شۇڭا مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ، پۈتۈن بىر ياز بىز ھەركۈنى ئەتىگەندە بىللە چويلا توپ ئوينىدۇق ، چۈشتىن كېيىن گولف توپ ئوينىدۇق . مۇناسىۋىتىمىز بەك يېقىن ئىدى . دېمەكچى ،بۇ يېقىنلىق تەنىنىڭ يېقىنلىقى ئەمەس ، ھەرگىز ئۇنداق مەنىدىكى يېقىنلىق ئەمەس ئىدى . بىز پەقەت دائىم بىللە بولاتتۇق . بىر قىزنى پەسكەش مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىقلا ھەقىقىي يوسۇندا چۈشەنگىلى بولىدۇ ، دەيدىغان گەپ يوق .

بىز ئۇلار باققان گېرمانىيە نەسىللىك ئىتنى دائىم بىزنىڭ چىملىقىمىزغا كېلىپ تەرەت قىلىپ قويغانلىق سەۋەبلىكلا تونۇشۇپ قالغان. ئاپام بۇ ئىشتىن قاتتىق خاپا بولۇپ، جېنىنىڭ ئاپىسى بىلەن دېيىشىپ قالدى. بىر — ئىككى كۈندىن كېيىن مەن ئۇنى كۇلۇبدا ئۇچراتتىم. ئۇ سۇ ئۈزۈش كۆلى يېنىدا ياتقانىكەن. ئۇنىڭغا سالام بەردىم، ئەمما ئۇماڭا بەك سوغۇق مۇئامىلە قىلدى. ئۇ بىزگە قوشنا بولغان بىلەن ئىلگىرى زادىلا گەپلىشىپ باقمىغانىدىم. ئاناڭنى نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىپ ئۇنىڭغا ئىتىنىڭ نەگە تەرەت قىلىپ قويۇشى بىلەن كارىم يوقلۇقىنى، مېنى دېسە مېھمانخانامغا تەرەت قىلىپ قويسىمۇ بولىۋېرىدىغانلىقىنى ئاران چۈشەندۈردۈم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مەن بىلەن دوست بولدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇنى ئېلىپ بېرىپ گولف توپ ئوينىدىم. ئېنىق ئېسىمدە، ئۇ سەككىز توپنى قولدىن بېرىپ قويدى. ئۇنىڭغا توپ ئېلىشقا باشلىغاندا كۆزىنى ئېچىپ تۇرۇشنى جىق ھەپىلىشىپ تەسلىكتە ئۆگەتتىم. مېنىڭ ياردىمىم بىلەن ئۇنىڭ توپ ئېتىش تېخنىكىسى تېز ئۆستى. چۈنكى مەن گولف توپنى بەك ياخشى ئوينايتتىم. ئەگەر بۇ جەريانىنى سۆزلەپ بەرسەم ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن. بىر قېتىم مەن كىنوغا ئېلىنغىلى، يەنى ھېلىقىدەك قىسقا تەنتەربىيە فىلىملىرىگە ئېلىنغىلى ئازلا قالغانىدىم، ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە مەن نىيىتىمدىن يېنىۋالدىم. مەندەك كىنوغا ئۆچ ئادەم كىنوغا چىقسام ھەقىقىي بىر ساختىپەز بوپقالامدىم، دەپ ئويلىدىم.

جېن ئاجايىپ قىزىق قىز ئىدى. ئۇ گۈل يۈزلۈك ساھىبجامال بولمىسىمۇ، ھەقىقەتەن يۈرىكىمگە ئوت ياققاندى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن گۈل تۆكۈلەتتى. دېمەكچى بولغىنىم، ئۇ ئېغىز ئاچسىلا ھاياجانلىناتتى، ئويماقتەك ئاغزى، خۇش پىچىم لەۋلىرى گويا بەرگى تۆكۈلۈۋات-

قان گۈلدەك چىرايلىق ھەرىكەتلىنىپ ئادەمنى مەھلىيا قىلاتتى. بولۇپمۇ گولف توپ ئۇرۇشقا تەييارلانغان ياكى كىتاب ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتىكى ھالىتى ئاجايىپ نازۇك، چىرايلىق ئىدى. ئۇ دائىم كىتاب ئوقۇيتتى، ئوقۇغاندىمۇ ياخشىلىرىنى ئوقۇيتتى. كۆپلىگەن شېئىرلارنىمۇ ئوقۇ-غانىدى. ئايرىنىڭ شېئىر يېزىلغان قورغان توپ پەل-يىنى مەن ئۆيدىكىلەردىن باشقا ئۇنىڭغا كۆرسەتكەنىدىم. ئۇ ئايرىنى كۆرمىگەنىدى. سەۋەب ئۇ ئىلگىرى يازلىق تەتىللەرنى يوغان باش گادۇس بېلىقى بولۇغىدا (مىنيۇجىياۋادا) ئۆتكۈزگەن، مايىنغا تۇنجى قېتىم كەل-گەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا ئىنىمنىڭ جىق ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ بەكمۇ قىزىقىپ ئاڭلىدى.

ئاپام جېننى ئانچە ياقتۇرمايتتى. دېمەكچىمەن-كى، جېن ۋە ئاپىسى ئاپامنى كۆرسە پەقەتلا سالام — سائەت قىلمايتتى. ئاپام ئۇلار مېنى قەستەن كۆزگە ئىل-مايۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى. جېن دائىم لاسسال ماركىلىق ئۈستى ئوچۇق ماشىنىنى ھەيدەپ ئاپىسى بىلەن بازارغا بارغاچقا، ئاپام ئۇلارنى كۆپ ئۇچرىتاتتى. ئاپام ھەتتا جېننى چىرايلىق دەپمۇ ھېسابلىمايتتى. ئەمما مېنىڭ كۆزۈمگە ئۇ بەكمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرۇقىنى بەكمۇ ياقتۇراتتىم.

بىر ئىش ئېسىمدە، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن جېن ئىككىمىز بىرلا قېتىم قۇچاقلاشتۇق. ئۇ بىر شەنبە بولۇپ، سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ پەردە ئېسىلغان چوڭ پېشايۋانىدا ئۇنىڭ بىلەن شاھمات ئوي-ناۋاتاتتىم. ئۇ شاھلىرىنى ئارقا رەتكە تىزىۋېلىپ ئىش-لەتمەي تۇرۇۋالىدىغان بولغاچقا، ئاندا — ساندا ئۇنى شاڭخو قىلاتتىم. لېكىن چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەيتتىم. پۇرسەت بولسىلا بىرەر قىزنى يۈزلىرى شەلپەردەك قىزارغۇچە كولدۇرلۇپ ئويناشنى تولىمۇ ياخشى كۆرى-مەن، لېكىن قىزىق ئىش، كۆڭلۈمگە ياقىدىغان قىزلارنى

ئۇنداق قىلغۇم كەلمەيدۇ . ماڭا بەزىدە ئۇلارنى كۆل-
دۈرسىڭىز ، شاڭخو قىلسىڭىز ، ئۇلار خۇشال بولىدىغان-
دەك بىلىنىدۇ . ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتەن خۇشال بولىدى-
غانلىقىنى ئۇبدان بىلىمەن . لېكىن ئۇزاق ۋاقىت بىللە
ئۆتكەن ، لېكىن زادىلا ئۇلارغا چاقچاق قىلىپ باقمىغان
بولسا ، ئادەمگە بۇمۇ تەس بىلىنىدىكەن . مەن سىزگە شۇ
كۈنى ئۈنىڭ بىلەن قانداق قۇچاقلاشقانلىقىمنى ئېيتىپ
بەرمەكچىمەن . تاشقىرىدا چىلەكلەپ قۇيغاندەك قاتتىق
يامغۇر يېغىۋاتاتتى . ئىككىمىز پېشايۋاندا ئىدۇق . بىر
چاغدا ئۇنىڭ ئاپىسى تەككەن ھاراقكەش كەلدى ـ دە ،
جېنىمدىن ئۆيدە سىگارت بارمۇ دەپ سورىدى . ئۇنىڭ
بىلەن ئانچە تونۇشمايتتىم ، لېكىن تۇرقىدىن بىرەر ئىل-
تىماسى بوپقالمىسا ئالدىغا كەلگەنلەرگە ئاسانلىقچە نەزەر
كۆزىنى سالمايدىغانلاردىن كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ تەبىئى-
يىتى ئاشۇنداق ئادەمنى بىزار قىلاتتى . ئۇ جېنىدىن سى-
گارت بارلىقىنى بىلەمسەن ، دەپ سورىۋىدى ، جېنى
جاۋاب بەرمىدى . ئۇ كاساپەت يەنە سورىغانىدى ، جېنى
يەنىلا ئۈندىمىدى . ھەتتا بېشىنىمۇ كۆتۈرمىدى . ئۇ
ئۆيگە كىرىپ كەتتى . مەن جېنىدىن نېمىشقا بۇنداق قى-
لىسىز ، دەپ سورىسام ، ئۇ جاۋاب بەرمەي ، پۈتۈن دىق-
قىتى بىلەن ئۇرۇقلىرىنى قانداق مېڭىش ئۈستىدە ئويلى-
نىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى . تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆز-
لىرىدىن تۆكۈلگەن ياش ئۈنچىلىرى شاھمات تاختىسىغا
چۈشتى . ئۇ دەرھال سۈرتۈۋەتتى . نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم
بىرقىسما بولۇپ كەتتى . ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يې-
نىغا بېرىپ ئۇنىڭ قۇچىقىدا دېگۈدەك ئولتۇردۇم . ئۇ
ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى . مەن ئۇنىڭ كۆزلىرى ،
بۇرنى ، مەڭزى ، پېشانىسى ، قېشى ، قۇلاقلىرىنى ، ئىش-
قىلىپ لېۋىدىن باشقا جىمى يېرىنى قىزغىنلىق بىلەن
سۆيدۈم . ئۇ ماڭا لېۋىگە سۆيگۈزمەيدىغاندەك بىلىنىدۇ .
قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئىككىمىزنىڭ تۇنجى قېتىم ئەڭ

يېقىن تۇرغىنىمىز ، قۇچاقلىشىپ بىمەنە ئىش قىلغانلىـ
قىمىز ئىدى . بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئۆيگە كىرىپ كېـ
تىپ ، ئاق ، قىزىل ئىككى رەڭلىك تەنتەربىيە كىيىمى
كىيىپ چىقتى . ئىككىمىز بىرلىكتە كىنوغا باردۇق . يولدا
ئۇنىڭدىن گوئوخان ــــ ھېلىقى هاراقكەش ــــ سىزگە
ئەسكىلىك قىلدىمۇ ، قانداق دەپ سورىدىم . ئۇ كىچىك
بـولغان بىلەن ساغلام ، تولغانىدى . شۇڭا باشقىلارنىڭ
ئورنىدا مەن بولغان بولسام ئۇنى ھەرگىز گوئوخاندەك
ئىپلاسنىڭ يېنىدا تۇرغۇزمايتتىم . بىراق ئۇ ئۇنداق قىلـ
مىدى ، ــــ دېدى . مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ ئىشنىڭ
تەكتىگە يېتەلمىدىم . بەزى قىزلارنىڭ زادى نېمىشقا
شۇنداق بولىدىغانلىقىنى مەن ھېچ چۈشىنەلمىدىم .
سىزنىڭ بىللە بولغاندا قۇچاقلىشىپ ، يالىشىپ يۈرمىـ
گەنلىكىمىزنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى جانسىز مۇردىدەك
بىر قىزمىكىن دەپ قالماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن . ئۇ
ئۇنداقلاردىن ئەمەس ئالايلۇق ، مەن دائىم ئۇنىڭ قولىنى
تـۇتىمەن . بۇ ئاڭلاشقا ئادەتتىكىدەك بىلىنگەن بىلەن ،
ئۇنىڭ بىلەن قول تۇتۇشقاندا كۆڭلۈم يايراپ كېتىدۇ .
نۇرغۇن قىزلار بار ، ئۇلار بىلەن قول تۇتۇشقاندا ، قولىدا
ھېچقانداق سېزىم بولمايدۇ . ياكى سىزنى زېرىكىپ قالـ
مىسۇن ، سېزىم پەيدا قىلاي دېگەندەك قولىنى تىنماي
مىدىرلىتىپ كېتىدۇ . ئەمما جېن ئۇنداق ئەمەس . بىز
كـىنوغا كىرىپ قالساق ، دەرھال قولىمىزنى تۇتۇشىمىز ،
تاكى كىنو تۈگىگىچە قويۇۋەتمەيمىز . لېكىن ھېچقانداق
غەيرىي قىلىقلارنى قىلماي پەقەت تۇتۇپلا ئولتۇرىمىز .
ئۇنىڭ بىلەن قول تۇتۇشقاندا قولىڭىزنىڭ تەرلىشىدىنمۇ
ئەنسىرىمىسىڭىز بولىدۇ . سىزدە خۇشاللىق ، بىغۇبار
شادلىقتىن باشقا ھېچقانداق تۇيغۇ بولمايدۇ .

يەنە بىر ئىش يېڭىلا ئېسىمگە كېلىپ قالدى . بىر
قېتىم كىنوخانىدا جېن ئاجايىپ بىر ئىشنى قىلىپ مېنى
ئەقلىمدىن ئاداشتۇرغىلى تاسلا قالدى . بەلكىم ھۆجـ

جەتلىك فىلىم قويۇلۇۋاتقان چاغ بولسا كېرەك. توساتتىن بىر قولنىڭ بوينۇمغا گېرە سالغىنىنى سەزدىم. بۇ جېنىنىڭ قولى بولۇپ، سۆزلەپ كەلسە بۇ بىر كۈلكىلىك ئىش ئىدى. يەنى بۇنداق ئىشقا ئۇ تولىمۇ كىچىكلىك قىلاتتى. ھالبۇكى، سىز كۆرگەن، قولىنى باشقىلارنىڭ بوينىغا قويۇۋالغانلارنىڭ كۆپى 25 — 30 ياشلاردىكى ئاياللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قولى ئەرلىرى ياكى بالىلىرىنىڭ بوينىغا قويۇلاتتى. مەسىلەن، مەنمۇ بەزىدە سىڭلىم فۇئېيېنىڭ بوينىغا گېرە سېلىۋالاتتىم. لېكىن ياش قىزلار بۇنداق قىلسا ئادەمدە بۆلەكچە بىر تۇيغۇ پەيدا قىلىپ، يۈرەكلەرنى ئوينىتىۋېتىدىكەن.

مەن دەم ئېلىش ئۆيىنىڭ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ جېنى ھەققىدىكى شۇ ئىشلارنى ئويلىدىم. ئۇنىڭ ستىرادلېتا بىلەن چىقىپ ئېدېر بانكىنىڭ دومىلە ماشىنىسىدا ئولتۇرۇشقانلىقىنى ئويلىساملا تۈكلىرىم تەتۈر ئۆرۈلەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىگە چىڭ قىز ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلسەممۇ، يەنىلا قاتتىق پەرىشان بولدۇم. ئەگەر سىز مېنى راست گەپ قىل دېسىڭىز، بۇ ھەقتە سۆز قىلىشقىمۇ رايىم يوق.

دەم ئېلىش ئۆيىدە ئادەم قالمىدى، ھەتتا پاھىشە سىياقىدىكى قىزلارمۇ كۆزدىن يىتتى. توساتتىن بۇ نەس باسقان جايدىن كېتىشىم لازىملىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ يەر ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇراتتى. لېكىن يەقەتلا ئۇيقۇم كەلمىگەنىدى. شۇڭا ياتاققا قايتىپ پەلتويۇمنى كىيدىم. روھىي جەھەتتىن غەيرىي نورمال ئادەملەر نېمىش قىلىۋاتقاندۇ، دەپ دېرىزىدىن قاراپ باقتىم. بىراق ئۇدۇلدىكى ئۆيلەرنىڭ چىرىغى تامام ئۆچكەنىدى. لىفت بىلەن پەسكە چۈشۈپ تاكسى توسۇپ، شوپۇرغا ئوۋنېغا ئاپىرىشنى ئېيتتىم. ئوۋني گىرېنۋىچ كەنتىدىكى بىر تۈن كۇلۇبى ئىدى. ئاكام D • B ھوللىۋودقا بېرىپ پاھىشە بولماستا ئۇ يەرگە دائىم باراتتى،

ئاندا ـ ساندا مېنىمۇ ئاپىراتتى. تۈن كۆلۈبىنى ئاچقان
خوجايىن ئۇۋۇنى دىۋىدەك بەستلىك، پور كۆتەكتەك
سېمىز، رويال چالالايدىغان نېگىر ئىدى. بۇ مۇتتەھەم-
نىڭ پۇلى، كۈچى بار، ھەممە جەھەتتىن تىقلىپ
كەتكەنىدى. ئەگەر سىز مەشھۇر ئەرباب، كاتتا زات
ياكى شۇنداقراق ئادەم بولسىڭىز بىر گەپ، بولمىسا ئا-
دەمگە قارايدىغان كۆزىمۇ يوق ئىدى. ئەمما رويال دې-
گەننى سايرىتىۋېتەتتى. ئەمەلىيەتتە ئازراق قوپاللىق،
چاكىنىلىقمۇ بار ئىدى. ئۆزۈمنىڭ نېمە مەقسەتتە بۇ
گەپنى قىلىۋاتقانلىقىمنى تۈزۈك ئۇقمايمەن. لېكىن بۇ
چىن سۆزۈم. مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ رويال چېلىشىنى
بەك ياقتۇرىمەن. لېكىن بەزىدە ئۇنىڭ شۇ ئاناڭنى رو-
يالنى كۇمپەيكۇم قىلىۋەتكۈم كېلىدۇ. نېمىشقا دېگەندە،
مېنىڭچە بەزىدە ئۇ چالغان رويال ئادەمگە ئۇ مال ـ دۇن-
ياسىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقاندەك، كاتتا ئەربابلارنى
ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىنى كۆزگە ئىلمايۋاتقاندەك ئاڭ-
لىناتتى.

## 12

مەن ئولتۇرغان تاكسى ئىلگىرى ـ كېيىن كونا
بىر تاكسى ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچى گويا بايىلا بىرى قۇ-
سۇۋەتكەندەك بەتبۇي پۇرايتتى. بەك كەچ ۋاقىتلاردا
سىرتقا چىقسام مەن دائىم دېگۈدەك مۇشۇنداق قاملاش-
مىغان تاكسىلارغا ئولتۇرۇپ قالاتتىم. ھەممىدىن يامى-
نى، ھەممىلا يەردىن غېرىبلىق، سۆرۈنلۈك يېغىپ
تۇراتتى. شەنبە ئاخشىمى بولغان بىلەن كوچىلاردا ئا-
ساسەن ئادەم يوق. تاساددىپي ھالدا ئۆزئارا قۇچاقلى-
شىۋالغان ھالدا كوچىدىن كېسىپ ئۆتۈۋاتقان قىز ـ يى-
گىتلەر، ياكى قىز دوستلىرى بىلەن يۈرگەن لۈكچەك
سىياقىدىكى نېمىلەر ئۇچرايتتى. ئۇلار گويا ئالۋاستىلار-

دەك سەت كۆلۈشەتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى شۇنچە قىـ
قاس سېلىپ كۆلدۈرگىدەك ئالاھىدە بىر ئىش بولماس-
لىقى مۇمكىن . نيۇ ـ يورك ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق بىر
جاي . تۈن كېچىلەردە ئاشۇنداق ئۆچكىدەك مەرەپ
كۆلۈشكەن كىشىلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ . بۇنداق كۆلكى-
لەرنى سىز خېلىلا يىراقتا تۇرۇپمۇ ئاڭلايسىز . ئۆزى-
ڭىزنى شۇنچىلىك يېگانە ، چۈشكۈن ھېس قىلىسىز .
ئۆيۈمگە قايتىپ بېرىپ سىڭلىم بىلەن پاراڭلاشقۇم
شۇنداق كەلدى . كېيىن ، يەنە تاكسىغا ئولتۇرغاندىن
كېيىن شوپۇر بىلەن پاراڭغا چۈشتۈم . ئۇنى ئىسمى
خورۋىز ، مەن بۇرۇن ئۇچراتقان تاكسى شوپۇرلىرىدىن
خېلىلا ياخشى ئىكەن . تۇرۇپلا كاللامغا ئۇ بەلكىم ھې-
لىقى ئۆدەكلەرنىڭ ئىشىنى بىلىشى مۇمكىن ، دېگەن ئوي
كەلدى .

— ھوي خورۋىز ، — دېدىم ، — سىز مەركىزى
باغچىدىكى سۈيى تېيىز كۆل ئەتراپىغا بېرىپ باققانمۇ ؟
مەركىزى باغچىنىڭ جەنۇبىي بېشىدىكى كۆلچۇ ؟

— بېرىپ باققانمۇ دەمسىز ؟

— ھېلىقى سۈيى تېيىز كۆلچەكنى دەۋاتىمەن .
ئىچىدە غازلار ئۈزۈپ يۈرىدۇ ، بىلەمسىز شۇنى ؟

— ھە توغرا ، نېمە بوپتۇ .

— سىز باھار ۋە باشقا چاغلاردا كۆلدە يۈرىدى-
غان ئۆردەكلەرنى بىلىدىغانسىز ـ ھە ؟ ئەمما قىش كەل-
گەندە ئۇلار نەلەرگە كېتىدۇ ، بىلەمسىز ؟

— كىمنى نەگە كېتىدۇ دەيسىز ؟

— ئۆردەكلەرنى دەۋاتىمەن . بىلەمسىز ؟ سىز-
دىن سوراۋاتىمەن . دېمەكچىمەنكى ، ئۇلارنى ئادەملەر
تۇتۇپ ئاپتوموبىللارغا قاچىلاپ ئەكىتەمدۇ ياكى ئۆز-
لىرى جەنۇبقا ياكى باشقا بىر جايلارغا ئۇچۇپ كېتەم-
دۇ ؟

خورۋىز 180 گرادۇس بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ كەت-

تى . ئۇ تازىمۇ ئۆپكىسى يوق نېمىكەن . لېكىن ئادەم-گەرچىلىكتە بوپقالىدىكەن .

— ئاناگىنى ، مەن نەدىن بىلەي ، — دېدى ئۇ ، — بۇنداق قاملاشمىغان ئىشلارنى نېمە بىلىمەن ؟

— هەي ، بۇنىڭغا خاپا بولماڭ ، — دېدىم ئۇنىڭ خاپا بولغاندەك تۇرقىنى كۆرۈپ .

— كىم خاپا بولدۇم دەيدۇ ؟ هېچكىم خاپا بولمىدى .

ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئىشلارغا تېرىككىنىگە قاراپ باشقا گەپ - سۆز قىلمىدىم . ئۇ گەپنى ئۆزى باشلىدى . ئۇ بايىقىدەك تولۇق بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ :

— هېلىقى بېلىقلار هېچنەگە كەتمىدى . بۇرۇنقى جايىدا تۇرۇۋاتىدۇ . هېلىقى بېلىقلار شۇ نەس باسقۇر كۆلدە بار .

— هېلىقى بېلىقلارنى دەمسىز — ئۇ باشقا گەپ . ئۇ دېگەن بېلىقلارغا ئوخشىمايدۇ . مېنىڭ دەۋاتقىنىم ئۆردەك .

— نېمىشقا ئوخشىمايدۇ ؟ ئوخشىمايدىغان ئىش يوق ، — دېدى خورۋىز . ئۇ قانداقلا گەپ بولمىسۇن قورسىقىدا بىر غۇم باردەك قىلاتتى ، — قىش كۈنى بې-لىقلارنىڭ هالى ئۆردەكلەرنىڭكىدىن بەكرەك خاراب . توۋا ، كاللىڭىزنى ئىشلىتىڭ . پەرۋەردىگار .

مەن بىرپەس زۇۋان سۈرمىدىم . ئاندىن :

— هە بوپتۇ . ئەگەر قىشتا كۆلچەك قېلىن مۇز تۇتسا ، كىشلەر مۇز تېيىلىپ ئوينىسا ، ئۇ چاغدا بېلىقلار قانداق قىلىدۇ ؟

ئۇ يەنە تولۇق ماڭا بۇرۇلدى :

— ئۇلار قانداق قىلىدۇ دەمسىز ؟ ئاناگىنى ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى ؟ — ئۇ ماڭا ۋارقىرىغاندەك سۆزلىدى ، — توۋا قىلدىم ، ئۇلار جايىدا تۇرى-ۋەرمەمدۇ ؟

— ئۇلارنىڭ مۇز بىلەن كارى بولمىسا بولمامدۇ، كارى بولمىسا زادى بولمايدۇ.

— كىمنىڭ كارى بولمىغۇدەك؟ كارى بولمايدىغان ئىش يوق! — دېدى خورۋىز. ئۇ شۇنچىلىك ھاياجانلاندىكى، ئۇ ماشىنىسىنى ستولبىغا ياكى باشقا بىرەر نېمىگە ئۇرۇۋېتەرمىكىن دەپ قورقۇپ كەتتىم، — ئۇ نېمىلەر سۇنىڭ ئىچىدە تۇرىۋېرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتى. خۇدايىم، ئۇلار پۈتۈن قىش مىدىر ــ سىدىر قىلماي ياتىدۇ شۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە ئۇلار نېمە يەيدۇ؟ دېمەكچىمەنكى، ئۇلارمۇ توڭلاپ قېتىپ قالسا، ئۇ يان ــ بۇ يان ئۈزۈپ ئوزۇق تېپىپ يېيەلمەيدىغۇ.

— يائاللا، ئۇلارنىڭ تېنى — سىزگە نېمە بولدى؟ — ئۇلارنىڭ تېنى ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلالايدۇ، مۇز ئاستىدىكى ئوت ــ چۆپ دېگەندەك نەرسىلەرنى سۈمۈرەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ تۈك تۆشۈكچىلىرى ھەممىلا ۋاقىت ئېچىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئىتى شۇ. ياھەزرەت، گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ — ئۇ ئاناڭنى يەنە تولۇق بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى.

— ھە! — دەپ قويدۇم. ئۇ ماز ماشىنىسىنى بىرەر نېمىگە ئۇرۇۋەتمىسۇن دەپ قورقۇپ، ئاغزىمنى يۇمدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق تېرىككەك ئادەملەر بىلەن بىرەر ئىش ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى.

— بىرەر يەردە توختاپ، مەن بىلەن بىرەر رومكا ئىچىپ قويامسىز؟ — دېدىم مەن.

ئۇ جاۋاب قايتۇرمىدى. پەمىمچە ئۇ ئويلىنىۋاتاتتى. ئۇ بەك قىزىق، خېلىلا بولىدىغان ئاداش ئىكەن. مەن قايتا سورىغانىدىم، ئۇ:

— ھاراق ئىچىشكە ۋاقتىم يوق، ئۇكا، — دېدى ئۇ، — سىز كاساپەت زادى نەچچە ياشقا كىردىڭىز،

نېمىشقا ئۆيىڭىزدە ئۇيقۇڭىزنى ئۇخلىمايسىز ؟
— ئۇيقۇم كەلمىدى .
مەن ئۇۋۇنىڭ تۈن كۇلۇبىنىڭ ئالدىدا چۈشۈپ
قېلىپ شوپۇرغا پۇلنى تۆلىۋەتتىم . خورۋىز ئۇشتۇمتۇت
يەنە بېلىقنى تىلغا ئالدى . ئۇ ھەقىقەتەن شۇنى ئويلىغا-
نىكەن .
— قۇلاق سېلىڭ ، — دېدى ئۇ ، — ئەگەر سىز
بېلىق بولسىڭىز ، تەبىئەت ئانا ئەلۋەتتە ھالىڭىزدىن خە-
ۋەر ئالىدۇ . قانداق دېدىم ؟ سىز ھەرقانچە بولسىمۇ قىش
كېلىش بىلەنلا بېلىقلار ئۆلۈپ قالىدۇ ، دەپ قارىمايدى-
غانسىز ؟
— ئۇنداق ئەمەس . بىراق . . .
— سېنىڭ دېگىنىڭ توغرا ، ئاناڭنى ، ئۇلار ئۆ-
لۈپ قالمايدۇ ، — دېدى خورۋىز ، ئاندىن ماشىنىسىنى
گويا دوزاختىن چىققان شەپەرەڭدەك تېز ھەيدەپ چاك
چىقارغىنىچە كېتىپ قالدى . ئۇ مەن ئۆمرۈمدە ئۇچرات-
قان زىغىردەك ئىشلارغىمۇ چېچىلىدىغان تېرىككەك بىر
نېمە ئىكەن . سىز نېمىلا دېمەڭ ، خاپا بولۇۋېرىدىكەن .
ئەل ئايىغى جىمىققان مەھەل بولۇشىغا قارىماي
ئۇۋۇنېدا ئادەم مىغ — مىغ ئىدى . مۇتلەق كۆپى ئۇنىۋېر-
سىتېتنىڭ كۆكەملىرى ۋە تەييارلىق سىنىپ ئوقۇ-
غۇچىلىرى ئىدى . دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مەكتەپ
ئوقۇغۇچىلارنى بىزنىڭ دومىلە مەكتەپتىن بۇرۇن قو-
يۇۋېتىدۇ . بۇ يەردە ئادەمنىڭ جىقلىقىدىن ھەتتا پەلتو
قويغۇدەكمۇ يەر تېپىلمايتتى . لېكىن شۇنچىلىك جىم-
جىت ئىدى . سەۋەب ، ئۇۋۇنىڭ رويال چېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ
رويال ئالدىدا ئولتۇرۇشى ئاجايىپ مۇقەددەس بىر ئىش-
تەك قارىلاتتى . چۈنكى ھېچكىم ئۇنىڭدەك چېلىپ ئا-
دەمنى سېھىرلىيەلمەيتتى . مەندىن باشقا يەنە ئۈچ جۈپ
قىز — يىگىت ئورۇن ساقلاۋاتاتتى . ئۇلار ئۇۋۇنېنىڭ رو-
يال چالغاندىكى ھالىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر — بىرىنى

ئىنتىرىشىپ ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈلۈپ بويۇنداۋا-
تاتتى . ئۇنىڭ ئالدىدا يوغان بىر ئەينەك بار ئىدى ، ئۇنى
ئىنتايىن يورۇق چىراغ يورۇتۇپ تۇراتتى ، شۇڭا رويال
چېلىۋاتقان ئوۋنېنى ھەممىلا ئادەم ئوچۇق كۆرەلەيتتى .
يەنى رويال چېلىۋاتقان قوللىرىنى كۆرەلمىسىمۇ چىرا-
يىنى كۆرەلەيتتى . ئاجايىپ قالتىس . مەن كىرگەندە
ئۇنىڭ قايسى مۇزىكىنى چېلىۋاتقىنى ئېسىمدە قالماپتۇ .
بىراق قانداقلا مۇزىكا بولسۇن ئۇ ماھارىتىمنى كۆز — كۆز
قىلىمەن دەپ قارىسىغا پوكۇس چىقىرىپ چېلىپ يوقلا
بىرنېمە قىلىۋېتەتتى . يەنە تېخى نۇرغۇن مەككار-
لىقلارنى قىلىپ غەلىتە ئاھاڭلارنى چىقىراتتى . ئاڭلىسام
ئەرۋاھىم ئۇچاتتى . سىز ئۇ مۇزىكا چېلىپ بولغاندىن
كېيىن تاماشىبىنلارنىڭ چۇقان — سۈرەنلىرىنى ئاڭلى-
سىڭىز چوقۇم قوسۇۋېتىسىز . ئۇلار بەئەينى كىنوخا-
نىلاردىكى كۈلگۈدەك ئىش بولمىسىمۇ ئۆچكە مەرىگەن-
دەك چىرقىرىشىدىغان ئالۋاستى كەبى ساراڭلارغا ئوخ-
شاشلا ساراڭ بولۇشىدۇ . قەسەم ئىچىپ بېرەلەيمەنكى ،
ناۋادا مەن رويالچى ، ئارتىس ياكى باشقا بىرنېمە بولۇپ
قالسام ، بۇنداق تەلۋىلەر مېنى قالتىس ئادەم دەپ قاراپ
شۇنداق ئالقىش ياڭراتسا چوقۇم خاپا بولىمەن . ھەتتا ئۇ
نېمىلەرنىڭ مەن ئۈچۈن چاۋاك چېلىشىنىمۇ خالىماي-
مەن . چۈنكى ئۇلار چاۋاك چالمايدىغان نېمىلەرگىمۇ
چاۋاك چېلىشىمىز كېرەك ، دەپ قارايدۇ . ئەگەر مەن
رويالچى بولۇپ قالسام تام ئىشكاپىدا تۇرۇپ چالسام چا-
لىمەنكى ، ئۆزۈمنى كۆرسەتمەيمەن . ھە ، ئۇ چېلىپ
بولغاندا ھەممىلا ئادەم قوللىرى ئاغرىپ كەتكۈدەك
چاۋاك چېلىشتى . ئوۋنى ئورۇندۇقىنى ئايلاندۇرۇپ
كۆپچىلىككە قاراپ گويا ئۇ يالغۇز داڭدار رويالچىلا ئە-
مەس ، تېخى ئىنتايىن كەمتەر شاپائەتچى زاتتەك تولىمۇ
ساختىلىق ، ئىنتايىن كەمتەرلىك بىلەن تەزىم قىلدى .
بۇ پۈتۈنلەي بىر ساختىلىق . چۈنكى ئۇ دېگەن كاتتا

باي ــ دە ! قىزىق ئىش ، ئۇ مۇزىكا چېلىپ بولغاندا ، تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئازراق ئىچىم ئاغرىپ قالدى . مەن ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكىنى قانداقراق چالغانلىقىنى پەقەتلا بىلمىسە كېرەك ، دەپ ئويلاپ قالدىم . بۇنىمۇ ئۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولمايدۇ . مەن بۇنى پەقەت خۇدىنى بىلمەي چاۋاك چېلىۋاتقان تەلۋىلەردىن كۆردۈم . ئەگەر سىز پۇرسەتلا بەرسىڭىز ، ئۇ ھەرقانداق بىر ئادەمنى ئەركىلىتىپ ئاسمانغا چىقىرىۋېتىدۇ . بۇ ئىشمۇ كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ ، روھىمنى چۈشۈرۈۋەتتى . ئاناڭنى مەن پەلتويۇمنى كىيىپ مېھمانخانىغا قايتىپ كېتىشكە ئازلا قالدىم . ۋاقىت تېخى بالدۇر بولغانلىقى ، يېگانە ھالدا غېرىبسىنىپ ئولتۇرغۇم يوق بولغاچقىلا ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم .

ئاقىۋەت ماڭا ئىلگىرى ــ كېيىن قاملاشمىغان بىر ئورۇننى چىقىرىپ بېرىشتى . بۇ ئورۇن تامغا يېقىن ، ئالدىدا يوغان تۈۋرۈك بار بىر جوزىدا ئىدى . كىچىككىنە بۇ جوزىغىمۇ ئەگەر يان جوزىدىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ يول بەرمىسە ــــ ئەلۋەتتە ، بۇ ھارامدىن بولغانلار ئورنىدىن تۇرۇشمايدۇ ــــ ئۆتكىلى بولمايتتى . مەن سۇدا سۈيى قوشۇلغان ۋىسكى بۇيرۇدۇم . بۇ دىكرى ھارىقىنى① ھېسابقا ئالمىغاندا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىچىملىك ئىدى . ئوۋنې تۈن كۇلۇبىدا سىز ئالتە ياشلىق بولسىڭىزمۇ ھاراق ئېلىپ ئىچەلەيتتىڭىز . بۇ يەر ئىنتايىن قاراڭغۇ ئىدى . يەنە كېلىپ سىزنىڭ يېشىڭىز بىلەنمۇ ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى . زەھەر چەككۈچى بولسىڭىزمۇ بىرى بىرنېمە دېمەيتتى .

چاقچاق قىلغىنىم ئەمەس ، ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچىغا چىققان ئەسكى نېمىلەر ئىدى . سول تەرىپىمدىكى كىچىك جوزىدا ، بېشىمدا دېگۈدەك ئاجايىپ غەلىتە سىياقتىكى بىر يىگىت بىلەن بىر قىز ئول-

① تاتلىق ھاراق ، قەنت ۋە لىمون قوشۇلغان بىر خىل ئەبجەش ھاراق .

تۇراتتى. يېشى مېنىڭچە كېلەر، بەلكىم مەندىن ئازراقلا چوڭدۇر. ئاجايىپ قىزىق، ئۇلار ئىنتايىن ئاز ھارىقىنى تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ناھايىتى ئاستا ئىچىۋاتاتتى. قىلىدىغان باشقا ئىشىم بولمىغاچقا ئۇ ئىككىسىنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالدىم. يىگىت قىزغا شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن كۆرگەن كەسپىي ماھىرلارنىڭ زەيتۇن توپ مۇسابىقىسىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. چاقچاق ئەمەس، ئۇ قىزغا پۈتۈن مۇسابىقىدىكى ھەربىر ھەرىكەتنى قويماي سۆزلەپ بەردى. مەن بۇنداق تېتىقسىز گەپلەرنى زادىلا ئاڭلىمىغانىدىم. بۇ قىزنىڭ بۇ ماقلاشمىغان مۇسابىقىگە ئازراقمۇ قىزىقمايدىغانلىقىنى سىزمۇ بىر قاراپلا بىلىۋالالايسىز. ئۇ قىز يىگىتتىن ئۆتە بەتبەشرە ئىكەن. شۇڭا ئويلىدىمكى، ئۇمۇ نائىلاج ئاڭلاپ ئولتۇردى. سەت قىزلارمۇ ئاجايىپ بىچارە. شۇڭا بەزىدە ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، چىرايىغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن. بولۇپمۇ زەيتۇن توپ مۇسابىقىسى ھەققىدە ئاغزى بېسىلماي كاسىلداۋاتقان ھېلىقى ئاداشتەك نېمىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرغاندا زادىلا قارىمايمەن. ئەمما ئوڭ تەرىپىمدىكى جوزىدىكىلەرنىڭ پاراڭلىرى تېخىمۇ مەززىسىز ئىكەن. ئوڭ تەرىپىمدىكى ئۈستەلدە يېرۇ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىسى سىياقىدىكى، فرانسىيە يۇڭ رەختىدىن كىيىم كىيگەن، ئىچىگە تاتسار ماركىلىق كۆڭلەك كىيگەن بىرى ئولتۇراتتى. مۇشۇنداق داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇيدىغان ھاراملىقلارنىڭ سىرتقى قىياپىتى ئوخشاپ كېتەتتى. ئاتام مېنى يېرۇ ياكى بىرىنستون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتىمەن دەيدۇ. لېكىن مەن قەسەم ئىچىپ بېرەلەيمەنكى، جېنىمنى ئالىدىغان ئىش بولسىمۇ چىڭگىتىڭ (كۆك پىلەك) بىرلەشمىسىدىكى ھەرقانداق بىر ئىنستىتۇتتا ئوقۇمايمەن. خۇدايا توۋا. ھېلىقى يېرۇ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىسى سىياقىدىكى كاساپەت ئاي دېسە ئاغزى، كۈن دېسە كۆزى بار بىر قىز

بىلەن ئولتۇراتتى. قىز ھەقىقەتەن ئاجايىپ گۈزەل
ئىدى. سىز ئۇلار قىلىشىۋاتقان گەپلەرنى بىر ئاڭلاپ
قويۇشىڭىز كېرەك. ئىككىلىسى كەيىپ ئىدى. يىگىت
جوزا ئاستىدىن قىزنىڭ ئۇ يەر — بۇ يېرىنى سىلاپ تۇ-
رۇپ، ئۇنىڭغا ياتقىدىكى بىر بالىنىڭ پۈتۈن بىر بو-
تۇلكا ئاسپىرىننى يېۋېلىپ ئۆلگىلى تاس قالغانلىقىنى
سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. قىز دوستى توختىماستىن
ئۇنىڭغا: «نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق... ئۇنداق قىلماڭ،
قەدىرلىكىم. بۇ يەردە ئۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ»
دەيتتى. ئويلاپ بېقىڭ، ئۇ قىزغا ئۇنى سىلاپ تۇرۇپ
بىرىنىڭ قانداق قىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغان-
لىقىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى! بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ
كۈلگۈم كېلىپ كەتتى.

مەن يەككە — يېگانە ئولتۇرۇپ، ئۆزۈمنى بەي-
گىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئاتنىڭ ساغرىسىدەك ھېس
قىلدىم. مېنىڭ ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىشتىن بۆلەك
قىلىدىغان ئىشىم يوق ئىدى. مەن كۈتكۈچىنى چاقى-
رىپ، ئوۋنېدىن مەن بىلەن ھاراق ئىچىشكە ئۇنامدىكىن
سوراپ بېقىڭ ئۇنىڭغا مېنىڭ D•B نىڭ ئىنىسى ئىكەن-
لىكىمنى ئېيتىڭ، دېدىم. ئەمما ئۇ بۇ گەپنى ئوۋنېغا
ئېيتمايدۇ، دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭدەك نېمىلەر ھەرگىز
گېپىڭىزنى باشقىلارغا بېرىپ يەتكۈزمەيدۇ.

بىردىنلا بىر قىز كېلىپ ماڭا:

— خولتون كاۋلفىېلد! — دېدى. بۇ قىزنىڭ
ئىسمى لىلىئېن سىمونس بولۇپ، ئاكام D•B ئىلگىرى
ئۇنىڭ بىلەن بىرمەزگىل يۈرگەنىدى. ئۇنىڭ كۆكسى
راسا تولغانىدى.

— ھوي، — دېدىم — دە، ئورنۇمدىن تۇردۇم.
بۇنداق جايدا ئورۇندىن تۇرۇشمۇ بىر ئاۋارىچىلىق ئى-
دى. ئۇ بىر دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى بىلەن بىللە بو-
لۇپ، ئۇ ئوفىتسېر بەئەينى قۇيرۇق كەينىگە يوشۇرۇنغان

تىزەكتەك ئىدى.

— سىزنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدۇم، — دېدى لىلىئېن سىمونس ياسالما قىياپەتتە، — ئاكىڭىز ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟ — ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بىلمەكچى بولغىنى بۇلا ئەمەس ئىدى.

— ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ. ھوللىۋودقا كەتتى.

— ھوللىۋودقا كەتتى! قالتىس ئىش بوپتۇ! ئۇ نېمىش قىلىۋاتىدۇ.

— بىلمەيمەن، بەلكىم يېزىقچىلىق قىلىۋاتقاندۇ، — بۇ ھەقتە سۆزلىگۈم كەلمىدى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ ھوللىۋودقا كىرىشنى قالتىس ئىش دەپ قارايتتى. ھەممىلا ئادەم دېگۈدەك مۇشۇنداق قارايتتى. ئۇلارنىڭ كۆپى ئاكام يازغان ئەسەرلەرنى ئوقۇمىغانىدى. بۇ ئىش بەك ئاچچىقىمنى كەلتۈرەتتى.

— ئەجەب خۇشاللىنارلىق ئىش بولدى، — دېدى لىلىئېن. ئاندىن ماڭا دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرىنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئىسمى بورۇف ئىكەن. ئەترەت باشلىقىدەك بىرنېمە ئوخشايدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ قولىنى سۇندۇرۇۋەتكۈدەك قىسمىسا خەق مېنى خوتۇن كىشىدەك لاتا ئىكەن دەپ قالىدۇ دەپ قارايدىغانلاردىن ئىكەن. ياھەزرەت، مەن بۇنداق ئىشقا شۇنداق ئۆچ.

— ئۆزىڭىز يالغۇزمۇ، يىگىت؟ — دېدى لىلىئېن. ئۇ ئۆتەر يولنى پۈتۈنلەي توسۇۋالغانىدى. ئۇ بۇنداق قىلىشنى بەك ياقتۇرسا كېرەك. بىر كۈتكۈچى ئۇنى يول بېرەرمىكىن دېگەنىدى، ئۇ ئۇنداق بىر ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنىمۇ كۆرمەسكە سالدى. تازىمۇ قىزىق ئىش. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، كۈتكۈچى ئۇنى ياقتۇرمايتتى، ھەتتا ئۇنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ چىققان ئوفىتسېرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتى. مەنمۇ ياخشى كۆرمەيتتىم. ئۇنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيتتى. بۇنى

ئاڭلاپ بەلكىم ئۇنىڭغا سەل ئىچىڭىز ئاغرىغاندۇ .
— يىگىت ، قىز دوستىڭىز بىلەن چىقمىدىڭىز-
مۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ . مەن ئۆرە تۇراتتىم ، ئۇ مېنى
ئولتۇرۇڭ دەپمۇ قويمىدى . ئۇ ئاشۇنداق سىزنى سائەت-
لەپ تۇرغۇزۇۋېتىدىغانلاردىن ئىدى ، — قاراڭ ، ئۇ
چىرايلىق يىگىتمىكەن ؟ — دېدى ئۇ ئوفىتسېرغا ، —
خولتون ، سىز ئاجايىپ كېلىشكەن يىگىت جۇمۇ .
ئوفىتسېر ئۇنىڭغا پۈتۈن يولنى توسۇۋالدىڭىز ،
ئالدىڭىزغىراق مېڭىڭ دېدى .
— خولتون ، كېلىپ بىز بىلەن ئولتۇرۇڭ ، ها-
رىقىڭىزنى ئالغاچ كېلىڭ ، — دېدى ئۇ .
— ماڭىدىغان ۋاقتىم بوپقالدى ، — دېدىم ئۇ-
نىڭغا ، — بىرى بىلەن ئۇچرىشاتتىم ، — كۆرۈنۈپ
تۇرۇپتۇ ، ئۇ ئاكىسى D • B غا دەمدىكىن ، دەپ مېنىڭ
ئالدىمدا ياخشىچاق بولۇۋاتاتتى .
— هوي ، سىز بەكمۇ قاۋۇل ، چىرايلىق يىگىت
بوپسىز . بەك ياخشىكەنسىز . ئاكىڭىز بىلەن كۆرۈش-
كەندە ، ئۇنىڭغا مېنىڭ ئۆچ بوپكەتكەنلىكىمنى ئېيتىپ
قويۇڭ .
ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپلا كەتتى . دېڭىز ئارمىيە
ئوفىتسېرى ماڭا : « سىزنى كۆرگىنىمگە تولىمۇ خۇشال-
مەن » دېدى . بۇنداق ئىشلارغا بەكمۇ كۈلگۈم كېلەتتى .
مەنمۇ باشقىلارنى كۆرسەم كۆڭلۈمدە خاپا بولساممۇ
« سىزنى كۆرگىنىمدىن تولىمۇ خۇشالمەن » دەپ قو-
ياتتىم . بۇ دۇنيادا ياشايمەن دەيدىكەنسىز ، بۇنداق گەپ-
لەرنى قىلىشىڭىز كېرەك .
ئۇنىڭغا بىرى بىلەن ئۇچرىشاتتىم دەپ قويغان-
دىكىن ، بۇ يەردىن كەتمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى .
هەتتا يەنە بىردەم توختاپ ئوۋېنىنىڭ خېلى يامان ئە-
مەس چېلىۋاتقان بىر مۇزىكىسىنى ئاڭلىساممۇ بولمايتتى .
بىراق كەتمىگەن تەقدىردىمۇ هارىقىمنى كۆتۈرۈپ بې-

رىپ لىلىئىن ۋە ھېلىقى ئوفىتسېر بىلەن بىرگە ئولتۇر-
مايتتىم. ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىش تېپىپ ئىچىمنى پۇشۇر-
مايتتىم. شۇڭا كېتىپ قالدىم. پەلتويۇمنى ئالىدىغان
چاغدا، بۇ نېمىلەرگە كەيپىمنى ئۇچۇرغىنى ئۈچۈن
قاتتىق ئۆچلۈكۈم كەلدى.

## 13

مېھمانخانىغا پىيادە قايتىپ پۈتۈن 41 ـ كوچىنى
بېسىپ ئۆتتۈم. بۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەب، ئايلانغىم
كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. مۇھىمى يەنە تاكسى
چاقىرىپ يۈرۈشنى خالىمىدىم. بەزىدە تۇرۇپلا ئادەم
تراموايغا ئولتۇرۇشتىن زېرىكىپ قالغانغا ئوخشاش تاك-
سىغا ئۆلتۇرۇشتىنمۇ زېرىكىپ قالىدىكەن. ئۇنداق چاغدا
يول يىراق، بىنالار ئېگىز بولسىمۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدى-
كەن. مەن كىچىك ۋاقتىمدا دائىم بىنانىڭ 12 ـ قەۋىتى-
دىكى ئۆيىمىزگە مېڭىپ چىقاتتىم.

كېچە قار ياغقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. پىيا-
دىلەر يولىدا قارمۇ يوق، لېكىن ھاۋا بەك سوغۇق. مەن
يانچۇقۇمدىن قىزىل رەڭلىك ئوۋچىلار شەپكىسىنى ئې-
لىپ تۇرقۇم كىمگە ئوخشىسا ئوخشاۋەرسۇن دەپ كى-
يىۋالدىم. قۇلىقىمغىمۇ شەپكىنىڭ قۇلاق قېپىنى كى-
يىۋالدىم. ئىككى قولۇم توڭلاپ ياغاچتەك قېتىپ قال-
غاچقا پانسى ئوتتۇرا مەكتەپتە پەلىيىمنى كىم ئېلىۋال-
غانلىقىنى بىلگۈم كەلدى. ئەمەلىيەتتە بىلگىنىمدىمۇ
ھېچنېمە قىلالمايتتىم. چۈنكى چاندۇرمىغىنىم بىلەن تې-
گىدىن ناھايىتى قورقۇنچاق ئىدىم. مەسىلەن، مەن پان-
سىدا پەلىيىمنى كىم ئېلىۋالغانلىقىنى بىلگەن بولسام،
ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ: «ھەي، ھېلىقى پەلەينى ماڭا بې-
رىۋەتسەڭ قانداق؟» دەيتتىم. ئوغرى بولسا خۇپسەن-
لىك قىلىپ: «قايسى پەلەينى دەيسەن؟» دەيتتى. مەن

قانداق قىلاتتىم دېسىڭىز ، بەلكىم بېرىپ تام ئىشكاپىدىن
سېسىق رېزىنكە ئۆتۈكىنىڭ ئىچىگە ياكى باشقا جايغا
تىقىپ قويغان پەلەينى ئېلىپ كۆرسىتەتتىم . ئوغرى
ساختىلىق قىلىپ ساددا قىياپەتكە كىرىۋېلىپ : « مەن بۇ
پەلەينى كۆرمىگەن . ئۇ سېنىڭ بولسا ئاچىقىپ كەت ،
ماڭا بۇنداق نېمىنىڭ كېرىكى يوق » دەيتتى . مەن قەد-
دىمنى تىك تۇتۇپ بىرپەس تۇرۇۋالاتتىم . قولۇمدىكى
پەلەيگە قاراپ بۇ هارامزادىنىڭ ئېڭىكىگە كېلىشتۈرۈپ
بىرنى سالايمۇ ، قانداق دەپ ئويلايتتىم . لېكىن ئۇنداق
قىلىشقا پېتىنالماي پەيلىمنى بۇزغان قىياپەتتە تۇرۇپ
كېتەتتىم . ئېڭىكىگە سالالمىغىنىمنىڭ دەردىنى جاندىن
ئۆتكۈدەك ئاچچىق ، ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت گەپلەرنى
قىلىپ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش بىلەن ئالغان بولار
ئىدىم . ئۇ بىرنېمە ئالدىمغا ئېتىلىپ كېلىپ : « ئاڭلاپ
تۇر ، كاۋلفيېلد ، سەن مېنى ئوغرى دەپ تىللاۋاتامسەن ،
قانداق » دەيتتى . مەن توغرىدىن - توغرا « ئاناڭنى ،
توغرا ئېيتتىڭ ، هۇ رەسۋا ئوغرى ، هارامدىن بولغان »
دېيەلمەي ، ئۇنىڭ ئورنىغا : « شۇنى بىلىمەنكى ، بۇ پە-
لەينى سېنىڭ سېسىق رېزىنكە ئۆتۈكىڭ ئىچىدىن ئال-
دىم » دەيتتىم . ئۇ كاساپەت دەرهال زادى ئۇرۇشقا
جۈرئەت قىلالامدۇ ، قىلالمامدۇ ، دەپ تومۇرۇمنى تۇتۇپ
بېقىش ئۈچۈن : « ئاڭلاپ تۇر ، بىز گەپنى ئوچۇق قى-
لىشايلى ، بايا سەن مېنى ئوغرى دېدىڭمۇ ، قانداق »
دەيتتى . مەن « كىمنىڭ ئوغرى بولۇشى بىلەن هېچ-
كىمنىڭ كارى يوق . ئىشقىلىپ پەلىيىمنى سېسىق رې-
زىنكە ئۆتۈكىڭ ئىچىدىن ئالدىم » دەيتتىم . شۇ تەرىقىدە
سائەتلەپ دېيىشەتتۇق . ئاخىر چىقىپ كېتىدىغان چاغدا
مەن ئۇنى تاك ئېتىپ چېكەلمەي ، يۇيۇنۇش ئۆيىگە كى-
رەتتىم - دە ، بىر تال تاماكا چېكىپ ، ئەينەكتىن ئۆزۈمە-
نىڭ غەزەپلىك ئەپتىمگە قاراپ باقاتتىم . مېهمانخانىغا
قايتىپ كېتىۋېتىپ ئەنە شۇلارنى ئويلىدىم . قورقۇنچاق-

لىق ئوبدان ئىش ئەمەس. بەلكىم مەنمۇ توخۇ يۈرەك-
لەردىن ئەمەستۇرمەن. ئىشقىلىپ بىلمەيمەن. بەلكىم
مەن ئاز ــ تولا قورقۇنچاقلىق، ئاز ــ تولا پەرۋاسىزلىق
قىلغاندىمەن. مېنىڭ بىر مىجەزىم، بىر نەرسەم يىتۈپ
كەتسە زادىلا پەرۋا قىلمايتتىم. كىچىك ۋاقتىمدا بۇ ئى-
شىمغا ئاپامنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلەتتى. بەزى ئادەم
بىرنېمىسى يىتۈپ كەتسە نەچچە كۈنلەپ ئىزدەپ كې-
تىدۇ. لېكىن مەن قانداقتۇر بىر ياخشى نەرسەم يىتۈپ
كېتىپ قاتتىق تىت ــ تىت بولغان ئادەمدەك ئەمەس،
خىيالىمدا يوق يۈرەتتىم. بەلكىم بۇ مېنىڭ ئاز ــ تولا
قورقۇنچاقلىقىم بولسا كېرەك. لېكىن بۇ ئۆزۈمنى قاچۇ-
رۇشقا سەۋەب بولالمايدۇ. دېمىسىمۇ شۇنداق. ئادەم تې-
گىدىن قورقۇنچاق بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر سىز بى-
رەرسىنىڭ ئېغىنىغا راسا سېلىش كېرەك ئىدى، دەپ
ئويلىسىڭىز، چوقۇم سېلىشىڭىز كېرەك. لېكىن مەن
ئۇنداق قىلالمايمەن. مەن بىرەر ئادەمنى دېرىزىدىن ئىت-
تىرىۋەتسەم، ياكى كاللىسىنى پالتا بىلەن چېپىۋەتسەم
مەيلىكى، مۇشتۇمۇمنى چىڭ تۈگۈپ ئېغىنىغا قاس قى-
لىپ بىرنى سالالمايمەن. خەق بىلەن مۇشتلىششقا بەك
ئۆچمەن. تەبىئىيكى، مۇشت يېيىشكە خۇشتار بولمى-
ساممۇ، مۇشت يەپ قالسام چىۋىقىمغا ئالمايمەن. لېكىن
مۇشتلىششقا توغرا كېپقالغان چاغدا مەن خەقنىڭ يۈ-
زىگە مۇشت ئېتىشتىن ناھايىتى بەك قورقىمەن. يەنى
خەقنىڭ يۈزىگە قاراشقا يۈرىكىم چىدىمايدۇ، گەپ مانا
شۇ يەردە. ئەگەر قارشى تەرەپ يۈز ــ كۆزىنى تو-
سۇۋالسا، ئۇ باشقا گەپ. ئوبدان ئويلاپ باقىدىغان
بولسىڭىز، بۇ ھەقىقەتەن كۈلكىلىك بىر قورقۇنچاقلىق.
بىراق بەربىر قورقۇنچاقلىق، بۇنىسى راست. مەن ئۆ-
زۈمنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ ھەرگىز ئالدىمايمەن.

ھېلىقى پەلىيىم بىلەن قورقۇنچاقلىقىمنى ئويلى-
غانسېرى ئىچىم سىقىلىپ كەتتى. ئاخىر بىرەر يەردە

توختاپ بىرەر رومكا ھاراق ئىچىۋېلىش نىيىتىگە كەلدىم . مەن ئوۋنى تۈن كۈلۈبىدا ئۈچ رومكا ھاراق ئالغان ، ئۈچىنچىسىنى ئىچىپ تۈگەتمىگەنىدىم . بىر ئارتۇقچىلىقىم ھاراقنى راۋۇرۇس كۆتۈرەلەيتتىم . كەيپىم ئوبدان بولسا پۈتۈن بىر كېچە ھاراق ئىچسەممۇ ھېچ نېمە بولمايتتىم . بىر قېتىم ، خوئوتىن ئوتتۇرا مەكتىپىدە مەن رايموند گاۋىلدخاربېر دېگەن بىرى بىلەن بىر بوتۇلكا ۋىسكى ئېلىپ ، شەنبە ئاخشىمى كىچىك چېركاۋغا بېرىپ ئىچتۇق . ئۇ يەردە بىزنى ھېچكىم كۆرمەيتتىم . ئۇ بىردەمدىلا مەست بولۇپ كەتتى . مەن بولسام ئازراقمۇ كەيپ بولمىدىم . شۇنداق سەگەك تۇردۇم . ئۇخلاشتىن ئىلگىرى زورلاپ ياندۇرۇۋېتىپ ئاندىن ياتتىم .

مەن مېھمانخانىغا قايتقۇچە ئاددىي بىر قاۋاقخانا ئالدىغا كېلىشىم بىلەن تەڭ ، ئۇشتۇمتۇت غەرق مەست ئىككى بىرنېمە چىقىپ مەندىن يەر ئاستى پويىزى قەيەردە دەپ سورىدى . ئۇلارنىڭ بىرى كۇبالىقتەك قىلاتتى . ئۇلارغا قانداق ماڭىدىغانلىقىنى دەپ بېرىۋاتقاندا ، ئاغزىدىن چىققان سېسىق بۇس يۈزۈمگە ئۇرۇلدى . نەتىجىدە ئۇ ئېپلاس قاۋاقخانىغىمۇ كىرمەي مېھمانخانىغا قايتتىم .

دەم ئېلىش ئۆيى بوش بولۇپ ، سىگارت ھىدى بىلەن تولغانىدى . يەنىلا ئۇيقۇم يوق . كەيپىم ئۇچقان ، ئىچىم سىقىلغان ھالەتتە ئىدىم . ياشىغۇممۇ كەلمەيتتى .

توساتتىن مېنى بىر پالاكەت باستى .

لىفتقا چىقىشىمغا لىفتقا قارايدىغان ئادەم ماڭا :

— دوستۇم ، كۆڭلىڭىز ئويناشنى تارتامدۇ ؟ ياكى ئۇخلىغۇڭىز بارمۇ ؟ — دېدى .

— نېمە دېدىڭىز ؟ — دېدىم مەن . ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى راستلا ئۇقالمىغانىدىم .

— قىزلار بىلەن كۆڭۈل ئاچقۇڭىز بارمۇ ، قانداق ؟

— مەنمۇ ؟ — بۇ جاۋاب تازىمۇ ئەخمەقلىق بولدى ، ئەلۋەتتە . ئەمما بىرى توغرىدىن ـ توغرا بۇنداق دەپ سورىسا دەرمەھەل جاۋاب بەرمەك قىيىن ئىكەن .
— ئەپەندىم ، قانچە ياشقا كىردىڭىز ؟ — دېدى ئۇ .
22 ياشقا كىردىم ، قانداق ؟ — دېدىم مەن .
— ھىم ، ھە ، قانداق ، كۆڭلىڭىز تارتامدۇ ؟ بىر قېتىملىقى بەش دوللار ، پۈتۈن بىر كېچىلىكى 15 دوللار ، — ئۇ سائىتىگە قارىدى ، — چۈشكىچىمۇ بولىدۇ . بىر قېتىملىقى بەش دوللار ، چۈشكىچە 15 دوللار .
— بوپتۇ ئەمىسە ، — دېدىم مەن . بۇ ئىرادەمگە خىلاپ ئىش ئىدى . لېكىن ئىچىم قاتتىق سىقىلىپ تۇرغاچقا ئويلىمايلا جاۋاب بەردىم . ھەممىدىن يامىنى شۇ بولدى . ئادەم ئىچى سىقىلىپ تۇرغاندا ئالدى ـ كەينىنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەن .
— قانداقى لازىم ، بىر قېتىملىقىمۇ ياكى چۈشكىچىلىكىمۇ ؟
— بىر قېتىملىقى بولسۇن .
— ماقۇل . قايسى ئۆيدە تۇرىسىز .
قولۇمدىكى ئاچقۇچنىڭ نومۇرى يېزىلغان قىزىل نېمىگە قاراپ :
— 1220 ، — دېدىم . بۇ ئىشقا ماقۇل بولغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم ، لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنىدى .
— ئەمىسە مەن چارەك سائەت ئىچىدە قىزنى قېشىڭىزغا ئەۋەتەي ، — ئۇ لىفتنى ئاچتى . مەن چىقىپ كەتتىم .
— ھەي ، ئۇ ياق چىرايلىقمۇ ؟ — دەپ سورىدىم ، — ماڭا مومايلار كېرەك ئەمەس جۇمۇ .
— خاتىرجەم بولۇڭ ، بۇ يەردە مومايلار يوق ، ئەپەندىم .
— پۇلنى قانداق بېرىمەن .

— ئۆزىڭىزلا بېرىڭ، — دېدى ئۇ، — شۇنداق قىلىڭ، ئەپەندىم، — ئۇ يۈزۈمگىلا ئىشىكنى ياپتى.

ئۆيۈمگە كىرىپ چېچىمنى ئازراق نەمدىدىم. ئەمما غەۋۋاسلار شەكلىدىكى چاچنى قانداق تارىسىمۇ چىرايلىق قىلغىلى بولمايتتى. ئۇۋۇنېنىڭ تۈن كۇلۇبىدا تاماكا چەككەنلىكىم، سۇدا سۈيى قوشۇلغان ۋىسكى ئىچكەنلىكىمنى ئويلاپ ئاغزىم پۇرامدۇ، قانداق دەپ سىناپ باقتىم. قولىمىزنى ئېگىكىمىزگە قويۇپ بۇرنىمىزغا توغرىلاپ نەپەس ئالسىڭىزلا ئېغىزنىڭ پۇرايدىغان — پۇرىمايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايسىز. ئاغزىم ئانچە پۇرىمىدى. شۇنداقتىمۇ چىشىمنى چوتكىلاپ، پاكىز كۆڭلەك ئالماشتۇرۇۋالدىم. ماڭا مەلۇم، بىر پاھىشىنى دەپ قونچاقتەك ياسىنىپ كېتىشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. بىراق مەن بىكار ئولتۇرماسلىق ئۈچۈنلا شۇنداق قىلدىم. چۈنكى ھەۋىسىم ئازراق قوزغىلىۋاتاتتى، ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتىم. راستىمنى ئېيتسام مەن تېخى ئىپپەتلىك يىگىت ئىدىم. بىرقانچە قېتىم ئۆزۈمنى بۇلغاش پۇرسىتى كەلگەن بولسىمۇ، بۇلغىمىغانىدىم. مەسىلەن، قىز دوستلىرىمنىڭكىدە ئۇلارنىڭ ئاتا — ئانىسى تۇيۇقسىز كېلىپ قالارمىكىن، دەپ قورقۇپ، ماشىنىلارنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا بىر ئىش بولسا ئالدىدا ئولتۇرغانلار كۆرۈپ قالارمىكىن، دەپ ئۆزۈمنى ئايىغانىدىم. بىر ئىككى قېتىم تاس — تاس قالدىم. لېكىن كېيىن نېمە ئىش بولغىنى ئېسىمدە يوق، ھەرھالدا كۆزى ئېچىلمىغان قىزلار بۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان چاغدا كۆپىنچە ئۇنداق قىلماڭ دەپ تۇرۇۋالاتتى. مەنمۇ دەرھال ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاتتىم. كۆپلىگەن ئوغۇل بالىلار ئۇنداق قىلمايدۇ. لېكىن مەن ئەكسىچە ئىدىم. يەنى قىزلار ھەقىقىي يوسۇندا مېنى توسامدۇ، ياكى بۇ ئىشتىن قورقۇپ ياق دەمدۇ، ياكى بولمىسا نازلىنىپ شۇنداق دەمدۇ ئۇقمايمەن، لېكىن ئۇلار

تۇسقان هامان ئەقلىمنى تېپىۋالىمەن. كۆپ چاغلاردا بۇ
قىزلارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. نېمىشقا دېگەندە، قىزلار ئو-
غۇللار بىلەن بىردەم قۇچاقلىشىپ يېقىنلاشتىمۇ بولدى،
خۇدىنى يوقىتىپلا قويىدۇ. مەن ھەر قېتىم قىزلار تۇس-
قان هامان توختاپ قالىمەن، ئۇلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ
قويىمەن، كېلىۋېتىپ بۇ قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلىمەن،
لېكىن ۋاقتى كەلگەندە بۇ ئىش هامان تەكرارلىنىدۇ.

مەن باشقا بىر كۆڭلەكنى كىيىۋاتقاندا، بۇمۇ
بىر پۇرسەت بولىدىغان بولدى، بۇنىڭدا ئاز ـ تولا
تەجرىبىگە ئىگە بولۇۋالسام توي قىلغاندا ئەسقىتىپ
قالار، دەپ ئويلىدىم. خوئوتىن ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئو-
قۇۋاتقان چاغدا بىر كىتابنى ئوقۇغانىدىم. ئۇ كىتابتا
بەكمۇ ئىش كۆرگەن، ئىنتايىن سىلىق ـ سىپايە، ئالا-
مەت شەهۋەتخور بىر ئادەم تەسۋىرلەنگەنىكەن. برانشاد
ئىسىملىك بۇ ئادەمنىڭ ياۋروپادىكى ۋىرىيېلا دەرياسى
بويىدا ناهايىتى چوڭ بىر قورغىنى بار ئىكەن. بوش بو-
لۇپ قالسىلا ئاياللارنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرىدىكەن. ئۇ
ئۇچىغا چىققان ساياق لالما ئىكەن، لېكىن ئاياللارنىڭ
يۈرىكىگە ئاسانلا ئوت ياقىدىكەن. ئۇ بىر باپتا ئاياللار-
نىڭ بەدىنى بەئەينى بىر ئىسكىرىپكا، ئۇنى ناهايىتى
ئۇستا مۇزىكانتلا ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالالايدۇ، دېگەنىد-
كەن. بۇ بولمىغۇر كىتابنىڭ ئىچىدىكى مۇشۇ گەپلەر
زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مەن بۇ جەھەتتە پىشقان
مونەكباشلاردىن بولاي دېمەيمەن. ماڭا راستىڭىزنى
ئېيتىڭ، دېسىڭىز، بوپتۇ دەپ بېرەي. مەن بىرەر قىز
بىلەن ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىۋاتقاندا كۆپ ھاللاردا ئۆ-
زۈمگە ئېھتىياجلىق نەرسىنى (ھېسسىياتنى) تاپالماي-
مەن. بايا مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگىلى تاس قالدىم، دېگەن
قىزنىڭ ئىشىنى ئالسام، ئۇزاق ھەپىلىشىپ ئاران كىيد-
مىنى سالدۇرغان چاغدا، ئۇ يۈزۈمگە تۈكۈرمەكچى
بولدى.

مەن ئۆيدە ئۇ ياقتىن ــ بۇ ياققا ماڭغاچ پاھىشە قىزنىڭ كېلىشىنى كۈتتۈم . ئۇنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى تىلىدىم . لېكىن مەن ئۈچۈن بۇمۇ بەربىر ئىدى . ئاخىر ئىشىك چېكىلدى . بىرىپ ئىشىكنى ئاچقۇچە چامادانغا يۆتلاشتىم ، يىقىلىپ تىزىمنى يارا قىلىۋالغىلى تاسلا قالدىم . مەن ھەمىشە ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە ئۇنىڭ ــ بۇنىڭغا يۆتىلىشىپ يۈرەتتىم .

ئىشىكنى ئاچتىم ، تۆگە يۇڭى سوكنا پەلتو كىيگەن ، شىلەپىسىز بىر قىز تۇراتتى . چاچلىرى سېرىق ، لېكىن بويالغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ . ھەرھالدا ئۇ موماي ئەمەسكەن .

ــ ياخشىمۇ سىز ، ــ دېدىم ئىنتايىن سىلىق ئاۋاز بىلەن .

ــ مائورىس ئېيتقان كىشى سىز بولامسىز ؟

ــ مائورىس دېگەن ھېلىقى لىفتقا قارايدىغان ئادەممۇ ؟

ــ شۇنداق ، ــ دېدى ئۇ .

ــ ھە ، مەن بولىمەن ، ئىچكىرى كىرىڭ ، بولامدۇ ؟ ــ تۇرۇپلا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدىم . يالغىنى يوق .

ئۇ ئۆيگە كىرىپلا پەلتوسىنى سېلىپ كارىۋاتقا تاشلىدى . ئۇچىسىدا يېشىل كىيىم بار ئىدى . ئاندىن بىرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىر پۇتىنى يەنە بىر پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ لىڭشىتىشقا باشلىدى . پاھىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇ جىددىيلەشكەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى . مېنىڭچە ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق جىددىيلىشىۋاتاتتى . ئۇ بەكمۇ ياش بولۇپ ، مەن دېمەتلىك كېلەتتى . ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ، بىر تال تاماكا تۇتتۇم .

ــ تاماكا چەكمەيمەن ، ــ دېدى ئۇ . ئاۋازى ئىنچىكە ، خىڭلداپ چىقاتتى . ھەتتا نېمە دەۋاتقانلىقىنى

ئېنىق ئۇققىلى بولمايتتى . تۇتقان تاماكام ئۇچۇن رەھ-
مەتمۇ دەپ قويمىدى . تازىمۇ نادان نېمىكەن .
— ئۆزۈمنى تونۇشتۇراي ، ئىسمىم جىم سى-
تىل ، — دېدى .
— قول سائىتىڭىز بارمۇ ؟ — ئىسمىمنىڭ نېمە
بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ كارى يوق ئىدى . بۇنىسى تەبى-
ئىي ، — ھەي ، زادى قانچە ياشقا كىردىڭىز ؟
— مەنمۇ ؟ 22 ياشقا كىردىم .
— ئادەم ئەخمەق قىلماڭا .
تازىمۇ كۈلكىلىك گەپ بولدى . خۇددى كىچىك
بالىنىڭ گېپى - دە بۇ . سىز ئادەتتە بىر پاھىشە ھەر-
گىزمۇ « ئادەم ئەخمەق قىلماڭا » دېگەندەك گەپنى قىل-
ماي ، « ئىشىڭىزنى قىلىڭا » ، « جۆيلىمەڭە » دەيدۇ ،
دەپ ئويلايسىز .
— سىز نەچچە ياشقا كىردىڭىز ؟ — دەپ
سورىدىم .
— ئىشقىلىپ سىزگە قارىغاندا كۆزۈم خېلى ئې-
چىلغان ، — دېدى ئۇ . تازىمۇ قوۋكەن ، — سائىتىڭىز
بارمۇ ؟ — دەپ يەنە بىر رەت سورىدى ، ئاندىن ئورنى-
دىن تۇرۇپ كىيىمىنى سالدى .
ئۇ كىيىم سېلىۋاتقاندا ، مەندە غەلىتە بىر تۇيغۇ
پەيدا بولدى . دېمەكچىمەنكى ، ئۇنىڭ كىيىم سېلىشى
بەكمۇ تۇيۇقسىز بىلىندى . ئويلايمەنكى ، ئەگەر سىز بىر
ئايالنىڭ ئۆرە تۇرۇپ كىيىمىنى بېشىدىن سالغىنىنى
كۆرگەندە بىر يەرلىرىڭىز پىژژىدا قىلىدۇ . لېكىن مەن
ئۇنداق بولمىدىم . راستلا مەندە ئازراقمۇ ، ھەۋەس ، ئىن-
تىلىش پەيدا بولماي ، ئەكسىچە بەكمۇ مەيۈسلەندىم .
— قول سائىتىڭىز بارمۇ ؟
— ياق ، مەندە قول سائىتى يوق ، — مەندە ھە-
قىقەتەن غەلىتە بىر سېزىم پەيدا بولدى . ئۇ ھازىر قىزىل
رەڭلىك رۇباشكا بىلەنلا تۇراتتى ، ئۇنىڭغا قاراشقىمۇ ئا-

دەم خىجىل بولاتتى .
— سانىپ ، — دېدى ئۇ ، — قېنى كېلىڭ .
— بىردەم پاراڭلاشقۇڭىز يوقمۇ ؟ — بۇ با-
لىلارچە گەپ بولدى . ئەمما ئۇ چاغدا كەيپىياتىم ھەقد-
قەتەن غەلىتە ئىدى .
— ئىنتايىن مۇھىم ئىشىڭىز بارمۇ ، نېمە ؟
ئۇ ماڭا سارائمۇ نېمە ، دېگەن بىر تەرزدە قا-
رىدى .
— ماڭا دەيدىغان نېمە گېپىڭىز بار ؟
— بىلمەيمەن . ئاللاھىدە بىر گەپمۇ يوق ، بىردەم
پاراڭلاشقۇسى بارمىكىن ، دەپ ئويلىدىم شۇ .
ئۇ كىتاب ئۈستىلى يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئول-
تۇردى . ئەپتىدىن رەنجىگەنلىكىنى ئۇقتۇم . ئۇ يەنە
پۈتىنى لىڭشىتىشقا باشلىدى . ھەي ، ئۇ ئاسانلا جىددىي-
لىشىدىغان قىز كەن .
ئۇنىڭ تاماكا چەكمەيمەن دېگىنى ئېسىمدە يوق
سوراپتىمەن :
— تاماكا چېكەمسىز ؟
— چەكمەيمەن . گېپىمنى ئاڭلاڭ . گېپىڭىز
بولسا تېز رەك قىلىڭ ، مېنىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشىم بار .
قىلىدىغان گەپ تاپالمىدىم . ئەسلى ئۇنىڭدىن
قانداق بولۇپ پاھىشە بوپقالغان دەپ سورىماقچىدىم .
لېكىن قورقتۇم . تۇرقىدىن ئۇمۇ دەپ بەرمەيدىغاندەك
قىلاتتى .
— سىز نيۇ - يوركتىن كەلدىڭىز ،
شۇنداقمۇ ؟ — ئاغزىمغا ئارانلا شۇ گەپ كەلدى .
— ھولليۋودتىن كەلدىم ، — ئۇ ئورنىدىن
تۇرۇپ كىيىمى قېشىغا كەلدى .
سىزدە كىيىم ئاسقۇچ بارمۇ ، بۇ كىيىمىم يېڭى
ئىدى ، پۈرلىشىپ كەتمىسۇن يەنە .
— ئەلۋەتتە بار ، — قىلىدىغان ئىش تېپىلغىنىد-

دىن خۇشال بولدۇم. دەرھال ئۇنىڭ كىيىمنى تامدىكى كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويدۇم. قىزىق ئىش، كىيىم ئېسىۋاتقاندا، كۆڭلۈم سەل يېرىم بولدى. ئۇنىڭ بۇ كىيىمنى دۇكاندىن قانداق ئالغانلىقىنى ئويلاپ كەتتىم. دۇكاندىكىلەر ئۇنىڭ پاھىشە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ — دە. مال ساتقۇچى ئۇنىڭغا كىيىم سېتىپ بېرىۋاتقاندا، بەلكىم ئۇنى ئادەتتىكى قىز، دەپ ئويلىغاندۇ. مانا شۇ ئىش كۆڭلۈمنى يېرىم قىلدى. بۇنىڭ زادى نېمىش ئە-كەنلىكىنى پەقەت ئۇقالمىدىم.

مەن ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاي دې-ۋىدىم. ئاڭلىماققا بۇ گەپ ئانچە قاملاشمىدى.

ئۇ ئۆيدە ئايلىنىپ يۈردى. كىتاب ئۈستىلىدىن قورۇما، تائام تىزىملىكىنى ئېلىپ كۆردى.

— كۈندۈزى نېمىش قىلىسىز؟

ئۇ مۈرىسىنى قىسىپ قويدى. ئۇ بەك ئورۇق ئىدى.

— ئۇخلايمەن، كىنو كۆرىمەن، — ئۇ تاماق، قورۇما تىزىملىكىنى جايىدا قويۇپ ماڭا قارىدى، — قېنى ئىشىمىزنى باشلايلى. مېنىڭ ئۇنچە كۆپ ۋاق...

— قاراڭ، — دېدىم مەن، — بۈگۈن كېچە بەكمۇ ئوسال كېچە بولدى، روھىي كەيپىياتىم ياخشى ئەمەس. مەن پۇلنى تۆلىسەم، ئۇ ئىشنى قىلمىساق كۆڭلىڭىزگە ئالماسسىز — ھە؟ بەلكىم كۆڭلىڭىزگە ئال-مايدىغانسىز؟ — يامان يېرى بۇ ئىشقا پەقەت كۆڭلۈم تارتمايۋاتاتتى. مەندە ھاياجان ئەمەس. ئۈمىدسىزلىك، روھسىزلىقلا بار ئىدى. سىزگە راستىنى ئېيتسام ئۇقىز ھەمدە تام ئىشكاپىغا ئېسىلغان يېشىل كىيىمى جېنىمغا تەگكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈن بويى ئادەم بىزار قى-لىدىغان كىنوخانىدا ئولتۇرىدىغان بۇ قىز بىلەن ئۇنداق ئىشنى قىلىشقا ھەپىسلەم يوقتەك ھېس قىلاتتىم. راستلا ئۇنداق قىلالمايتتىم.

ئۇ قېشىمغا كەلدى. چىرايىدا ماڭا ئىشەنمىگەندەك، كۈلكىلىك، غەلىتە بىر ئىپادە شەكىللەندى.

— نېمە گەپ بۇ؟

— ھېچگەپقۇ يوق، — تووا، نېمانچە ھودۇقۇپ كېتىمەن؟ — يېقىندا ئوپېراتسىيە قىلىنغانىدىم.

— شۇنداقمۇ، قەيېرىڭىزنى كەسكەن؟

— مېنىڭ، نېمە دېسەم بولار، ئوقۇرەك سۆڭەكىمنى ئوپېراتسىيە قىلغان.

— شۇنداقمۇ، ئاناڭنى، ئۇ قانداق يەردە بولىدۇ؟

— ئوقۇرەك سۆڭەكمۇ، — دېدىم مەن، — ھە، تۇغرىسىنى ئېيتسام ئومۇرتقا ئىچىدە بولىدۇ. ئومۇرتقا سۆڭەكىنىڭ ئەك ئىچىدە بولىدۇ.

— مۇنداق دەڭ! — دېدى ئۇ، — ئەپسۇس، — ئۇ كېلىپ ماڭا چاپلىشىپ ئولتۇردى، — بەك قاملاشقانكەنسىز.

مەن قاتتىق سarasىمىگە چۈشۈپ يالغاننى توقۇۋەردىم:

— مەن تولۇق ساقىيىپ بولالمىدىم.

— سىز كىنودىكى بىر كاساپەتكە بەك ئوخشايدىكەنسىز. قايسىسىغا ئوخشايدىغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ كىمنى دەۋاتقانلىقىمنى ئوبدان بىلىسىز. ئۇنىڭ ئىسمى نېمىدى؟

— بىلمەيمەن، — ئۇ ماڭا چاپلىشىۋالدى.

— ئەلۋەتتە بىلىسىز. ئۇ مانىل ۋىن دوۋگلاس باش رول ئالغان فىلىمدە چىقىدۇ. ئۇ مانىل ۋىن دوۋگلاسنىڭ ئىنىسىمۇ يا؟ پاراخوتتىن چۈشۈپ كېتىدىغان ھېلىقى ئادەمچۇ. كىمنى دەۋاتقانلىقىمنى بىلدىڭىزمۇ؟

— ياق، بىلمىدىم. مەن كىنونى كۆپ كۆرمەيمەن.

ئارقىدىن ئۇ مەن بىلەن قىلىقسىزلىق بىلەن ئوينىششقا باشلىدى.

— ئۇ ئىشنى قىلمىساق كۆڭلىڭىزگە كەلمەس — ھە؟ — دېدىم، — كەيپىياتىم ياخشى ئەمەس، بايا ئېيتقاندەك يېڭىلا ئوپېراتسىيە قىلىنغانمەن.

ئۇ مەندىن ئاجرىمىدى. ئەمما ماڭا نەپرەتلىك نەزەردە قاراپ:

— مائورىس دېگەن مۇتتەھەم ئويغاتقاندا شۇنداق تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتىم. ئەگەر سىز مېنى...

گېپىم گەپ، پۇلنى كەم قىلماي تۆلەيمەن. پۇل دېگەن كۆپ. شۇغىنىسى مەن چوڭ ئوپېراتسىيە قىلىنغان، يېڭىلا ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم...

— يېڭىلا قانداقتۇر بىر يېرىڭىز ئوپېراتسىيە قىلىنغان ئادەم نېمىدەپ مائورىس دېگەن مۇتتەھەمگە قىز تېپىپ بەر دەيسىز، ھە؟

— ئۇ چاغدا ئۆزۈمنى كەيپىم خېلى ياخشىدەك سەزگەنىدىم. چاقچاق ئەمەس، ئۆزۈمنى بەك ساغلام چاغلاپ قويۇپتىمەن. كەچۈرۈڭ. سىز ئورنىڭىزدىن بىردەم تۇرۇپ كەتسىڭىز، پۇلنى ئېلىپ سىزگە بېرەتتىم. سىزنى ئالدىمايمەن.

ئۇنىڭ جان — ئىمانى چىقتى. بىراق ھەرھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ مېنىڭ بەش تارتمىلىق ئىشكاپتىن پورتمانىمنى ئېلىشىمغا يول بەردى. پورتماندىن بەش دوللار ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدىم.

— رەھمەت، — دېدىم ئۇنىڭغا، — سىزدىن كۆپ مىننەتدارمەن.

— بۇ بەش دوللارغۇ، مەن ئون دوللار ئالىمەن.

— ئۇ بەش دوللار بېرىلىدۇ دېگەن. كەچۈرۈڭ، ئەپۇ قىلىڭ، مۇشۇنىلا بېرىمەن.

ئۇ بايىقىدەك مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ توڭلۇق بىلەن:

— خاپا بولماي كىيىمىمنى ئېلىۋېتەمسىز ؟
سىزنى بەك مالال قىلىپ قويمىغاندىمەن ـ هە ؟ — ئا-
جايىپ قورقۇنچلۇق پىندەككەن ئۇ . گەپنى ئاران قىل-
سىمۇ ، ئادەمنى شۇر كۇندۇر گۇدەك ئەلپازى بار ئىكەن .
ئەگەر ئۇ يۈز ـ كۆزىنى بولۇشىغا بويىغان ، تەجرىبىسى
مول پاهىشە بولغان بولسا ، ئانچە قورقۇنچلۇق بىلىنمى-
گەن بولار ئىدى .
ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى ئېلىپ بەردىم . ئۇ كۆڭ-
لەكنى ، ئۇستىگە پەلتونى كىيدى .
— خەير ـ خوش ، يۇمشاق باش ، — دېدى ئۇ .
— خوش ، — دېدىم ، ئەمما رەهمەت ئېيتمىدىم .
بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزۈمچە خۇشال بولدۇم .

# 14

سونني كەتكەندىن كېيىن ، ئولتۇرۇپ ئىككى
تال تاماكا چەكتىم . تاشقىرىدا تاڭ سۈزۈلۈۋاتاتتى .
هەي ، شۇنچىلىك پەرىشان بولدۇم . ئۇ چاغدا كۆڭلۈم-
نىڭ نەقەدەر پەرىشان ، مىسكىن بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر
قىلالمايسىز . شۇ كەيپىياتتا نېمە قىلىدىغىنىمىزنى دېمەمسىز ،
ئۈنلۈك ئاۋازدا ئايرى بىلەن سۆزلەشتىم . كۆڭلۈم قات-
تىق پەرىشان ، غەش بولغان چاغلاردا مۇشۇنداق قىلات-
تىم مەن ئۇنىڭغا ئۆيگە بېرىپ ۋېلىسىپىتنى ئېلىپ بوۋبى
فارونلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا مېنى ساقلاشنى ئېيتتىم . بۇ
نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش بولۇپ ، بىز مايىنىدىكى
چاغدا ئۆيىمىز بوۋبى فارونىنىڭ ئۆيىگە يېقىن ئىدى . ئۇ
چاغدا مۇنداق ئىش بولغان . بىر كۈنى بوۋبى بىلەن مەن
ۋېلىسىپىتكە مىنىپ سىدبىگ كۆلىگە بارماقچى بولدۇق .
تاماق ۋە گاز مىلتىق ئېلىۋېلىشنى ئويلاشتۇق . بىز كى-
چىك بولغاچقا تېخى ئۇ مىلتىق بىلەن ئوۋ ئوۋلىماقچى
ئىدۇق . ئايرى بۇ گېپىمىزنى ئاڭلاپ قېلىپ مەنمۇ بارد-

مەن ، دەپ تۇرۇۋالدى . مەن ئۇنىمىدىم . ئۇنىڭغا بەك كىچىكسەن ، دېدىم . كېيىن ھەر قېتىم ئىچىم سىقىل- غاندا ، ئۇنىڭغا توختىماستىن بوپتۇ ئەمىسە ، ئۆيگە بې- رىپ ۋېلىسىپىتىڭنى ئەكەل ، مەن بوۋبى فارونىنىڭ ئۆيى ئالدىدا ساقلايمەن تېز بار دەيدىغان بولدۇم . مەن دائىم سىرتقا چىقسام ئۇنى تاشلاپ كېتىۋەرمەيتتىم . بەزىدە ئې- لىپ باراتتىم . لېكىن ئۇ كۈنى راستلا ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى . بۇنىڭغا ئۇ خاپا بولمىدى . ئۇ بىر ئىشلارغا زادىلا خاپا بولمايتتى . لېكىن كۆڭلۈم پەرىشان ، غەمكىن چاغلاردا دائىم شۇ ئىش يادىمغا كېلىۋالاتتى .

كىيىملىرىمنى سېلىپ ياتتىم . دۇرۇت ئوقۇي دېسەم پەقەت ئوقۇيالمىدىم . مەن ئاشۇنداق دۇرۇت ئو- قۇي دېگەن چاغدا ئوقۇيالمايتتىم . ئاساسلىق سەۋەب مەن دىنغا ئىشەنمەيتتىم . ئىيسانى ياخشى كۆرەتتىم . لېكىن « ئىنجىل » دىكى گەپ ـ سۆزلەرنىڭ كۆپىگە قى- زىمايتتىم . ئىيسانىڭ 12 ساھابىنى ئالساق ، راستىمنى ئېيتسام ، ئۇلار مېنىڭ جېنىمغا تېگەتتى . ئىيسا ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ تۈزۈك رولى يوق ئىدى ، پەقەت ئىي- سانىڭ گېپىنىلا راست دەيتتى . ئىيسا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۈنى تۇغۇلدى . « ئىنجىل » دىكى ھەرقانداق بىر زات 12 ساھابىدىن كۆپ ياخشى . ئەگەر راست گېپىڭنى قىل دېسىڭىز « ئىنجىل » دا ئىيسادىن باشقا ھېلىقى ساراڭنى بەك ياخشى كۆرىمەن ، يەنى قەبرىدە ئۆز پۇتىغا توختىماي تاش بىلەن ئۇرىدىغان ھېلىقى ئادەمچۇ . بۇ بىچارە ھارامزادە ھېلىقى ساھابىلار- دىن چەندان ياخشى بولغاچقىلا ياخشى كۆرىمەن . خو- ئوتتىن ئوتتۇرا مەكتەپىدىكى چاغدا مەن مۇشۇ ئىشنى دەپ كارىدورنىڭ ئۇ بېشىدا ياتىدىغان ئارتور چارلىز ئىسىملىك بىرى بىلەن دائىم مۇنازىرىلەشتىم . چارلىز دىنداشلار جەمئىيىتىنىڭ مۇرىتى ئىدى ، « ئىنجىل » نى

قولدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيتتى . ئۇ بولىدىغان بالا ئىدى .
مەن خېلى ياخشى كۆرەتتىم . بىراق « ئىنجىل » دىكى
نۇرغۇن شەخسلەرگە قارىتا كۆز قارىشىمىز ، بولۇپمۇ
ساھابىلار ھەققىدىكى قاراشلىرىمىز بىر يەردىن چىقـ-
مايتتى . ئۇ ئاغزى – ئاغزىغا تەگمەي ، سەن ئەگەر سا-
ھابىلارنى ياقتۇرمىساڭ ، ئىيسانىڭ ئۆزىنىمۇ ياقتۇرمىغان
بولىسەن . ئۇ ساھابىلارنى ئىيسا ئۆزى تاللىغانىكەن ،
ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشۈڭ كېرەك ،دەيتتى .مەن ئۇلارنى
ئىيسا ئۆزى تاللىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن . ئۇ ھەربىر
ئادەمنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈشكە ۋاقتى بولمىغاچقا ،
ئۆزى خالىغانچىلا تاللىغان ، دەيتتىم . ئىيسانى ئەيىبلەش
نىيىتىم يوق . لېكىن ۋاقتى يوق بولغاچقا ، ئۇنى ئەيىب-
لەشكە بولمايدۇ دەيتتىم . ئېسىمدە قېلىشىچە مەن چارلىز
دىن ئىيساغا ساتقىنلىق قىلغان يۇدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋال-
غاندىن كېيىن دوزاخقا كىردىمۇ ، دەپ سورىدىم . چار-
لىز ئەلۋەتتە دەپ جاۋاب بەردى . مەن بۇنىڭغا قوشۇل-
ماي ، سەن بىلەن مىڭ دوللارغا باغلىشىمەنكى ، ئىيسا
يۇدانى دوزاخقا كىرگۈزۈۋەتمىدى ، دېدىم . مەندە مىڭ
دوللار پۇللا بولىدىغان بولسا ، ھېلىمۇ كىشىلەر بىلەن
شۇنداق باغلىشىمەن . ماڭا ھەرقانداق بىر ساھابە يۇدانى
دوزاخقا كىرگۈزۈۋېتىدىغاندەك ، بىراق مەيلى مەن نېمە
بىلەن باغلاشماي ئىيسا ئۇنداق قىلمايدىغاندەك تۇ-
يۇلاتتى . چېركاۋغا زادىلا بارمايتتىم . مۇھىمى ئاتا – ئا-
نام باشقا – باشقا دىندا بولغاچقا ، بىز باللار ھېچقانداق
دىنغا ئىشەنمەيتتۇق . راست گەپ قىلىشىمنى تەلەپ قىل-
سىڭىز ، راستىنى ئېيتاي ، باستىرلار بىلەن پەقەت خۇشام
يوق . مەن ئوقۇۋاتقان مەكتەپتىكى پوپلارنى ئالساق ،
ئۇلار ۋەز ئوقۇغاندا ئاۋازىنى بىر خىل ھەيۋەتلىك چىقى-
رىشقا تىرىشىدۇ . مەن مانا شۇنىڭدىن بىزار . مەن ئا-
ناڭنى ، ئۇلارنىڭ نېمىشقا ئەسلىدىكى ئاۋازى بىلەن ۋەز
ئېيتمايدىغانلىقىنى ھېچ بىلمىدىم . ئۇلار سۆزلەشكە

باشلىسا، ئادەمگە يالغاندەك بىلىنىدۇ.

مەن ياتقاندىن كېيىن شۇنچە قىلىپمۇ دۇرۇت ئوقۇيالمىدىم. بىر دۇرۇتنى باشلىساملا سانىنىڭ مېنى يۇمشاق باش دېگىنى خىيالىمغا كېلىۋالاتتى. ئاخىر بولماي جايىمدا ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتىم. لېكىن ھېچقانداق تەمى يوق ئىدى. پانىسدىن ئايرىلغاندىن بۇيان ئىككى قاپ تاماكا چېكىپ بولدۇم.

مەن تاماكىنى يېتىپ چېكىۋاتسام ئىشىك چېكىلدى. چېكىلگەن ئىشىك مېنىڭ بولمىسىكەن، دەپ ياتسام دەل مېنىڭ ئىشىكىم چېكىلگەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق سەزدىم. قانداق بولغانلىقىنى بىلمىدىم، ئىشقىلىپ ناھايىتى ئېنىق سەزدىم. موللا تاپقاقلاردىن بولمىسامىمۇ، ئىشىكنى كىم چەككەنلىكىنى بىلدىم.

بۇنداق ئىشلاردا بەك قورقۇنچاقمەن. شۇڭا قورقۇپ تۇرۇپ:

— قايسىڭ؟ — دېدىم. ئۇلار ئىشىكنى مۇشتلاپ بارغانسېرى قاتتىق ئۇردى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپلا ئۇخلاش كىيىمىنى كىيىپ ئىشىكنى ئاچتىم. تاڭ يورۇغاچقا، چىراغنىمۇ ياقمىدىم. سانىنى بىلەن لىفتتا قارايدىغان مۇتتەھەم مائورىس تۇراتتى.

— نېمە، نېمىش بولدى؟ — دېدىم. ئاۋازىم بەكمۇ تىترەپ چىقتى.

— ھېچ ئىش بولمىدى، — دېدى مائورىس، — بەش دوللارنى ئالغىلى كەلدۇق، — گەپنى مائورىسلا قىلدى. سانىنى ئاغزىنى ئاچقاندەك بىر ياندا تۇراتتى.

— ئۇنىڭغا بەردىم. بەش دوللار بەردىم، ئۇنىڭدىن سوراڭ، ياپالا ئاۋازىم يەنىلا تىترەپ چىقتى.

— ئون دوللار دېيىشكەن، ئەپەندىم. بىر قېتىملىقى ئون دوللار، چۈشكىچە 15 دوللار دېگەنمەن.

— ماڭا بۇنداق دېمىگەنتىڭىز. سىز بىر قېتىم-

لىقى بەش دوللار ، چۈشكىچە 15 دوللار دېگەن . توغرا ، شۇنداق دېگەنلىكىڭىزنى ئېنىق ئاڭلىغانمەن . . .

— ئىشىكنى چوڭراق ئېچىڭ .

— نېمىشقا ، — ياپىر ، قورقۇپ يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى . كىيىملىرىمنى كىيىۋالسامچۇ دەپ ئويـ لىدىم . يالىڭاچ هالەتتە بۇنداق ئىشقا يولۇقۇش هەقىقەـ تەن قورقۇنچلۇق .

— بىز كىرىپ سۆزلىشەيلى ، ئەپەندىم ، — دېدى مائورىس ۋە مەينەت قوللىرى بىلەن مېنى ئىتتـ تىرگەندى ، ئاناڭنى ، تىلى موللاق چۈشكىلى تاسلا قالدىم . ئۇ جالاپىنىڭ بالىسى ناهايىتى بەستلىك ئىدى . كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۇ سانىنى بىلەن ئۆيگە كىردى . گويا بۇيەر ئۆزىنىڭ ئۆيىدەك سانىنى دېرىزە تەكچىسىدە ئولتۇردى ، مائورىس چوڭ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ، ئۇـ چىسىدىكى خىزمەت كىيىمىنىڭ ياقىسىنى ئېچىۋەتتى . مەن ئالاقزادە بولۇپ كەتتىم .

— خوش ، ئەپەندىم ، پۇلنى بېرىڭ ، مەن ئىشـ لەۋاتقان ئادەم .

— سىزگە نەچچە قېتىم دەيمەن ، سىزگە قەرزدار ئەمەسمەن ، ئۇنىڭغا بەش دوللار . . .

— قۇرۇق گەپنى قويۇپ پۇلنى بېرىڭ .

— مەن نېمىشقا ئۇنىڭغا يەنە بەش دوللار بېرەـ مەن ، — ئاۋازىم ئۆينى بىرلا ئالدى ، — مېنى قاقتى ـ سوقتى قىلماقچىمۇ سىز ؟

مائورىس فورمىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى قويماي يېـ شىۋەتتى . ئىچىدە كۆڭلەك يوق ، كۆڭلەكنىڭ ياقىسىلا بار ئىدى . قورسىقى يوغان ۋە يۇڭلۇق ئىدى .

— سىزنى قاقتى ـ سوقتى قىلىمىز دېمىدۇق . پۇلنى بېرىڭ ، ئەپەندى .

— پۇل يوق .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالدىمغا كەلدى . تۇرقىدىن

ئىنتايىن ھارغىنلىق، زېرىكىكەنلىك چىقىپ تۇراتتى. ناھايىتى بەك قورقۇپ كەتتىم، قوللىرىمنى مەيدەمدە كىرىشتۇرۇۋالدىم. ئەگەر كىيىم بىلەن بولغان بولسام بۇ قەدەر ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماستىم، دەپ ئويلىدىم.

— پۇلنى بېرىڭ دەيمەن، ئەپەندىم، — ئۇ قېشىمغىلا كەلدى، شۇ گەپنىلا قىلاتتى. تازىمۇ بىر لاتا گۇيكەن.

— پۇل يوق.

— ئەپەندىم، سىزگە ئۆزۈمنى ئازراق تېتىتىپ قويسام بولامدۇ، نېمە، ئۇنداق قىلغۇم يوق. بىراق شۇنداق قىلمىساممۇ بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

— سىزگە بەش دوللار قەرز ئەمەسمەن، — دېدىم مەن، — ئەگەر ماڭا چېقىلىدىغان بولسىڭىز، راسا ۋارقىراپ جىمى ئادەمنى ئويغىتىمەن، ساقچى چاقىرىمەن، — ئاناڭنى، ئاۋازىم قاتتىق تىترەپ چىقتى.

— ياخشىغۇ، ۋارقىرا، سەت ئاغزىڭ يىرتىلغۇدەك توۋلا، — دېدى مائورىس، — خېلى مۆتىۋەر ئائىلىنىڭ بالىسىدەك قىلىسەن، ئاتا — ئاناڭ سېنىڭ سىرتلاردا پاھىشەلەر بىلەن كېچىنى ئۆتكۈزگىنىڭنى بىلەمدۇ؟ — ئۇنىڭ گەپلىرى سەت بولغىنى بىلەن ناھايىتى ئۆتكۈر ئىدى. بۇنى يالغان دېيەلمەيمەن.

— جېدەل قىلما، ئەگەر باشتىلا ئون دوللار دېگەن بولساڭ ئەھۋال باشقىچە بولاتتى. لېكىن ئۆزۈڭ ئېنىق قىلىپ...

— پۇلنى زادى بېرەمسەن ـ بەرمەمسەن؟ — ئۇ مېنى ئىشىككە تاقاپلا قويدى. ئۇ يۇغلۇق قورسىقىنى چىقىرىپ ئالدىمدىلا تۇراتتى.

— تولا كاكىرىماي كۆزۈمدىن يوقال، — مەن يەنىلا ئىككى قولۇمنى مەيدەمدە گىرەلەشتۈرۈپ تۇراتتىم. مەنمۇ تازا بىر كالۋاكەنمەن.

هازىرغىچە زوۋان سۇرمەي تۇرغان سانىنى ئېغىز ئاچتى.

— ھەي مائورىس، ئۇنىڭ پورتمىنىنى ئالايمۇ، ئۇ ئاۋۇ يەردە.

— ماقۇل، ئەكىلىڭ.

— پورتمىنىمغا قول تەگكۈزمەڭ!

— مانا ئالدىم، — سانىنى پورتماندىن بەش دوللار ئېلىپ كۆزۈمگە تەڭلەپ پۇلاڭلاتتى، — قاراڭ، مانا سىزدىكى قەرزىمنىلا ئالدىم، مەن ئوغرى ئەمەس.

تۇيۇقسىز يىغلىۋەتتىم. يىغلىۋەتمەي دەپ تىلەپ تۇرۇپ يىغلىۋەتتىم.

— سىز ئوغرى ئەمەس، — دېدىم مەن، — بەش دوللارنى ئوغرىلىۋالدىڭىز.

— ئاغزىڭنى يۇم، — مائورىس مېنى ئىتتىرىۋەتتى.

— ھەي، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، — دېدى سانىنى، — يۈرۈڭ، ئۇنىڭدا قالغان بەش دوللارنى ئېلىۋالدۇق. ئەمدى كېتەيلى.

— مانا ھازىر، — دېدى مائورىس. لېكىن جايىدىن قوزغالمىدى.

— يۈرۈڭ دەۋاتىمەن، مائورىس، ھەي، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن.

— ئاغزىڭنى بۇزۇپ كىمنى تىللاۋاتىسەن؟ — دېدى ئۇ خۇپسەنلىك بىلەن، ئاندىن بارمىقى بىلەن كىندىكىمنىڭ ئاستىغا قاتتىق چەككەندى، جېنىم قاقشاپ كەتتى. مەن ئۇنى پسەندە نان قېپى، مۇتتەھەم دېدىم.

— نېمە دېدىڭ، — دېدى ئۇ خۇددى گاس ئادەملەردەك قۇلىقىنى ئالدىغا ئىتتىرىپ تۇرۇپ، — نېمە دېدىڭ، مەن نېمىكەنمەن؟

مەن يىغلاۋاتاتتىم، ئاناڭنى، شۇنداق ئاچچىقىم

كەلگەن ۋە جىددىيلەشكەنىدىم.

— سەن ئىپلاس نان قېپى، — دېدىم مەن، — خەقنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغان هارامزادە، ئىككى يىلغا قالماي قەلەندەر بولۇپ كېتىسەن، كوچىدا خەقتىن پۇل تىلەپ تىلەمچىلىك قىلىسەن، مەينەت، جۇلجۇل پەلتۇيۇڭ ماڭقا بىلەن بۇلغىنىدۇ، يەنە...

ئۇ بىر مۇشت سېلىۋىدى، گېپىم بوغۇزۇمدىلا قالدى، ئۆزۈمنى قاچۇرغۇدەكمۇ بولمىدىم، پەقەت قورسىقىمغا تەگكەن مۇشتنىلا سەزدىم.

ئىككىسىنىڭ بىللە ئۆيدىن چىقىپ ئىشىكنى يېپىۋەتكىنىگە قاراپ ياتقىنىم ئېسىمدە قاپتۇ، شۇنىڭدىن هوشۇم بارلىقىنى بىلدىم. سترادلېتادىن تاياق يېگەندىكىگە ئوخشاش پولدا خېلى ۋاقىت ياتتىم. بۇ قېتىم ئۆلۈپ قالىدىغاندەكلا هېس قىلدىم. راستىلا ئۆزۈمنى سۇغا چۈشۈپ كېتىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلىدىغاندەك سەزدىم. چۈنكى نەپەس ئېلىشىم قىيىن بولۇۋاتاتتى. ئاخىر مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، قورسىقىمنى تۇتقىنىمچە يۇيۇنۇش ئۆيىگە ماڭدىم.

مەن ساراڭنىڭ ئۆزى بولدۇم. هەقىقىي قەسەم ئىچىمەنكى، ساراڭ بولدۇم. يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىۋېتىپ، ماڭا ئوق تەگدى دەپ تەسەۋۋۇر قىلدىم: مېنى مائورىس ئاتتى، شۇ تاپتا يۇيۇنۇش ئۆيىگە ۋىسكى ئىچەي دەپ كېتىۋاتىمەن. ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى روهلاندۇرۇپ، قىساس ئالماقچىمەن. يۇيۇنۇش ئۆيىدىن چىقىپ كىيىملىرىمنى كىيدىم، خالتىدىكى ئاپتوماتىك تاپانچىنى ئېلىپ دەلدەڭشىپ ئاران ماڭدىم. لىفتقا ئولتۇرماي پەلەمپەي بىلەن پەسكە چۈشۈۋاتىمەن، قولۇم پەلەمپەي رىشاتكىسىدا. جاۋغىيىمدىن قان ئېقىپ تۇرىدۇ. يۈرىكىمنى تۇتقان، پۈتۈن ئەزايىم قان هالدا بىرنەچچە قەۋەتتىن چۈشۈپ قوڭغۇراقنى بېسىپ لىفت چاقىردىم. مائورىس لىفتنى ئېچىپلا قولۇمدىكى تاپان-

چىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى، مېنى ئاتماڭ، دەپ نالە
قىلىپ توۋلىدى. ئەمما مەن ئۇنىڭ قورسىقىغا ئارقا ــ
ئارقىدىن ئالتە پاي ئوق ئاتتىم. ئاندىن تاپانچىنى بارماق
ئىزلىرىمنى سۈرتۈۋېتىپ لىفتقا تاشلاپ قويدۇم. مىڭ
تەسلىكتە ئۆيۈمگە كىرىپ تېلېفون بىلەن يارامنى تېڭىپ
قويۇڭ، دەپ جېننى چاقىردىم. مەن قان ئىچىدە ياتى-
مەن، جېن تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ماڭا چەكتۈرۈۋاتىدۇ.

مەن يۇيۇنۇش ئۆيىدە بىر سائەتتەك يۇيۇنۇپ
چىقىپ ياتتىم. ئۇيقۇم كەلمىدى. لېكىن خېلى ئۇزۇندا
بولسىمۇ ھەرھالدا ئۇخلاپ قالدىم. شۇ چاغدا ئۆزۈمنى
دېرىزىدىن يەرگە ئېتىپ ئۆلۈۋالغۇم كەلدى. ناۋادا مەن
يىقىلغان ھامان كىشىلەرنىڭ ئۈستۈمگە رەخت يېپىپ
قويۇشىنى بىلسەم، راستلا شۇنداق قىلغان بولار ئىدىم.
چۈنكى مەن قانغا مىلىنىپ ياتقاندا بىر توپ سارالڭ
دەلتىلەرنىڭ بويۇنلىرىنى سوزۇپ ماڭا قارىشىنى
خالىمايتتىم.

## 15

ھېچقانچە ۋاقىت ئۇخلىمىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە
ئويغانغاندا سائەت ئونلار بولغانىدى. تاماكا چېكىۋېدىم،
قورسىقىمنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بو-
روساد، ئاركىۋرايت بىلەن ئېجىسقا كىنو كۆرگىلى بې-
رىپ يېگەن كالا گۆشى قورۇمىسى ئاخىرقى قېتىم يې-
گەن تامىقىم بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭغىمۇ ناھايىتى
ئۇزاق ۋاقىت، ھەتتا 15 يىل بولغاندەك بىلىندى. تېلې-
فون يېنىمدىلا ئىدى، تېلېفون بىلەن تاماق بۇيرۇت-
ماقچى بولدۇم. لېكىن ناشتىلىقنى مائورىستىن چىقارتىپ
قالمىسۇن، دەپ قورقتۇم. ئەگەر مېنى ئۇنى كۆرۈشكە
ئالدىراۋاتىدۇ، دەپ قارىسىڭىز ئەقلىڭىزدىن ئازغان بو-
لىسىز. مەن كارىۋاتتا يېتىپ يەنە بىر تال تاماكا چەك-

تىم. جېنىغا تېلېفون بېرىپ ئۆيگە قايتتىمۇ، قانداق بىلىپ باقماقچى بولدۇم. لېكىن كۆڭلۈم تارتمىدى.

ساري خايىسقا تېلېفون ئۇردۇم. ئۇ ماري ۋۇئودروف مەكتىپىدە ئوقۇيتتى. ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئۇ يازغان خەتنى ئالغاچقا، ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقىنىمغا خېلى يىللار بولدى، لېكىن ئۇنىڭغا ئانچە كۆڭلۈم يوق. ئۆزۈم دۆت بولغاچقىمىكىن، ئۇنى بەك ئەقىللىق دەپ قارايتتىم. سەۋەب، ئۇ تىياتىر سەنئىتى دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆپ بىلەتتى. بۇنداق نېمىلەرنى كۆپ بىلگەن ئادەملەرنىڭ ئەخمەقلىقىنى بىلىشىڭىزگە كۆپ ۋاقىت كېتەتتى. سارىنى ئالساق، ئۇنىڭ ئەخمەقلىقىنى ئۇزاق ۋاقىتتا ئاندىن بايقىدىم. ئەگەر بىز ئىرمىشىپ — چىرمىشىپ يۈرمىگەن بولساق بەلكىم بالدۇرراق بىلگەن بولاركەنمەن. مەندىكى چوڭ بىر ئەيىب شۇكى، ئۆزۈم يېقىن ئۆتۈشكەن قىزلارنى بەكمۇ ئەقىللىق چاغلايتتىم. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى ئىشنىڭ ئازراقمۇ مۇناسىۋىتى يوق ئىكەن، لېكىن مەن شۇنداق قاراپ كەپتىمەن.

ھە، ئۇنىڭغا تېلېفون بەردىم. تېلېفوننى باشتا خىزمەتكار ئايال، ئارقىدىن دادىسى، ئاخىردا ساري ئالدى.

— سارىمۇ سىز؟ — دېدىم مەن.

— توغرا، سىز كىم بولىسىز؟ — دېدى ئۇ. ئۇ قىز بەك ياسالما ئىدى. بايا دادىسىغا كىملىكىمنى ئېنىق دېسەممۇ شۇنداق سورىدى.

— خولتون كاۋلفىېلد بولىمەن. ياخشىمۇسىز؟

— خولتون! مەن ناھايىتى ياخشى. ئۆزىڭىز ياخشىمۇ؟

— ناھايىتى ياخشى. گېپىمنى ئاڭلاڭ، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز — ھە؟ مەكتەپتە ياخشى تۇرۇۋاتامسىز دەۋاتىمەن.

— بەك ياخشى ، — دېدى ئۇ ، — دېمەكچى ، گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسىز ؟

— بارىكاللا . ۋەي ، گېپىمنى ئاڭلاڭ ، بۈگۈن ۋاقتىڭىز بارمۇ ، يوق بىلمەيمەن . بۈگۈن يەكشەنبە . يەكشەنبىدە كۈندۈزى بىر - ئىككى مەيدان تىياتىر قويۇلىدۇ . بارغۇڭىز بارمۇ ؟

— بەكمۇ بارغۇم بار . ماڭا بۇنىڭدىن ياخشى ئىش يوق .

بۇ گەپتىن بەك بىزارمەن . ماڭا بۇنىڭدىن ياخشىسى يوق دېگەن گەپ بىر ياسالمىلىقتەك ئاڭلىنىدۇ . تۇرۇپلا ئۇنىڭغا كۈندۈزلۈك تىياتىرنىڭ ئىشىنى ئۇنتۇپ كېتىڭ دېمەكچى بولدۇم . لېكىن يەنە بىردەم پاراڭلاشتۇق . ئاساسلىقى ئۇ سۆزلىدى ، ماڭا پەقەت پۇرسەت بەرمىدى . ئۇ ماڭا ھاۋۇر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ — بىرىنچى يىللىقنىڭ بولسا كېرەك ، لېكىن ئۇ بۇنداق دېمىدى . بۇنىسى تەبىئىي — ئۆزىنىڭ كەينىگە كىرىۋالغانلىقى ، كېچە - كۈندۈز دېمەي تېلېفون بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى . كېچە - كۈندۈز دېمەيمىش . كۈلۈۋەتكىلى تاسلا قالدىم . ئارقىدىن يەنە بىر ئاداشنىڭ گېپىنى قىلدى . قانداقتۇر بىر ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇيمىش ، سارىغا كۆيدۈم ، پىشتىم دەپ يۈرۈيمىش . قالتىس ئىشتە بۇ ! ئۇنىڭغا سائەت ئىككىدە بىرتمودىكى سائەت ئاستىدا كۆرۈشەيلى ، تىياتىر سائەت ئىككى يېرىملاردا قويۇلىدۇ ، ھەرگىز كېچىكىپ قالماڭ ، دېدىم . ئاندىن تېلېفوننى قويۇۋەتتىم . ئۇ دائىم كېچىكىپ كېلەتتى ، مېنى سەل زېرىكتۈرۈپ قوياتتى . لېكىن ناھايىتى چىرايلىق ئىدى .

سارى بىلەن ئۇچرىشىشقا كېلىشىپ بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ، كىيىملىرىمنى كىيىپ ، يۈك - تاقلىرىمنى يىغىشتۇردۇم . ئۆيدىن چىقىشتىن ئىلگىرى ھېلىقى غەيرىي نورمال ئادەملەر نېمىش قىلىشىۋاتقاندۇ ،

دەپ دېرىزىلەرگە قاراپ باقتىم. ھەممە دېرىزىلەرنىڭ پەردىلىرى چۈشۈرۈكلۈك ئىدى. تۇۋا، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئۇلار كەمتەر، ئېھتىياتچان ئەپەندى، خانىملاردىن بولۇۋاپتۇ. مەن پەلەمپەي بىلەن چۈشۈپ ھېسابات قىلدىم. مائورىسنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدىم. ھۇ ئىپلاس. مەن ئۇنى ئىزدەپ ئۆزۈمگە ئىش تاپمايمەن.

مېھمانخانىنىڭ سىرتىغا چىقىپ تاكسىغا ئولتۇردۇم. لېكىن دەرمەھەل قەيەرگە بېرىشىمنى بىلەلمىدىم. بۈگۈن يەكشەنبە، ئۆيگە چارشەنبە، بەك بالدۇر دېگەندىمۇ سەيشەنبە قايتالايمەن. مەن يەنە بىرەر مېھمانخانىغا چۈشۈپ، خەقلەرنىڭ مېڭەمنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىشىنى خالىمايمەن. شوپۇرغا مېنى مەركىزىي چوڭ ۋوگزالغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتتىم. ئۇ يەر بىرتموغا يېقىن، سارى بىلەن ئۇچرىشىشقا قۇلايلىق ئىدى. قورسىقىم ئېچىپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئەس - يادىم قولۇمدىكى چامادانلارنى ۋوگزالنىڭ نەرسە - كېرەك ساقلاش ئۆيىگە قويۇپ، ناشتا قىلىشتا قالدى. ماشىنا ئىچىدە پورتمانىمنى ئېلىپ پۇللىرىمنى ساناپ باقتىم. سانى ئېسىمدە يوق، ئىشقىلىپ كۆپمۇ ئەمەس. مەن ئىككى ھەپتىدەك ۋاقىت ئىچىدە بىر پادىشاھنىڭ كىرىمىنى سورۇپ بولغانىدىم. يالغان ئېيتمىدىم، توغۇلۇشۇمدىن تارتىپلا نەس باسقان ئادەممەن. پۇل قولۇمغا چۈشسە ياكى خەجلەپ تۈگىتىمەن، ياكى يىتتۈرۈپ قويىمەن. كۆپىنچە مېھمانخانا ياكى ئاشپۇزۇل، تۈن كۇلۇبلىرىغا بارسام، قايتۇرۇلغان پۇلنى ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالىمەن. دادام باي ئىدى. قانچىلىك كىرىم قىلىدىغانلىقىنى بۇ ھەقتە ماڭا دەپ بەرمىگەچكە بىلمەيمەن، لېكىن ئۇنىڭ كۆپ پۇل تاپىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. چۈنكى ئۇ بىر شىركەتتە قانۇن مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ ساھەدىكىلەر پۇلنى كۆپ تاپىدۇ. ئۇنىڭ پۇلى جىق دېيىشىمدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ئۇ

بەيلاۋخۇيىنىڭ ئويۇن قويۇش ئىشلىرىغا مەبلەغ سالدى. لېكىن ھەممە دەسمىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. بۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىپ ئاپام ساراڭ بولغىلى تاسلا قالدى. ئىنىم ئايرى ئۆلۈپ كەتكەندىن تارتىپ ئاپام ئاغرىقچان بوپ-قالدى. نېرۋىسى بەك ئاجىزلاپ كەتتى. بۇنىڭغىمۇ شۇ ئىش سەۋەب بولدى. شۇڭا ئاپامغا مەكتەپتىن ھەيدەل-گەنلىكىمنى بىلدۈرۈشنى خالىمايمەن.

ۋوگزالنىڭ نەرسە ساقلاش ئۆيىگە چامادانلى-رىمنى ساقلاشقا بېرىۋېتىپ گۆشنان ساتىدىغان بىر ئاشخانىغا كىرىپ ناشتا قىلدىم. ئاپېلسىن شەربىتى، تۇزلانغان گۆش، تۇخۇم، قاقلاپ پىشۇرۇلغان بولكا، قەھۋە بىلەن ئىنتايىن تويۇپ غىزالاندىم. ئادەتتە ئاپېل-سىن شەربىتىلا ئىچەتتىم، تاماقنىمۇ ئاز يەيتتىم. شۇڭا يىڭنە يەۋالغان ئىتتەك ئورۇق ئىدىم. ئېغىرلىقىمنى ئا-شۇرۇپ ئازراق سەمرىش ئۈچۈن دوختۇرنىڭ دېگىنى بويىچە كراخماللىق يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك يېسەم توغرا بولاتتى. لېكىن مەن ئۇنداق قىلمايتتىم. سىرتلاردا تا-ماق يېسەم، دائىم قايماقلىق بولكا يەپ بۇغداي جەۋھىرى ئىچەتتىم. بۇغداي جەۋھىرى كۆپ خىل ۋىتامىن تو-لۇقلايتتى.

تۇخۇم يەۋاتسام، بىردىنلا چامادان كۆتۈرگەن ئىككى موناخ كىرىپ كەلدى — ئۇلار باشقا موناستىرغا بېرىش ئۈچۈن پويىز ساقلاۋاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم — ۋە مەن تاماق يەۋاتقان پوكەي يېنىدىلا ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ چامادانىنى قەيەرگە قويۇشنى بى-لەلمەيۋاتقانلىقىنى بايقاپ دەرھال ياردەملەشتىم. چا-مادانلار ئەرزان باھالىق بولۇپ، خۇرۇم چامادان ئەمەس ئىدى. بۇ ئەرزىمەسلا بىر ئىش بولسىمۇ، ماڭا ئايانكى، مەن خەقلەرنىڭ ئەرزان باھالىق چامادان تۇتۇشىدىن بەك بىزار ئىدىم، ئاڭلاشقا بەك قورقۇنچلۇقتەك قىلغان بىلەن ئەرزان باھالىق چامادانلارنى كۆرسەملا، ئۇنى

كۆتۈرۈۋالغان ئادەملەرگىمۇ نەپرەتلىنەتتىم. مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتكەن. ئېلدون شىلىس مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، دىك سلاگل دېگەن بالا بىلەن بىر مەۋسۇم بىر ياتاقتا ياتتىم. ئۇنىڭ چامادانى ئەرزان چامادان بولغاچقا، ئۇ زادىلا ئۇستىدە قويماي كارىۋىتى ئاستىغا تىقىۋېتەتتى. بۇنداق بولغاندا خەقلەر بۇ ئەرزان چامادانىنى مېنىڭ چامادانىمبىلەن بىر يەردە كۆرمەيتتى. بۇ ئىش شۇنچىلىك جېنىمغا تەگدىكى، چامادانىمنى دېرىزىدىن ئېتىۋەتكۈدەك، ياكى ئۇنىڭ چامادانى بىلەن ئالماشتۇرغۇدەك يەرگە يەتتىم. چۈنكى مېنىڭكىسى ماك كروس ياسىغان، جىلڭ كالا تېرىسىدىن قىلىنغان چامادان ئىدى، ئېسىل، قىممەت باھالىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. كېيىن ئاجايىپ قىزىق بىر ئىش بولدى. بۇ ئىش سەۋەبلىك سلاگلدا ئۆزىنى پەس كۆرۈش تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ قالمىسۇن، دەپ مەنمۇ چامادانىمنى جازىدىن ئېلىپ كارىۋات ئاستىغا تىقىۋەتتىم. بىر كۈندىن كېيىن قارىسام ئۇ چامادانىنى كارىۋات ئاستىدىن تارتىپ چىقىرىپ جازىغا قويۇپتۇ. ئەسلى ئۇ مېنىڭ چامادانىمنى خەقلەر ئۇنىڭكى دەپ قالسۇن دەپ چامادانىنى تىقىۋەتكەنىكەن. بۇ سەۋەبنى مەن خېلى ئۇزاقتىن كېيىن بىلدىم. ئۇ راستلا تولىمۇ قىزىق بالا ئىكەن. ئالايلۇق، ئۇ دائىم مېنىڭ چامادانىمنى بەك سەت گەپ بىلەن ئاتايتتى. بەكلا يېڭى، بەكلا بۇرژۇئاچە دەيتتى. «بۇرژۇئاچە» دېگەن گەپ ئۇنىڭ ئاغزىغا رام بولۇپ كەتكەنىدى. بىلمىدىم ئۇ قەيەردىن ئاڭلىغان، قايسى كىتابتىن ئوقۇغان، مېنىڭ جىمى نەرسەمنى ئاناڭنى بۇرژۇئاچە دەيتتى. ھەتتا سىياھ قەلىمىمنىمۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ دەيتتى. بولمىسا ھە دېسە ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتەتتى. بىز ئىككى ئاي بىللە تۇرغاندىن كېيىن، ئىككىلىمىز ياتاق ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدۇق. قىزىق ئىش، بىز ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن مەن ئۇنى

سېغىنىپ قالدىم. چۈنكى ئۇ بەك قىزىقچى بولۇپ، ئىك-
كىمىز كۆڭۈللۈك ئۆتكەنىدۇق. ئۇمۇ مېنى سېغىنغان
بولسا، بۇنىڭغا ئازراقمۇ ھەيران بولمايمەن. باشتا ئۇ
نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى چاقچاق قىلىپ بۇرژۇئازىيىنىڭ
دەپ يۈردى. بۇنىڭغا پسەنت قىلمىدىم، تېخى ئىچىمدە
كۈلدۈم. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن قارىسام ئۇنىڭ دېگەن-
لىرى چاقچاق ئەمەسكەن. گەپ شۇ يەردىكى، ئەگەر
سىزنىڭ چامادانىڭىز باشلىقلارنىڭكىدىن قىممەت
بولسا ـــ ئەگەر سىزنىڭ چامادانىڭىز ھەقىقەتەن ئېسىل،
باشقىلارنىڭ راستىلا ناچار بولسا ـــ سىزنىڭ ئۇنىڭ بى-
لەن بىر ياتاقتا تۇرۇشىڭىز تەسكە چۈشىدۇ. ئەگەر سىز
قارشى تەرەپنى ئەقىللىق چاغلىسىڭىز، قىزىقچى، يۇ-
مۇرلۇق ھېسابلىسىڭىز، ئۇلار چامادانلارنىڭ ياخشى،
ناچارلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ كەتمەيدۇ، دەپ قارىسىڭىز،
خاتا قىلغان بولىسىز. ئۇلار بۇنى نەزەرگە ئالىدۇ، ھە-
قىقەتەن نەزەرگە ئالىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن مەن كېيىن
سترادلېيتادەك مۇناپىق بىلەن بىر ياتاقتا كىرىپ قالدىم.
چۈنكى ئۇنىڭ چامادانىمۇ مېنىڭكىگە ئوخشاش ئېسىل
ئىدى.

ئىككى موناخ قېشىمدا ئولتۇردى. بىز پاراڭلاش-
تۇق. يېنىمدىلا ئولتۇرغان موناخنىڭ بىر چىغ سېۋىتى
بار ئىدى. موناخلار ۋە دۇنيانى قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى-
دىكى قىزلار مىلاد بايرىمىنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق سې-
ۋەتلەرنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئىئانە توپلايتتى. ئۇلارنىڭ
سېۋەتلەرنى تۇتۇپ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلاردا، بولۇپمۇ 5 ـ
كوچىدا، چوڭ تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ ئىشىكىدە
تۇرغانلىقىنى ئۇچرىتاتتىڭىز. موناخنىڭ قولىدىكى سې-
ۋىتى يەرگە چۈشۈپ كەتكەنىدى، مەن ئېلىپ بەردىم ۋە
ئىئانە يىغقىلى چىققانمۇ، قانداق دەپ سورىدىم. ئۇ،
ئۇنداق ئەمەس، يۈك ـ تاق جايلىغاندا چامادانغا پاتمى-
غاچقىلا تۇتۇۋالدىم، دېدى. ئادەمگە قارىغاندا ئۇنىڭ

چېھرىدە يېقىملىق تەبەسسۇم پەيدا بولاتتى . كۆرۈم-سىز رەك بولۇپ ، بۇنى يوغان ، مېتال گىرۋەكلىك كۆزەينەك تاقىۋالغانىدى . لېكىن مېھرى ئىسسىق ئىدى .

— سىلەرنى تېخى ئىئانە يىغقىلى چىققان چېغى دەپتىمەن ، — دېدىم مەن ، — مەن ئازراق پۇل ئىئانە قىلاي ، ھازىرچە ساقلاپ قويۇپ ، كېيىنچە ئىئانە يىغقاندا مېنى ئىئانە قىلدى ، دەپ ھېسابلارسىلەر .

— ياھ ، بەك ئوبدانكەنسىز ، — دېدى ئۇ . ئۇ-نىڭ دوستى بولغان يەنە بىر موناخ ماڭا لەپپىدە قاراپ قويدى . ئۇ قەھۋە ئىچكەچ قارا مۇقاۋىلىق بىر كىتابنى ئوقۇۋاتاتتى . كىتاب « ئىنجىل » دەك قىلاتتى ، لېكىن ئۇنىڭدىن نېپىز ئىدى . بىراق ئۇ « ئىنجىل » تىپىدىكى كىتابلاردىن ئىدى . ئۇلار قاقلانغان بولكا ، قەھۋە بىلەنلا ناشتا قىلدى . بۇنى كۆرۈپ ئىچىم ئاچچىق بولدى . مەن تۇزلانغان گۆش ، تۇخۇم دېگەندەك نەرسىلەرنى يەپ ، باشقىلارنىڭ بولكا ، قەھۋە يېگىنى ـ ئىچكىنىنى كۆرسەم بەك ئەرۋاھىم ئۇچاتتى .

ئۇلار مېنىڭ ئون دوللار ئىئانە قىلىشىمغا قو-شۇلدى ھەمدە قىيلىنىپ قالارسىزمۇ دەپ كەتتى . مەن پۇلۇم بارلىقىنى ئېيتسام ئىشەنمىگەندەك قىلدى . كېيىن پۇلنى ئالدى ۋە كۆپ رەھمەت ئېيتىپ مېنى خىجىل قى-لىۋەتتى . مەن دەرھال گەپنى يۆتكەپ ئۇلارنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىدىم . ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ، ئۇلار مۇئەللىمە ئىكەن . چىكاگودىن كەپتۇ ، 168 ، 186 ـ ياكى شەھەر مەركىزىگە يىراق ھەرقانداق بىر موناستىرغا بې-رىپ دەرس ئۆتىدىكەن . يېنىمدا ئولتۇرغان موناخ ئىنگ-لىزچىدىن ، دوستى تارىخ ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن دەرس بېرىدىكەن . خىيالىم شۇئان ھەر ياندا پەرۋاز قى-لىشقا باشلىدى . يېنىمدا ئولتۇرغان موناخ دەرس تەييار-لىغىچە مەلۇم كىتابلارنى ئوقۇپ قانداق ھېسسىياتتا بو-لىدىغاندۇ ؟ بۇ كىتابلار نۇرغۇن شەھۋانىي نەرسىلەر

يېزىلغان سىرىق كىتابلاردىن بولمىغاندىمۇ ، ئاشىق ـ مەشۇقلار تەسۋىرلەنگەن كىتابلار بولۇشى مۇمكىن . مەسىلەن ، توماس خاردىنىڭ « يۇرتىغا قايتىش » دې- گەن ئەسىرىدىكى يۇتاشا فىئىنى ئالساق ، ئۇ ئىنتايىن شاللاق بولمىسىمۇ ، ئادەم بىر موناخ يوتاشادەك ئادەملەر تەسۋىرلەنگەن كىتابلارنى ئوقۇسا قانداق ھېسسىياتتا بولىدىغاندۇ ، دەپ ئويلاپ قالىدىكەن . تەبىئىيكى ، مەن بۇ گەپلەرنى ئاغزىمدىن چىقارماي ، پەقەت ئىنگلىزچە مەن ئەڭ ئامراق ۋە ياخشى ئۆگىنىدىغان دەرس دەپلا قويدۇم .

— ئوھوي ، شۇنداقمۇ ؟ مېنى تولىمۇ خۇشال قىلدىڭىز ! — دېدى كۆزەينەكلىك ، ئىنگلىزچە دەرس بېرىدىغىنى ، — بۇ يىل قايسى كىتابلارنى ئوقۇدىڭىز ، بەكمۇ بىلگىم بار ، — ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى مۇلايىم ئىدى .

— ھەر يىلنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ئانگلو- ساكسونلار ئەدەبىياتىنى ئۆگەندۇق . بېۋولف ، گراندىيېل①، يەنە « ئوغلۇم ، راندل » دېگەندەك نەرسى- لەر . لېكىن بىز ئاندا ـ ساندا دەرستىن باشقا ئوقۇش- لۇقلارنىمۇ كۆرۈپ قويىمىز . مەن توماس خاردىنىڭ « يۇرتىغا قايتىش »نى ، يەنە « رومېئو ـ ژۇلېتتا » ۋە « چيۇلس » نى ئوقۇدۇم .

— « رومېئو ـ ژۇلېتتا » ! بەك ياخشى بوپتۇ ! سىزگە ياقتىمۇ ؟ — ئۇنىڭ تەلەپپۇزى موناخلارنىڭكىگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى .

— شۇنداق ، ماڭا ياقتى . بەك ياقتى . ئۇنىڭدىكى بەزى نەرسىلەرنى ئانچە ياقتۇرمىدىم . لېكىن ئەسەر ھەقىقەتەن ناھايىتى تەسىرلىك يېزىلغان .

— قايسى يەرلىرى سىزگە ياقمىدى ؟ ئېسىڭىزدە بارمۇ ؟

---

① ئەنگلىيە ئېپوس « بېۋولف » دىكى ئادەم يەيدىغان ئالۋاستى .

راستىنى ئېيتسام، ئۇنىڭ بىلەن «رومېئو ــ ژۇلېتتا»نى مۇھاكىمە قىلىشتىن خىجىل بولدۇم. دېمەكچى بولغىنىم، بۇ سەھنە ئەسىرىنىڭ بەزى يەرلىرى بەكلا يالىڭاچ يېزىلغان، بىراق ئۇ بىر موناخ ئىدى. ئۇ سوراپ تۇرۇۋالغاچقا ئامالسىز بىرپەس بۇ ھەقتە پاراڭلاشتىم.

ــ ھە، رومېئو ــ ژۇلېتتاغا ئانچە بەك قىزىقمىدىم، ــ دېدىم مەن، ــ ئۇلارنى ياقتۇرۇشنى ياقتۇردۇم. بىراق، نېمە دېسەم بولار، بەزىدە ئۇلار ئادەمنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويىدۇ. دېمەكچىمەنكى، مېركوسيو ئۆلگەندە، رومېئو بىلەن ژۇلېتتا ئۆلگەن چاغدىكىدىن بەكرەك قايغۇردۇم. ماۋچۇسىئو ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن رومېئونى ياخشى كۆرمەيدىغان بولدۇم. مېركوسيو ئۆلتۈرۈۋەتكەن تەلۋە ــ ژۇلېتتانىڭ نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئىسمى نېمىدى؟

تىبالىت.

ــ توغرا، تىبالىت، ــ دېدىم مەن، ئۇ تەلۋىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىكەنمەن، ــ بۇ ئىشتا پۈتۈنلەي گۇناھ رومېئودا. دېمەكچىمەنكى، نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ پۈتكۈل سەھنە ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلاردىن مەن مېركوسيونىلا بەك ياخشى كۆرىمەن. مونتىككى ۋە كاپولىتتى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى، بولۇپمۇ ژۇلېتتا. لېكىن مېركوسيو تازىمۇ ــ چۈشەندۈرۈش قىيىن، ئۇ بەك كەڭ قورساق، ئىنتايىن قىزىق ئادەم. لېكىن ئۇنى باشقىلار ئۆلتۈرۈۋەتكەندە، ئادەمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولماي قالمايدۇ. چۈنكى ئاشۇنداق قورسىقى كەڭ، قىزىقلا بىر ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ. ھالبۇكى ئۇ ئەسكى ئادەم ئەمەس ئىدى. رومېئو بىلەن ژۇلېتتاغا كەلسەك، ئۇلار ئۆزى ئەسكى.

ــ سىز قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىز؟ ــ ئۇنىڭ مەن بىلەن رومېئو ــ ژۇلېتتا توغرۇلۇق سۆزلەشكۈسى كەلمىدى بولغاي، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى.

— پانسى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيمەن، — دېدىم. ئۇ بۇ مەكتەپنى بىلىدىكەن، ئۇ ناھايىتى بەلەن مەكتەپ دېدى. مەن گەپ قىلمىدىم. تارىخ بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن دەرس بېرىدىغان موناخ كېتەيلى، دېۋىدى، مەن ئۇلارنىڭ تاماق پۇلىنى تۆلىۋەتمەكچى بولدۇم. لېكىن ئۇلار پەقەتلا ئۇنىمىدى، كۆزەينەكلىك موناخ تالوننى قولۇمدىن ئېلىۋالدى.

— سىز بەك مەردكەنسىز، — دېدى ئۇ، — ئاجايىپ ئوبدان بالىكەنسىز، — ئۇ ئىنتايىن يېقىملىق، مېھرىبان ئىكەن، ماڭا پويىزدا ئۇچرىشىپ قالغان ھېلىقى ئايالنى — ئونوستىي مورونىڭ ئاپىسىنى ئەسلەتتى. بولۇپمۇ كۈلگەندە بەك ئوخشاپ كېتىدىكەن، — سىز بىلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك پاراڭلاشتۇق. كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى.

— مەنمۇ سىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى، — دېدىم. بۇ يۈرىكىمدىكى گەپ. ئەگەر ئۇلار تۇيۇقسىز سىز كاتولىك دىنى مۇرىتىمۇ، ئەمەسمۇ دەپ سوراپ قالارمىكىن دەپ دەككە-دۈككىدە بولمىغان بولسام، بەلكىم پاراڭىمىز يەنىمۇ كۆڭۈللۈك بولار ئىدى. كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى ھەدېسە باشقىلارنىڭ كاتولىك دىنى مۇرىتى ياكى ئەمەسلىكىنى تىڭ-تىڭلايتتى. مۇنداق ئىشلارنى كۆپ يولۇقتۇرغانمەن. بۇنداق بولۇشى، مېنىڭ فامىلەم ئىرلاندچە بولۇپ، ئىرلاندىيىلىك پۈشتىدىن بولغانلانىڭ كۆپى كاتولىك دىنى مۇرىتى ئىدى. ئەمەلىيەتتە دادام بۇرۇن كاتولىك دىنىغا كىرگەن. ئەمما ئاپام بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن چىقىپ كەتكەنىكەن. كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى سىزنىڭ فامىلىڭىزنى بىلمىگەن ئەھۋالدىمۇ كاتولىك دىنى مۇرىتى ياكى ئەمەسلىكىڭىزنى سۈرۈشتۈرەتتى. خوئوتىن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىمدا لۇئى شانى دېگەن بىر بالا بىلەن تونۇشۇپ قال-

دىم. ئۇ خوئوتىندا مەن بىرىنچى قېتىم تونۇشقان بالا ئىدى. ئىككىمىز ئوقۇش باشلانغان كۈنى سالامەتلىك تەكشۈرۈشنى كۈتۈپ مەكتەپ دوختۇرخانىسى سىرتىدىكى ئىككى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇق ۋە پاراڭلاشتۇق. ئۇ چويلا توپقا بەك قىزىقىدىكەن. مەنمۇ شۇنداق. ئۇ ھەر يىلى يازدا ئورمانلىق تاغقا بېرىپ مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى، مەنمۇ بارىدىغانلىقىمنى دېدىم، شۇنىڭ بىلەن بىرقانچە چويلا توپ ماھىرلىرى ھەققىدە پاراڭلاشتۇق. ئۇنىڭ يېشى چوڭمۇ ئەمەسكەن، لېكىن چويلا توپ جەھەتتە بىلىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. بۇنىسى راست. گەپ ئارىسىدا ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا:

— قېنى ئېيتىڭا، كاتولىك دىنى چېركاۋى بازارنىڭ قەيېرىدىكەن، دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن مېنىڭ كاتولىك دىنى مۇرىتى ياكى ئەمەسلىكىمنى بەكمۇ بىلگۈسى كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. بۇنى ئۇ باشقىچە بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشتا بولغانلىقى سەۋەبلىك ئەمەس، بىلگۈسى كېلىپلا سوراۋاتاتتى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئىككىمىز چويلا توپ ھەققىدە خۇشال پاراڭلاشتۇق، ئەگەر ئۇ مېنىڭمۇ كاتولىك دىنى مۇرىتى ئىكەنلىكىمنى بىلسە ئۇ تېخىمۇ خۇشال بولاتتى. مۇشۇنىڭدەك ئىشلار مېنى پەرىشان قىلاتتى. بۇ ئىشلار پارىڭىزنى بۇزۇۋېتىدۇ، دېمەكچى ئەمەسمەن، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، لېكىن قىلىشىۋاتقان گەپلىرىمىزگە بۇنىڭ قىلچە پايدىسى يوق. ئاناڭنى، بۇنىسى ھەقىقەت. شۇ سەۋەبلىك ھېلىقى ئىككى موناخنىڭ مەندىن بۇ ھەقتە سورىمىغانلىقىدىن خۇشال بولدۇم. سورىسىمىغۇ سۆھبىتىمىز كۆڭۈلسىز بولۇپمۇ كەتمەس ئىدى، بىراق ھەرھالدا ئەھۋال باشقىچىرەك بولاتتى. بۇنىڭلىق بىلەن كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن. چۈنكى ئۆزۈممۇ كاتولىك دىنى مۇرىتى بولغان بولسام، شۇنداق

قىلاتتىم . بۇ خۇددى بايا ئېيتقان چامادانىنىڭ ئىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ . قىسقىسى ، بۇ ھال كۆڭۈللۈك بىر سۆھبەتكە پەقەتلا پايدىسىز . دېمەكچى بولغىنىم پەقەت مۇشۇ .

ئىككى موناخ كېتىدىغان چاغدا مەن ئىنتايىن ساراڭلارچە ، بەكمۇ ئوسال ئىشتىن بىرنى قىلدىم . ئەسلى تاماكا چېكىپ ئولتۇرغانىدىم . ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇلارغا خوش دەۋېتىپ نېمىشقىدۇر تاماكا ئىسىنى ئۇلارنىڭ يۈزىگە پۈۋلىدىم . قەستەن بولمىسىمۇ ھەرھالدا شۇنداق قىلدىم . ئارقىدىنلا ساراڭلاردەك بىر قىلىقلارنى قىلىپ كەچۈرۈم سورىدىم . ئۇلار ناھايىتى ئەدەبلىك ، مۇلايىملىق بىلەن قوبۇل قىلدى . بىراق مەن ئىنتايىن ئوسال بولدۇم .

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ، ئۇلارغا بىكاردىنلا ئون دوللار ئىئانە قىلىۋەتكىنىمگە پۇشايمان قىلدىم . گەپ شۇ يەردىكى ، سارى بىلەن كۇندۇزى تىياتىر كۆرۈشكە ۋەدىلىشىپ قويغاچقا ، بېلەت سېتىۋېلىشقا پۇل لازىم بولاتتى . شۇڭا كۆڭلۈم بىرقىسما بوپقالدى . ھەي ، پۇل دېگەن ئادەمنى ھەركويغا سالىدىكەن ئەمەسمۇ .

# 16

ناشتىدىن كېيىن قارىسام چۈش بوپقاپتۇ . سارى بىلەن ئۇچرىشىدىغانغا خېلى ۋاقىت بار ئىدى . شۇڭلاشقا ئايلىنىپ كېلەي دەپ ماڭدىم . ئىككى موناخ كاللامغا كىرىۋالدى . ئۇلارنىڭ دەرسى يوق چاغلاردا ئەسكى سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ئىئانە يىغىمىز دەپ ئايلىنىپ يۈرىدىغانلىقىنى ئويلىدىم . ئاپام ، ھامما ئاچام ، سارى ياكى ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ چوڭ ماگىزىنلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ كەمبەغەللەر ئۈچۈن ئىئانە توپلىغان سىياقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىم . بۇ مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قى-

لىش قىيىن ئىكەن. ئاپامغۇ ھەرھالدا ياخشى، قالغان ئىككى ئايالنى پەقەتلا ئوخشىتالمىدىم. ھامما ئاچام ناھايىتىمۇ خەير – ساخاۋەتچى، قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆپ ئىشلىگەن. لېكىن بەك ياسانچۇق. ئۇپا – ئەڭلىك، لەۋ سۇرۇخلارسىز يۈرەلمەيدۇ. ئۇ گىرىم قىلماستىن قارا كىيىملا كىيسە، ئۇنىڭ خەير – ساخاۋەت ئىشلىرىنى قانداق قىلالايدىغانلىقىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. سارى خايېسىنىڭ ئاپىسىغا كەلسەك، ياپىرىم، ئۇ كىشىلەر پۇل ئىئانە قىلىۋېتىپ ئۇنى راسا ماختاپ ئۇچۇرغان ئەھۋالدىلا، ئاندىن سېۋىتىنى كۆتۈرۈپ پۇل ئىئانە قىلىشقا چىقىشى مۇمكىن. ئەگەر كىشىلەر ئۇنىڭ قاش – كۆزىگە قارىماي، پۇلنىلا سېۋىتىگە تاشلىسا، ھەتتا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي كېتىپ قالسا، ئۇ ھالدا ئۇ بىر سائەتكە قالماي زېرىكىپ جىممىدىلا كېتىشى مۇمكىن. سېۋەتنى جايىغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ بىرەر ئالىي رېستورانغا كىرىپ تاماق يېيىشى مۇمكىن. مۇناخلارنىڭ بىر ئىشىغا ئامراق بولدۇم. يەنى ئۇلار ئالىي، مودا رېستورانلارغا كىرىپ تاماق يېمەيدۇ. بۇ خىيالىمغا كېلىش بىلەن تەڭ ئىختىيارسىز كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئۇلارنىڭ نېمىشقا ئالىي رېستورانلاردا غىزالانمايدىغانلىقى مۇھىم ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلسەممۇ، ناھايىتى قاتتىق پەرىشان بولدۇم.

بىرودۋېيغا قاراپ ماڭدىم. ھېچقانداق نىشان – مەقسىتىم يوق، پەقەت ئۇ تەرەپلەرگە بارمىغىنىمغا بىرقانچە يىل بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەكشەنبە كۈنى ئىشلەيدىغان پلاستىنكا دۇكىنىنى ئىزدەش ئويۇم بار ئىدى. خۇئېبىغا «كىچىك شېرى بىنس» نىڭ ناخشا پلاستىنكىسىنى سېتىۋالاي دېگەن بۇ ناخشىنى ئېيتقاندا قىز چاقنىڭ ئىككى چىشى يوق بولۇپ، خىجىل بولغىنىدىن تالا – تۈزگە چىقىشقىمۇ ئۇنىمايتتى. سېتىۋېلىش تەس بولغان بۇ پلاستىنكىنى مەن پانسى ئوتتۇرا مەكتە-

پىدە ئاڭلىغانىدىم. مېنىڭ ئاستىمدىكىلا قەۋەتتە تۇردىغان بىر ئوقۇغۇچىدا بۇ پلاستىنكا بار ئىكەن. بۇنىڭغا فۇئېبېمۇ ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە سېتىۋالماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا دېسەم ئۇ پەقەت ئۇنىمىدى. بۇ نېگىر قىز ئېزدال فىلېچ بۇنىڭدىن 20 يىل بۇرۇن ئېيتقان قالتىس بىر ناخشا پلاستىنكىسى ئىدى. ئۇ دىكسلان[1] ۋە پاھىشىخانا ئاھاڭىدا ئېيتقان بۇ ناخشا ئازراقمۇ شەھۋانىي ئاڭلانمايتتى. گەپ پۈتۈنلەي ئېزدال فىلېچنىڭ بۇ ناخشىنى قانداق ئېيتىشنى بىلگەنلىكىدە بولۇپ، ئەگەر بۇنى ئاق تەنلىك قىزلار ئېيتقان بولسا باشقىچە بىر نېمە بولۇپ چىقاتتى. بۇ كەم تېپىلىدىغان ئېسىل پلاستىنكا ئىدى. ئۇ بىرەر دۇكاندىن تېپىلىپ قالسا ئېلىپ، ئاندىن باغچىغا باراي دەپ ئويلىدىم. بۈگۈن يەكشەنبە. فۇئېبې ھەر يەكشەنبە باغچىغا مۇز تېيىلغىلى كېلەتتى.

تۈنۈگۈنكىدەك سوغۇق ئەمەس، لېكىن قۇياش يوق، سەيلىمۇ ئانچە تېتىمايتتى. ئالدىمدا بىر ئائىلىلىك ئادەم كېتىۋاتاتتى. يېڭىلا چېركاۋدىن چىققاندەك كۆرۈنگەن بۇ كىشىلەر ئاتا ـ ئانا، ئالتە ياشلاردىكى بالىدىن تەركىب تاپقان بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىدى. كەمبەغەللىكى چىقىپ تۇراتتى. دادىسىنىڭ بېشىدا كۈمۈش رەڭلىك شەپكە بار بولۇپ، چىرايلىق ياسىنايلى دېگەن كەمبەغەللەر مۇشۇنداق شەپكە كىيەتتى. ئۇ خوتۇنى بىلەن گەپلىشىپ بالىسى بىلەن كارى يوق كېتىۋاتاتتى. بالا بەك ئاجايىپكەن. ئۇ پىيادىلەر يولىدا ماڭماي چېگرا تاشنى بويلاپ چوڭ يولغا يېقىن كېتىۋاتاتتى. ئۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاش ئويناپ ماڭاتتى، تېخى ناخشىمۇ ئېيتاتتى. ئۇ نېمە ناخشىنى ئېيتىۋاتىدىكىن، دەپ يېقىنراق مېڭىپ قۇلاق سالدىم. ئۇ «مېنى بۇغدايلىقتا تۇتۇۋالساڭ» دېگەن ناخشىنى ئېيتىۋاتاتتى. ئاۋازى بوپقالىدى-

① ئامېرىكىدىكى يېڭى ئورلېئاندا كەڭ تارقالغان بىر خىل تېز رىتىملىق، نېگىرلار مۇزىكىسىنىڭ نۇرغۇن ئۇدارلىرى كىرىشتۈرۈپ ئىشلەنگەن بىر خىل جاز مۇزىكىسى.

كەن . ماشىنىلار ئۇ ياقتىن ــ بۇ ياققا غۇيۇلداپ ئۆتەتتى ، جىددىي تورمۇزلاشلار پات ــ پات ئاڭلىنىپ تۇراتتى ، بالىنىڭ ئاتا ــ ئانىسى بالىسىغا قاراپمۇ قويمايتتى ، بالا بولسا ھېلىقى ناخشىنى ئېيتقانچە چوڭ يولغا يېقىن كې- تىۋاتاتتى . بۇ ھالدىن كۆڭلۈم ئېچىلىپ ، بايىقى غەش- لىكلەردىن خالاس بولۇپ قالدىم .

برودۋېيدا ئادەم مىغىلدايتتى . بۇگۈن يەكشەن- بە ، سائەت 12 لەر بولغىنى بىلەن ھەممىلا يەر مىژ ــ مىژ ئادەم . ھەممىلا ئادەم كىنوخانىغا ــــ پىرامون ، ئاستېت ، ستراند ، كىببېتول ياكى مۇشۇنىڭدەك ھەرقانداق بىر جايغا كېتىۋاتاتتى ، رەتلىك كىيىنگەنىدى . يەكشەنبە بولغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ ھال ئەھۋالنى يەنىمۇ يامانلاش- تۇرۇۋەتكەنىدى . ھەممىدىن يامىنى ، ئۇلارنىڭ خىيالى كىنوخانىغا بېرىپ كىنو كۆرۈش ئىدى . شۇڭا ئۇلارغا قارىسامۇ چىدىيالمايتتىم . بەزى ئادەملەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى بولمىغاچقىلا كىنو كۆرىدۇ ، بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ . ئەمما بەزىلەر راستىلا كىنو كۆرگىلى بارىدۇ ، ھەتتا كېچىكىپ قالمايلى ، دەپ شاپاشلاپ مېڭىشىدۇ . مۇشۇنداقلارنى ، بولۇپمۇ مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ پۈتۈن كوچىنى بىر ئېلىپ ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ئاجايىپ زور چىدام ، تاقەت بىلەن ئورۇن ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆرسەم شۇقەدەر روھىم چۈشۈپ كېتىدۇ . شۇڭا برودۋېيدىن ئۇچۇپلا ئۆتۈپ كەتسەم دەيمەن . تەلىيىم بار كەن ، بىر دۇكاندىن « كىچىك شېرى بىنس » دې- گەن پلاستىنكىنى بەش دوللارغا سېتىۋېلىپ خۇشال بولۇپ كەتتىم . دەرھال باغچىغا بېرىپ فۇئېبىنى تېپىپ تاپماق قىيىن بۇ پلاستىنكىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزغۇم كېپكەتتى .

پلاستىنكا دۇكىنىدىن چىقىپ بىر دورا دۇكىنى- دىن ئۆتكۈچە تېلېفون بېرەي دەپ كىردىم . جېنىغا تې- لېفون بېرىپ ئۇنىڭ ئۆيگە قايتقان ــ قايتمىغانلىقىنى

بىلگۈم كەلدى. ئەمما قېرىشقاندەك تېلېفوننى ئۇنىڭ ئاپىسى ئالغانىدى، گەپ قىلمايلا قويۇۋەتتىم. چۈنكى تېلېفوندا ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن كاپىلداشقۇم كەلمىدى. قىسقىسى، تېلېفوندا قىز دوستلىرىمنىڭ ئاپىسى بىلەن سۆزلىشىشكە ئۆچ ئىدىم. جېنىنىڭ ئۆيگە قايتقان ـ قايتمىغانلىقىنى سورىسامغۇ ئاپىسى مېنىڭ جېنىمنى ئالمايتتى. بىراق ئۇنداق قىلىشقا كۆڭلۈم تارتمىدى.

بېلەت ئېلىشتىن ئىلگىرى قانداق تىياتىر قويۇلىدىغانلىقىنى بىلەي دەپ گېزىت سېتىۋالدىم. يەكشەنبىدە ئۈچ مەيدانلا تىياتىر قويۇلىدىكەن. مەن «يارىمنى بىلىمەن» دېگەن تىياتىرنىڭ ئالدىنقى رەت بېلىتىدىن ئىككىنى سېتىۋالدىم. بۇ تىياتىرنىڭ مەزمۇنىنى بىلمەيتتىم، ئانچە كۆرگۈمۇ يوق ئىدى. بىراق سارى بەكمۇ شۆھرەتپەرەس، ياسالما قىز بولۇپ، لۇنت ئەر ـ ئايال باش رول ئالغان تىياتىرنىڭ بېلىتىنى ئالغانلىقىمنى بىلسە چوقۇم خۇشال بولىدۇ. ئۇ لۇنت ئەر ـ ئاياللار رول ئالغان كونا، تۇتۇرۇقسىز تىياتىرلارنى كۆرۈشكە ئامراق. مەن ئۇنىڭغا ئوخشىمايمەن، راست گېپىڭىزنى قىلىڭ، دېسىڭىز، تىياتىر بىلەن تېگىدىن خوشۇم يوق. كىنودەك ناچار بولمىسىمۇ، تىياتىرنىڭ ماختىغۇچىلىك يېرى يوق. مۇھىمى مەن ئارتىسلارنى يامان كۆرىمەن، چۈنكى ئۇلار ھەقىقىي ئادەملەردەك ئويناۋاتىمىز، دەپ قارىغىنى بىلەن ھەقىقىي، چىن ئەمەس. قىسمەن ئارتىسلار چىن ئادەملەردەك رول ئالغىنى بىلەن بېرىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىمەيدۇ. ھەممىنى رەسۋا قىلىدىغىنى شۇكى، رولنى ھەقىقەتەن ئوبدان ئالىدىغان ئارتىسنىڭ ئويۇنىنى كۆرسىڭىز، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ياخشى ئوينايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايسىز. سېرلارۋرېنس ئولېۋىرنى ئالايلۇق، مەن ئۇ رول ئالغان «خاملېت»نى كۆرگەن. بۇ تىياتىر D•B مەن بىلەن

فۇئېببېنى ئاپىرىپ كۆرسەتكەن. ئۇ كۆرۈپ بولغانىكەن. ئاۋۋال بىزنى ئاشپۇزۇلغا ئەكىردى، ئاندىن كىنوغا ئەكىردى. تاماق يېگۈچە بۇ تىياتىرنى ئۇنداق ياخشى، بۇنداق ياخشى دەپ ماختاپ كەتكەنىدى، مېنىڭ تېزرەك كۆرگۈم كېپكەتتى. بىراق كۆرگەندىكىن، ماڭا ئۇنچە ياخشى بىلىنمىدى. سېرلاۋرېنس ئولىۋېرنىڭ زادى قايسى تەرەپلەردە ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. ئۇنىڭ ئاۋازى راستلا جاراڭلىق، يېقىملىق ئىكەن، مېڭىشلىرى، قىلىچ ئويناتىشلىرىمۇ كۆرۈپ قويسا بولىدىكەن. لېكىن D • B تەسۋىرلەپ بەرگەن خاملېتقا پەقەتلا ئوخشىمايدىكەن. ئۇ غەمكىن، ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان نەس باسقۇرغا ئەمەس، مۇتتەھەم گېنېرالغا بەكرەك ئوخشايدىكەن. تىياتىرنىڭ ئەڭ تەسىرلىك يېرى ئوفېلىيانىڭ ئاكىسى — ئاخىرىدا خاملېت بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشىدىغان ئادەمنىڭ كېتىشى بولدى. ئاتىسى ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەت قىلىپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى، ئوفېلىيا ئاكىسى بىلەن ئويناشتى. ئۇنىڭ قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، ھەرخىل قىلىقلارنى قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئويناشتى. لېكىن ئۇ يالغاندىن ئاتىسىنىڭ بىلجىرلاشلىرىنى ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلاۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى. بۇ يېرى قالتىس ئوينالدى. مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. لېكىن تىياتىرنىڭ بۇنداق جايلىرى كۆپ ئەمەس. فۇئېببېغا خاملېتنىڭ ئىت بېشىغا شاپلاقلىغىنى بەك ياراپ كەتتى. ئۇنىڭغا قىزىقارلىق ۋە ياخشى بىلىنىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى. مەن بۇ تىياتىر ئەسىرىنى ئوقۇپ چىقىش نىيىتىگە كەلدىم. گەپ شۇ يەردىكى، بۇنىڭدەك نېمىلەرنى بىر ئوقۇپ چىقمىسام كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. سەھنىدە كۆرسەم، ئارتىس ئاخىرىنى ئوبدان ئوينىماي قالارمىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن گەپلىرىنى ئوبدانىراق ئاڭلىيالمايتتىم.

مەن ئويۇن بېلىتىدىن ئىككىنى سېتىۋېلىپلا تاكسىغا ئولتۇرۇپ باغچىغا ماڭدىم. مەن ئەسلىدە يەر ئاستى تۆمۈريولىغا چۈشۈپ پويىزغا ئولتۇرسام بولاتتى، چۈنكى پۇلۇم ئاز قالغانىدى. ئەمما بۇ يەردىن تېزرەك كېتىۋېلىشقا ئالدىرىدىم.

باغچىمۇ بەك بەتتەر ئىدى. كۈن چىقمىغان، هاۋا سوغۇق. پۈتۈن باغچىدا ئىتنىڭ نىجاسەتلىرى، قېرىلارنىڭ تۈكۈرۈكلىرى، تاماكىنىڭ كۆتەكلىرىدىن بۆلەك هېچ نەرسە يوقتەك كۆرۈنەتتى. ئۇزۇن ئورۇندۇقلار هۆل، ئولتۇرغىلى بولمايتتى. بۇ مەنزىرە ئادەمنى كۆڭۈلسىز قىلىۋېتەتتى. مېڭىۋەرسىڭىز، نېمىشقىدۇر تۇرۇپلا ئادەمنىڭ بەدىنى تىكەنلىشەتتى. مىلاد بايرىمى يېقىنلاپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بىرمۇ ئالامەت كۆرۈنمەيتتى. ئەمما مەن دەرەخلىك يولغا قاراپ مېڭىۋەردىم. فۇئېبې باغچىغا كەلسىلا شۇ ئەتراپتا ئوينايتتى، مۇزىكا سەهنىسى ئەتراپىدا مۇز تېيىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. سۆزلەپ كەلسەم قىزىق، مەنمۇ كىچىك ۋاقتىمدا شۇ يەردە مۇز تېيىلىپ ئويناشقا ئامراق ئىدىم.

ئۇ يەردە ئۇنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدىم. بىرنەچچىلا كىچىك بالا مۇز تېيىلىۋاتاتتى، چوڭراق ئىككى ئوغۇل بالا قورغان توپ بىلەن «هاۋادا توپ ئۇچۇرۇش» ئويۇنى ئويناۋاتاتتى. فۇئېبېلا كۆرۈنمەيتتى. كېيىن ئۇنىڭچىلىك بىر قىزچاقنىڭ ئورۇندۇقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ كانكىنىڭ بوغقۇچىنى چېگىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ قىز فۇئېبېنى تونۇشى، ئۇنىڭ نەدىلىكىنى دەپ بېرىشى مۇمكىن، دېگەن ئوي بىلەن بېرىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم.

— ئېپىتىڭا، سىز فۇئېبې كاۋلفىيېلدنى تونۇمسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— كىم دېدىڭىز؟ — ئۇ تەنتەربىيە ئىشتىنىدىن بىرنى، كۆڭلىكىدىن 20 چىنى كىيگەنىدى. كىيىملەر-

نىلڭ مونەك ــ چۈنەكلىكىدىن ئاپىسى تىكىپ بەرگەنلى-
كىنى بىلگىلى بولاتتى .
—— فۇئىبىي كاۋلفىيىلدنى تونۇمسىز ، 71 ــ كوچىدا
تۇرىدىغان ، 4 ــ سىنىپتا ئوقۇيدىغان ، ھېلىقى . . .
—— فۇئىبىنى سىزمۇ تونۇمسىز ؟
—— شۇنداق مەن ئۇنىڭ ئاكىسى بولىمەن . ئۇ
نەدە ، بىلەمسىز ؟
—— ئۇ كېلىلون خېنىمنىڭ سىنىپىدا
ئوقۇمدۇ ؟ —— دەپ سورىدى قىزچاق .
—— بىلمەيمەن . ھە توغرا ، ئۇنىڭ سىنىپىدا
ئوقۇسا كېرەك .
—— ئۇنداق بولسا ئۇ مۇزېيدا . ئۆتكەن شەنبە بىز
بارغان مۇزېيدا .
—— قايسى كۇتۇپخانا .
قىز مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ :
—— بىلمەيمەن ، ئىشقىلىپ مۇزېيدا .
—— مەن بىلىمەن . بىراق ئۇ رەسىم بار مۇزېيدىمۇ
ياكى ئىندىئان بار مۇزېيدىمۇ ؟
—— ئىندىئان بار مۇزېيدا .
—— رەھمەت ، —— ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېڭىشقا
تەمشەلدىم . بىردىنلا بۈگۈن يەكشەنبە ئىكەنلىكى يا-
دىمغا كېلىپ ، —— بۈگۈن يەكشەنبە ، —— دېدىم .
قىزچاق بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى :
—— ھە ، ئەمىسە ئۇ يەردە ئەمەس .
ئۇ تۆت چاقلىق كانكى ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى
بەكمۇ تەسلىكتە چېگدى . ئۇنىڭغا ياردەملەشتىم . پەلەي
كىيمىگەچكە بۇدرۇق قوللىرى توڭۇپ قىزىرىپ كەتكە-
نىدى . ھەي ، مۇز تېيىلىش ئايىغىنىڭ ئاچقۇچىنى تۇت-
مىغىنىمغا نۇرغۇن يىللاپ بوپتۇ . لېكىن ئۇنى تۇتسام
قولۇمغا ئاسانلا كىردى . دېمەك ، مەن 50 يىلدىن كې-
يىنمۇ ،ھېچ نەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قاراڭ-

غۇدىمۇ ، سىز كانكى ئايىغىنىڭ ئاچقۇچىنى قولۇمغا
بەرسىڭىز ، مەن دەرھال ئۇنىڭ كانكى ئايىغىنىڭ ئاچـ
قۇچ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدىكەنمەن . مەن قىزچاقنىڭ
مۇز تېيىلىش ئايىغىنى چىڭ قىلىپ قويغاندىن كېيىن
ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم . ئۇ بەك ياخشى ، ئەدەبلىك قىز
ئىكەن . شۇنداق باللارنى ياخشى كۆرىمەن . چۈنكى
ئۇلارغا ئازراق ياردەم قىلىپ قويسىڭىز چوڭ ئادەملەردەك
رەھمەت ئېيتىدۇ . جىڭ گەپ ، باللارنىڭ كۆپى
شۇنداق . ئۇنىڭدىن مەن بىلەن بېرىپ ئىسسىق قەھۋە
ئىچىپ كەلمەمسىز ، دەپ سورىغانىدىم ، ئۇ « ياق ، رەھـ
مەت ، دوستۇمنى تاپمىسام بولمايدۇ » دېدى . باللار داـ
ئىم دوستلىرىنى ئىزدەيدۇ . بۇنىڭغا بەكمۇ كۈلگۈم كېـ
لىدۇ .

يەكشەنبە بولغان بىلەن فۇئېبې ۋە ئۇنىڭ سىنىـ
پىدىكى بارلىق ساۋاقداشلار ئۇ يەردە بولمايدۇ . ھاۋا ناـ
ھايىتى نەم ۋە ناچار بولۇشىغا قارىماي باغچىنى كېسىپ
ئۆتۈپ ئۇنىۋېرسال مۇزېيغا قاراپ ماڭدىم . ئۇ ھېلىقى
قىزچاق دەپبەرگەن مۇزېي بولۇپ ، ئۇنىڭ جىمى يېـ
رىنى خۇددى كىتاب يادلىغاندەك ئوبدان بىلەتتىم . فۇـ
ئېبې ئوقۇۋاتقان مەكتەپتە كىچىك ۋاقتىمدا مەنمۇ ئوقۇـ
غان . بىز ئۇ چاغدا دائىم مۇزېيغا باراتتۇق . ئېگلېدىنگ
خېنىم دەيدىغان ئوقۇتقۇچىمىز ئۇ يەرگە بىزنى ھەرـ
شەنبە ئاپىراتتى . بىز بەزىدە ھايۋانلارنى ، بەزىدە قەدىمى
ئىندىئانلار ياسىغان ساپال بۇيۇم ، سېۋەت قاتارلىق نەرـ
سىلەرنى كۆرگىلى باراتتۇق . مۇشۇ ئىشلار يادىمغا يەتـ
سىلا كۆڭلۈم يايراپ كېتەتتى . ھازىرمۇ شۇنداق بوـ
لۇۋاتىدۇ . ئېسىمدە قېلىشىچە ، بىز ئىندىئانلارنىڭ نەرـ
سىلىرىنى كۆرۈپ بولۇپ كۆپىنچە زالغا بېرىپ كىنو
كۆرەتتۇق . ئۇلار كولومبونىڭ يېڭى قۇرۇقلۇقنى بايقىـ
غانلىقى ھەققىدىكى كىنونىلا قوياتتى . كولومبو دەسلەپ
مىڭبىر مۇشەققەتتە فىردىناند ۋە ئىسابىللاردىن پۇل قەرز

ئىلىپ كېمە سىتىۋالدۇ ، كېيىن ماتروسلار ئۇنىڭغا ساتقىنلىق قىلماقچى بولىدۇ . كولومبوغا ھېچكىم تۇزۇك قىزىقمايتتى . بىراق يانچۇقىڭىزدا كەمپۇت ، سېغىز قاتار-لىق نەرسىلەر بولاتتى ، يەنە كېلىپ زالدا ئاجايىپ مەز-زىلىك بىر پۇراق بار ئىدى . يەنى سىرتتا ھاۋا ئىنتايىن ياخشى بولغان چاغلاردىمۇ زالغا كىرسىڭىزلا سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتقاندەك بىر ھىد دىماغقا ئۇرۇلۇپ ، پۈتۈن دۇنيادا مۇشۇ يەرلا ئەڭ ياخشى ، پاكىز ، راھەتتەك بىلى-نەتتى . ھېلىقى مۇزېيىنىمۇ بەك ياخشى كۆرەتتىم . ئې-سىمدە تۇرۇپتۇ ، زالغا بارغىچە ئىندىئانلار مۇزېيىدىن ئۆتەتتۇق ، ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن ئۆي ئىدى ، ئىچىگە كىرگەندە ئۈنلۈك گەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى . ئۇقۇتقۇچى ئەڭ باشتا ، پۈتۈن سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ كەينىدە ماڭاتتى . بالىلار ئىككىدىن قاتار بولات-تى . ھەربىر بالىنىڭ ھەمراھى بولاتتى . كۆپ ۋاقىتتا جېت لېۋىن ئىسىملىق بىر قىز مېنىڭ ھەمراھىم بولاتتى . نەم ، يېپىشقاق قوللىرى بىلەن قولۇمنى تۇتۇۋالاتتى . يەرگە بىر خىل رەڭلىك تاش ياتقۇزۇلغان بولۇپ ، قو-لىڭىزدا ئەگەر ئەينەك شارچا بولسا يەرگە تاشلىسىڭىز تاراقلاپ دومىلاپ يۈرەتتى . ئوقۇتقۇچى بارلىق ئوقۇ-غۇچىلارنى توختىتىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى تەكشۈ-رەتتى . ھېلىمۇ ياخشى مۇئەللىمنىڭ ئاچچىقى يامان ئە-مەس ئىدى . ئاندىن ئۈچ كادىلاك ماركىلىق پىكاپ ئۇ-زۇنلۇقىدەك كېلىدىغان ئىندىئانلار ياغاچ جەڭ كېمى-سىنى ئايلىناتتۇق . كېمىدە 20 ئىندىئان بار ئىدى . بۇلارنىڭ بىر قىسمى پالاق ئۇرۇۋاتاتتى ، بىر قىسمى جەڭگىۋار ھالەتتە تۇراتتى . ئۇلارنىڭ يۈزىگە چە-ۋەندازلىق بەلگىسى سۈپىتىدە گۈل چېكىلگەنىدى . كې-مىنىڭ ئەڭ كەينىدە نىقاپ تاقىغان ، ناھايىتى قورقۇنچ-لۇق بىرى بار بولۇپ ، ئۇ ھەكىم ئىدى . ئۇنى كۆرسەملا بەدەنلىرىم توخۇئەت بولاتتى ، لېكىن ياخشى كۆرەتتىم .

يەنە بىر ئىش ، پالاق ياكى باشقا نەرسىلەرنى تۇتسىڭىز ئۇ يەرگە قارىغۇچىلار « بالىلىرىم ، تۇتماڭلار ! » دەيدـ تى . ئۇلارنىڭ ئاۋازى مۇتتەھەم ساقچىلارنىڭكىدەك ئەـ مەس ناھايىتى مۇلايىم ئىدى . ئاندىن ئەينەك ئىشكاپ يېنىدىن ئۆتەتتۇق . ئۇنىڭدا كالتەك سۇر كەپ ئوت پەيدا قىلىۋاتقان ئىندىئانلار ، گىلەم توقۇۋاتقان ئىندىئان ئاـ ياللار بار ئىدى . گىلەم توقۇۋاتقان ئاياللار ئىگىشكەن بولغاچقا ئەمچەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بۇ يەردىن ئۆتكەندە بىزلا ئەمەس ، قىزلارمۇ تۇيدۇرماي قارايتتى . چۈنكى ئۇلار تېخى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمچىكى يوق ئىدى . ئىشىك تۈۋىدە ئىسكىموس بار ئىدى . ئۇ بىر مۇز تۇتقان كۆلنىڭ كاچكۇلى يېنىدا بېلىق تۇتۇپ ئولـ تۇراتتى . يېنىدا تۇتۇلغان ئىككى بېلىق تۇراتتى . ھەي ، مۇزېيدا ئەينەك ئىشكاپلار كۆپ . ئۈستۈنكى قەۋەتتە تېـ خىمۇ كۆپ . ئۇنىڭ ئىچىدە كاچكۇل يېنىدا سۇ ئىچىۋاتـ قان كېيىك ، قىش ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن جەنۇبقا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلار بار ئىدى . سىزگە ئەڭ يېقىن قۇشلار تەقلىدىي ياسالغان بولۇپ ، سىمغا ئېسىلغان ، كەينىـ دىكى قۇشلار تامغا سىزىلغان . مۇنداقلا قارىسىڭىز ئۇلار ھەقىقەتەن جەنۇبقا ئۇچۇۋاتقاندەك بېشىڭىزنى پەس قىـ لىپ ئاستىدىن ئۈستىگە قارىسىڭىز ھەتتا جەنۇبقا ئىنتاـ يىن تېز ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . بىر ياخشى يېرى ، مۇزېيدىكى بارلىق نەرسە جايىدىن قىمىرلىمايتـ تى . جايىنى ھېچكىممۇ يۆتكىۋېتەلمەيتتى . مۇزېيغا قانچە كۆپ كىرسىڭىزمۇ يۇقىرىدا دېگەن نەرسىلەر شۇ پېتى ، شۇ جايىدا تۇراتتى . ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايتتى ، بىرلا سىزدە ئۆزگىرىش بولاتتى . قېرىپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ ، ھەرھالدا ئانچە ـ مۇنچە ئۆزگىرىشلەر بولاتتى . مەسىلەن ، بىر قېتىمدا سىز پەلتو كىيگەن بولاتتىڭىز ، ئۆتكەندە يېنىڭىزدا تۇرغان بالا سىكارلاتىنا بەزگىكى بولۇپ قېلىپ ، باشقا بىرى ئالماشاتتى . ياكى

ئوقۇتقۇچىلاردىن ئېگىلىدىنگ خېنىم ئەمەس باشقا بىرى ئاپىراتتى. ياكى ئاتا – ئانىڭىزنىڭ يۇيۇنۇش ئۆيىدە قاتتىق سوقۇشۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلايتتىڭىز، كوچىغا چىقسىڭىز ھەممە يەرنى قاپلىغان، ئۈستىدە ماي پارقىراپ تۇرغان رەڭدار سۇنى كۆرەتتىڭىز. ئىشقىلىپ ئوخشىمايدىغان جايلار بولۇپ تۇراتتى. دېمەكچى بولغىنىمنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ دېيەلمەيۋاتىمەن. ئېنىق دېگەن تەقدىردىمۇ بەلكىم ئۇ دېگۈم كەلگەن سۆزلەر ئەمەستۇر.

كېتىپ بېرىپ يانچۇقۇمدىن ئۇۋچىلار شەپكىسىنى ئېلىپ بېشىمغا كىيىۋالدىم. تونۇش بىلىشلەرگە ئۇچراپ قالمايدىغانلىقىمنى بىلسەممۇ، ھاۋا بەك نەم ئىدى. مەن فۇئېبېنىڭ قانداق قىلىپ ماڭا ئوخشاش ھەرشەنبە مۇزېيغا بارىدىغانلىقى، ئىلگىرى مەن كۆرگەن نەرسىلەرنى كۆرىدىغانلىقى، ھەر قېتىمدا ئۇنىڭدا قانداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى ئويلىدىم. بۇلارنى ئويلىغىنىمدا روھىم چۈشۈپ كەتمىدى ھەمدە خۇشال بولۇپمۇ كەتمىدىم. بەزى نەرسىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. ئۇلارنى ھېلىقىدەك ئەينەك ئىشكاپلارغا سېلىپ قويۇپ، قايتا تۇتماسلىق كېرەك. لېكىن ماڭا مەلۇم، بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بىراق بۇمۇ ئىنتايىن يامان ئىش. مەن مېڭىپ كېتىۋېتىپ ئەنە شۇنىڭدەك ئىشلارنى خىيال قىلدىم.

تەنتەربىيە مەيدانىدىن ئۆتۈۋېتىپ توختاپ ئىككى كىچىك بالىنىڭ لىڭگىرتاقتاق ئوينىشىنى كۆردۈم. بالىلارنىڭ بىرى سېمىزرەك ئىدى. ئىككىسىنى تەڭ قىلىش ئۈچۈن ئورۇقراق بالىنىڭ بېشىدا قويدۇم. بىراق ئۇلارنىڭ ئەپتىدىن يېنىدا تۇرۇشۇمنى ياقتۇرمىغانلىقىنى بايقاپ يولۇمغا ماڭدىم.

ئارقىدىن بەكمۇ قىزىق بىر ئىش بولدى. مۇزېي يېنىغا كەلگەندە توساتتىن كىرگۈم كەلمىدى. بېشىڭ

بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرىمەن دېسىمۇ كىرمەيدىغان ئۆيغا
كېپقالدىم . بايا جانغا تېگىدىغان باغچىدىن چىقىۋاتقاندا
مۇزېيغا ئۇچۇپ دېگۈدەك بارغۇم كەلگەنىدى . شۇ تاپتا ئۇ
ھالىتىمدىن ئەسەرمۇ قالمىدى . قۇئېبې شۇ يەردە بولسا
بەلكىم كىرەر ئىدىم . لېكىن ئۇ يوق ئىدى . شۇنىڭ بىـ
لەن مەن تاكسىغا ئولتۇرۇپ بىر تموغا ماڭدىم . كۆڭـ
لۈمدىن بارغۇم يوق . لېكىن سارى بىلەن ۋەدىلىشىپ
قويغانىدىم .

# 17

ئۇ يەرگە بالدۇرلا كەلدىم . شۇڭا دەم ئېلىش
ئۆيىدىكى سائەت يېنىغا قويۇلغان خۇرۇم ئورۇندۇقتا
ئولتۇرۇپ قىزلارنى كۆزدىن كەچۈردۈم . كۆپلىگەن
مەكتەپلەرنى دەم ئېلىشقا قويۇۋەتكەچكە بۇ يەر ئوغۇل
دوستلىرىنى ساقلاپ ئولتۇرغان قىزلار بىلەن تولغانىـ
دى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرگەن ،
بەزىلىرى مىنگەشتۈرمىگەن . گاھىلىرىنىڭ پۇتى شۇنداق
چىرايلىق ، گاھىلىرىنىڭ بەكمۇ سەت . بەزىلىرى خېلى
مېھرى ئىسسىق ، چىرايلىق ، بەزىلىرى قانجۇقنىڭ ئۆـ
زىلا . گېپىمنىڭ مەنىسىگە چۈشەنگەن بولسىڭىز بۇ تېـ
پىلغۇسىز ، ئاجايىپ بىر مەنزىرە . ئەمما سۆزلەپ كەلسە
بۇ مەنزىرە كۆڭۈلنى يېرىم قىلىدۇ . چۈنكى قاراپ ئولـ
تۇرۇپ ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاپ قالىسىز . دېمەكـ
چىمەنكى ، ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپ ياكى ئالىي مەكتەپنى
پۈتتۈرگەندىن كېيىن تۇتۇرۇقسىز بىر ئەرلەرگە ياتلىق
بولىدۇ . بۇنداق ئەرلەر پىكاپلىرىنىڭ قانچىلىك سۈرـ
ئەتتە ماڭىدىغانلىقى ھەققىدىلا كاپىشىيدۇ . بەزىلىرى
گولف توپ ئويناپ ياكى تىكتاك توپتەك مەززىسىز
توپلارنى ئويناپ ئۇتتۇرۇپ قويسا ئاھ ــ ۋاھلاپ قايغۇـ
رۇپ كېتىدۇ ، كىچىك بالىلاردەك قىلىقلارنى قىلىدۇ .

بەكمۇ پەس كېلىدۇ . بەزىلىرى كىتاب كۆرمەيدۇ ، ئا-
دەمنى بىزار قىلىدۇ ــــ بۇنىڭغا كەلگەندە سەل ئېھتىيات-
چانراق بولاي . مەن ئۇنداق نېمىلەرنى توۋزۇك چۈشەن-
مەيمەن . راستلا چۈشەنمەيمەن . ئېلكتون خىللىپستىكى
ۋاقتىمدا خارىس مېكلىن دېگەن بىر ئاداش بىلەن ئىككى
ئاي بىللە ياتقان . ئۇنىڭ ئاۋازى ئادەمنىڭ قۇلىقىغا
مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى . لېكىن ئۇ ئەتىدىن
كەچكىچە ئاغزى بېسلماي كاپشىيتتى . قورقۇنچلۇق
يېرى شۇكى ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن قۇلاققا ياققۇدەك بىر ئې-
غىز گەپ چىقمايتتى . بىر ئارتۇقچىلىقى ، بۇ جالاپنىڭ
بالىسى ئاجايىپ ياخشى ئىسقىرتاتتى . ئۇ ئورۇن سال-
غۇچە ، تام ئىشكاپىغا بىرنەرسىلىرنى قويغىچە مۇ-
شۇنداق ئىشلارنى تولا قىلىپ جېنىمغا تېگەتتى ــــ ئىس-
قىرتاتتى . كلاسسىك مۇزىكىلارغىمۇ ئىسقىرتالايتتى .
لېكىن كۆپرەك جاز مۇزىكىلىرىغا ئىسقىرتاتتى . « ئاق
قاڭالتىرلىق ئۆيدىكى ھەسرەت » دېگەندەك ئەڭ تىپىك
جاز مۇزىكىلىرىغا شۇنچىلىك شوخ ، تەڭگىل ۋە ۋايىغا
يەتكۈزۈپ ئىسقىرتاتتىكى ، ئادەم ئاڭلاپ مەست بولۇپ
كېتەتتى . تەبىئىيكى مەن ئۇنىڭغا زادىلا ئىسقىرتىشقا
بەك ئۇستا دەپ قارايدىغانلىقىمنى دېمىدىم . دېمەكچىد-
مەنكى ، سىز ھەرگىز بىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ توغرىدىن
توغرىلا : « سەن قالتىس ياخشى ئىسقىرتىسەن » دې-
مەيسىز ـ دە . شۇنداق بولسىمۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ئىككى
ئاي بىر گە ياتتىم . ئۇنىڭدىن بىزار بولسامىمۇ ، ئۇ ناھا-
يىتى ياخشى ئىسقىرتقانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق بولدى .
ئادەم بىزار قىلىدىغانلارنى تازا چۈشەنمەيمەن دېگىنىم
شۇ . بەلكىم ياخشى قىزلار ئاشۇنداق ئەرلەرگە تېگىپ
قالسا ئىچىڭىز بەكمۇ ئاچچىق بولماسلىقى مۇمكىن .
چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپىنىڭ ئادەمگە يامانلىقى يوق . يەنە
كېلىپ ئاشۇنداق ئۇستا ئىسقىرتچىلاردىن چىقىپ
قالامدۇ ، بۇنى كىم بىلىدۇ ؟ مەنمۇ بىلمەيمەن .

ئاقىۋەت سارى كەلدى . مەن دەرھال ئالدىغا باردىم . ئۇ ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ ، ئۇچىسىدىكى قارا پەلتو ، قارا فرانسىيە شىلەپىسى ھۆسنىگە ھۆسن قوشقانىدى . ئۇ ئادەتتە شىلەپە كىيمەيتتى . ئەمما بۇ شىلەپە ئۇنىڭغا ناھايىتى ياراشقانىدى . قىزىق ، ئۇنى كۆرۈپلا ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش خىيالىغىمۇ كەلدىم . مەن بەك سارالڭ . ئۇنى ھېچقانچە ياخشى كۆرمەيدىغان تۇرۇپ ، ئۇشتۇمتۇتلا ئۇنى ياخشى كۆرىدىغاندەك ، ئۇنىڭ بىلەن تـوي قىلىدىغاندەك ھېس قىلدىم . خۇدا ھەققى قەسەم ئىچىمەنكى ، مەن راستلا سارالڭ بوپقالدىم .

— خـولتون ! — دېدى ئۇ ، — سىزنى كۆرگىنىمدىن تولىمۇ خۇشالمەن ! ماگا بىزنىڭ كۆرۈشمىگىنىمىزگە بەك ئۇزاق زامان بولغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ ! — ئۇ سىرتتا ھەمىشە ئاشۇنداق جاراڭلىق ئاۋازدا سۆزلەپ ئادەمنى خىجىل قىلىپ قوياتتى . ئۇ چىرايلىق بولغاچقا ، بۇ ئەيىبنى ھــەركىم ئەپـۇ قىلاتتى . لېكىن ماگــا ئانچە ياقمايتتى .

— سىزنى كۆرۈپ مەنمۇ بەك خۇشال بولدۇم . ياخشى تۇردىڭىزمۇ ؟ — دېدىم مەن . بۇ راست گېپىم ئىدى .

— ئاجايىپ ياخشى . كېچىكىپ قالدىممۇ ؟

كېچىكمىدىڭىز دەپ قـويدۇم . ئەمــەلىيەتتە ئون مىنۇت كېچىككەنىدى . « شەنبىلىك كەچلىك گېزىت » لەرگە بېسىلغان ھەجۋىي رەسىملەردە كوچىدا قىز دوستلىرىنى ساقلىغان يىگىتلەرنىڭ ئۇلارنىڭ كېچىكىپ كەلگەنلىكىگە قاتتىق ئاچچىقى كەلگەنلىكى تەسۋىرلەنىدۇ . بۇ پۈتۈنلەي ئالدامچىلىق . ئەگەر بىرەر قىز سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە گۈلدەك ياسىنىپ ۋە ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەلسە ، ئۇنىڭ كېچىكىپ كەلگىنى كۆزىڭىزگە كـۆرۈنەتتىمۇ ؟ كىم ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرىدۇ ؟

— تېز ماڭايلى، — دېدىم مەن، — تىياتىر سائەت 12 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە باشلىنىدۇ، — بىز بىنادىن چۈشۈپ تاكسى توختايدىغان جايغا ماڭدۇق.

— بۈگۈن قايسى تىياتىر قويۇلىدىكەن؟

— بىلمەيمەن. لونت ئەر ـ ئايال رول ئالغىنىنىڭ بېلىتىنى ئالدىم.

— لونت ئەر ـ ئايال دەمسىز! پاھ، بەك ياخشى بوپتۇ.

سىزگە بايا ئېيتقانمەن. لونت ئەر ـ ئايال رول ئالغانلىكى تىياتىرلىقىنى ئاڭلىسا ئۇنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ.

تىياتىرخانىغا بارغۇچە تاكسىدا بىردەم ئويناشتۇق. باشتا ئۇ لەۋ سۇرۇۋۇخ سۈرۈۋالدىم، دەپ ئۇنىمىدى. لېكىن مېنىڭ تەقەززالىقىم ئالدىدا ئۇ ئامالسىز قالدى. ئىككى قېتىم ماشىنا قىزىل چىراغ ئالدىغا كېلىپ تۇيۇقسىز توختىۋىدى، مەن ئورۇندۇقتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم. قاپاق باش شوپۇرلارمۇ ماشىنىنى قەيەردە ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىغا پەقەت دىققەت قىلمايدۇ. قەسەم ئىچىمەنكى، پەقەتلا دىققەت قىلمايدۇ. ئەسەبىيلىكتە قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىمنى سىزگە ئېيتىپ بېرەي. قىزغىن قۇچاقلىششلاردىن كېيىن سەل ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالغان چاغدا ئۇنىڭغا سىزنى سۆيىمەن، دېدىم. بۇ يالغان، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ گەپنى مەن چىن كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ ئېيتتىم. مەن ساراڭ بولدۇم. خۇدا ھەققى قەسەم ئىچىمەنكى، راستلا ساراڭ بولدۇم.

— شۇنداقمۇ، قەدىرلىكىم، مەنمۇ سىزنى سۆيىمەن، — دېدى ئۇ، ئارقىدىنلا سۆزلەپ كەتتى، — چېچىڭىزنى قويۇۋېتىشكە ماڭا ۋەدە بېرىڭ. ھازىر ماترۇسلارچە چاچ پاسونى مودىدىن قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چېچىڭىز بەك چىرايلىق.

چىرايلىقمىش تېخى.

بۇ تىياتىر ئىلگىرى كۆرگەنلىرىمگە قارىغاندا
يامان ئەمەس، لېكىن ئانچە ياخشىمۇ ئەمەس ئىكەن. بىر
ئەر ــ ئايالنىڭ ئۆمۈرلۈك ھاياتى ۋەقەلىك قىلىنغانىكەن.
ۋەقـەلىك ئۇلارنىڭ ياش ۋاقتىدىن باشلىنىدىكەن. قىز-
نىڭ ئاتا ــ ئانىسى ئۇنىڭ يىگىت بىلەن توي قىلىشىغا
ئۇنىمايدىكەن. لېكىن ئۇ ئاخىر ئۇ يىگىت بىلەن توي
قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ يېشى بارا ــ بارا چوڭىيىدىكەن،
ئەر ئۇرۇشـقا كېتىدىكەن. ئايالنىڭ هاراقكەش بىر ئى-
نىسى بار ئىكەن. بۇ ئويۇن ماڭا تازا ياقمىدى. دېمەكچى
بـولغىنىم ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە كىملەرنىڭ ئۆلگەنلىكى
بىلەنمۇ كارىم بولماي، ئۇلار ناھايىتى بىر ئارتىسقۇ، دەپ
ئويلىدىم. ئۇ ئەر ــ ئايال ھەقىقەتەن ئوبدان ئادەملەر
ئىكەن، چۈتۈرىمۇ خېلى بار ئىكەن، لېكىن ئۇلارغا ئانچە
قـىزىقمىدىم. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ باشتىن ئاخىر چاي ئى-
چىپ ياكى باشقا ئۇششاق ــ چۈششەك ئىشلارنى قىلى-
شىدىن بىزار بولدۇم. سەۋەب ھېلى خىزمەتكار ئۇلارنىڭ
ئالـدىـغا چاي قۇيۇۋاتقان، ھېلى ئايالى كىملەرگىدۇر
چـاي تۇتۇۋاتقان، شۇلا گەپ. يەنە كىشىلەرنىڭ سەھ-
نـىگە تولا كىرىشى، چىقىشى، ئولتۇرۇشى، قوپۇشىمۇ
كۆزلەرنى ئالىچەكمەن قىلاتتى. ئۇلارنىڭ رولىنى ئالغان
ئېـلفرېن لونت بىلەن لىن فىڭدان ناھايىتى ئوبدان ئوي-
نىدى. لېكىن ئۇلار ماڭا ئانچە ياقمىدى. ۋىجدان بىلەن
گەپ قىلسام ئۇلار ھەقىقەتەن باشقىلارغا ئوخشىمايتتى،
چىن ئادەملەرگە ئوخشىمىسىمۇ، ئارتىسلارغىمۇ ئوخشى-
مايتتى. ئۇلار رولنى ھەقىقەتەن بەك قاملاشتۇردى. رول
ئېلىۋاتقاندا ئۆزلىرىنىڭ داڭلىق ئارتىس ئىكەنلىكىنى
بىلىدىغاندەك قىلاتتى. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ بىرى گې-
پىنى تۈگەتكەندە، كەينىدىنلا يەنە بىرى ئۇلاپلا ناھا-
يىتى تېز سۆزلەپ نېمىلەرنىدۇر دەيتتى. بۇ ئەمەلىي
تۇرمۇشتا كىشىلەر سۆزلىشىۋاتقاندا بىر ــ بىرىنىڭ گې-
پىنى بۆلۈپ سۆزلەشكەننى دورىغاندەك بىر ئىش ئىدى.

ئۇلارنىڭ رول ئېلىش ماھارىتى گىرىنۋىچ يېزىسىدىكى ئوۋنېنىڭ رويال چېلىشىغا ئوخشاپ كېتەتتى. قانداقلا ئىش بولسۇن، بەك قاملاشتۇرۇپ قىلىۋەتسىڭىز، سەللا ھوشيار تۇرمىغاندا مەقسەتسىزلا ھۈنەر ئىشلىتىپ قالىسىز. ئۇ ھالدا ئىش ئۇنداق قاملىشىپ كەلمەيدۇ. قانداقلا بولمىسۇن تىياتىردىكى ئىككىيلەن (لونت ئەر — ئايال) ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئادەملەردەك قىلاتتى. بۇنى تەن ئالىمەن.

بىرىنچى پەردە تۈگىگەندە، بىز باشقا قاپاق باشلار بىلەن بىللە چىقىپ تاماكا چەكتۇق. بۇ كاتتا مەرىكە بولدى. سىز ئۆمرىڭىزگە كېلىپ بۇنچىۋىلا كۆپ سۆلەتۋازلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلغانلىقىنى بەلكىم كۆرمىگەنسىز. ئۇلار تاماكا چېكىشكەچ باشقىلار ئاۋازىمىزنى ئاڭلىسۇن، قانچىلىك قالتىس ئادەملەر ئىكەنلىكىمىزنى بىلسۇن دېگەندەك ئۈنلۈك ئاۋازدا تىياتىر ھەققىدە سۆزلىشەتتى. مەتۇ چىراي بىر كىنو ئارتىسى يېنىمىزدىلا تاماكا چېكىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيمەن. لېكىن ئۇ دائىم ئۇرۇش فىلىملىرىدە توخۇ يۈرەكلەرنىڭ رولىنى ئالاتتى. ئۇ ئىنتايىن گۈزەل، سېرىق چاچ بىر قىز بىلەن بىللە ئىدى. ئۇلار ئىنتايىن كەمتەر ئىدى، گويا ئەتراپىدا كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قاراۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتقاندەك زېرىككەن قىياپەتتە تۇرۇشاتتى. بۇنى كۆرۈپ كەيپىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. سارى لونت ئەر — ئايالنى بولۇشىغا ماختىغاندىن باشقا گەپنى ئاز قىلاتتى. ئۇ ھەدەپ بويۇنداپ ئەتراپقا قارايتتى. ئۆزىنى ئاجايىپ يېقىشلىق كۆرسىتەتتى. توساتتىن ئۇ يەنە بىر باشتا تۇرغان تونۇش بىر يىگىتنى كۆرۈپ قالدى. يىگىت چاقماق كۆڭلەك، قېنىق كۈل رەڭ سوكنىدىن كىيىم كىيگەن، سېپى ئۆزىدىن داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ تامغا يېقىن تۇرۇپ قاتتىق شوراپ تاماكا چېكىۋاتاتتى. چىرايىدا زېرىكىش ئەكس ئېتەت-

تى. سارى «ئۇ يىگىتنى تونۇيمەن» دېدى. ئۇنى نە-
گىلا ئاپارماڭ، بەزى تونۇشلىرى ياكى ئو تونۇيمەن
دېگەن كىشىلەر يولۇقۇپ تۇراتتى. ئۇ بۇ گەپنى دە-
ۋەرگەچكە زېرىكىپ:
— ئۇنى تونۇغاندىكىن، بېرىپ ئۇتتەك قىزغىن-
لىق بىلەن سۆيۈپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدىم. ئۇ-
نىڭ جان - پېنى چىقىپلا كەتتى. ھېلىقى كالۋامۇ ئاخىر
سارىنى كۆرۈپ كېلىپ سالاملاشتى. ئۇلارنىڭ سالاملاش-
قاندىكى كۆرۈنۈشىنى بىر كۆرسىڭىزراسا تاماشا بولات-
تى. يەنى ئۇلارنى 20 يىلدىن بېرى كۆرۈشمىگەن قە-
دىردانلار، كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ بىر تۆشەككە سى-
يىپ چوڭ بولغانلار، ئەڭ سىرداش، قەدىناس
دوستلار دەپ قالغان بولاتتىڭىز. تازىمۇ كۆڭۈلنى ئې-
لىشتۇردى. ھەممىدىن كۈلكىلىك يېرى، سارى بەلكىم
ئۇنى ئۆمرىدە بىرلا قېتىم، قاملاشمىغانلا بىرەر تانسىدا
كۆرۈپ قالغاندۇ. ھەرھالدا ئۇلارنىڭ سالام سائىتى تۈ-
گىدى. سارى ئىككىمىزنى تونۇشتۇرۇپ قويدى. ئۇ-
نىڭ ئىسمىنى جورجى دېگەندەك قىلدى — ئېسىمدە
قالماپتۇ — ئاندوف ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى
ئىكەن. تولىمۇ قالتىس. ئەپسۇس، سىز سارىنىڭ ئۇ-
نىڭدىن بۇ تىياتىر سىزگە ياقتىمۇ، قانداق دەپ سورى-
غاندىكى ھالىتىنى كۆرەلمىدىڭىز. ئۇ ئۇچىغا چىققان
ساختىپەر ئىكەن. سارىغا جاۋاب بەرگىچە كەينىگە يې-
نىپ كەينىدىلا تۇرغان بىر خانىمنىڭ پۇتىغا دەس-
سىۋالدى. بەلكىم خانىمنىڭ پۇتىنىڭ بارمىقى مىجىلىپ
كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ جاۋاب بېرىپ تىياتىر ۋاي
دېگۈدەك ئەمەسكەن، لېكىن لونت ئەر - ئايال ئۇنىڭغا
جان كىرگۈزۈۋېتىپتۇ. ئۇلار زېمىنغا چۈشكەن مالائى-
كىلەر، پەرىشتىلەر ئىكەن، دېدى. يائاللا، بۇ گەپنى
ئاڭلاپ باشقا بىر يەرلىرىم كۈلۈۋەتكىلى تاس قالدى.
ئارقىدىن ئۇ ئىككىسى ئۆزلىرى تونۇشىدىغانلارنىڭ گې-

پىنى قىلىشتى. ئەل ئۆمرىڭىزدە ئۇلارنىڭكىدەك ياسالما، يالغان ــ ياۋىداق گەپلەرنى ئاڭلىمىغانسىز. ئۇلار ئەڭ تېز سۈرئەتتە يېڭى ــ يېڭى جايلارنى ۋە ئۇ يەردىكى كىشىلەرنى ئويلاپ تاپتى. ئورنىمىزغا قايتىپ بارغاندا مەن ياندۇرۇۋەتكىلى تاس ــ تاماس قالدىم. يالغان ئەمەس. ئىككىنچى پەردە تۇگىگەندە، ئۇلار يەنە بىر يەرگە كېلىپ تېتىقسىز پارىڭىنى داۋام قىلدى. تېخىمۇ كۆپ جاي نامى ۋە ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى ئېيتتى. جانىغا تېگىدىغىنى شۇكى، ئۇ داخور كالۋا داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىقلارنىڭ ياسالما ئاۋازى، يەنى ھارغىنلىق ئارىلاش سۇرلۇك ئاۋازدا سۆزلىدى. بۇ ئاۋاز ئاياللارنىڭكىگە ئوخشايتتى. ھۇ ھارامزادە. ئويۇن تۈگىگەندە ئۇ بىز بىلەن بىرلىكتە ئىككى كوچىدىن ئۆتكىچە ماڭغىنىغا قاراپ، بىز بىلەن بىر تاكسىغا ئولتۇرىدىغان بولدى، دەپ ئويلىۋىدىم، لېكىن ئۇ بالىلار بىلەن ئەبجەش ھاراق ئىچكىلى باراتتۇق، دەپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ قانداقلارچە بىر قاۋاقخانىغا يىغىلىپ، چاقماق كۆڭلەك كىيگەن ھالدا ئولتۇرۇپ ھارغىنلىق ئارىلاش سۇرلۇك ئاۋاز بىلەن تىياترنى كىتاب ۋە ئاياللارنى تەنقىد قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم. ئۇ نېمىلەرنىڭ ئىشىغا بەكمۇ كۈلگۈم كەلدى.

مەن ئاندوف دېگەن ساختىپەز ھاراملىقنىڭ ۋالاقلىشىنى ئون سائەتتەك ئاڭلىغاندىن كېيىن، سارى بىلەن تاكسىغا ئولتۇرغاندا، سارىغا بەكمۇ ئۆچلۈكۈم كەلدى. ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشقا ھازىرلانغان بولسامۇ، راستلا شۇنداق قىلىش ئويۇم بار ئىدى ـــ ئۇ بىردىنلا:

ـــ كاللامغا ئاجايىپ ئەپچىل بىر چارە كەلدى! ـــ دېدى، ـــ ئۇ ھەمىشە ئاشۇنداق ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان ئىشلارنى ئويلاپ تاپاتتى، ـــ قۇلاق سېلىڭ، تاماق يېگىلى ئۆيگە قاچان قايتىسىز؟

دېمەكچى ، ئۆيگە قايتىشقا ئالدىرامسىز ، قانداق ؟ ئۆيگە پالان ۋاقىتتا قايتىمەن دېمەيدىغانسىز ـ ھە ؟

— مەنمۇ ؟ ياق ، بەلگىلىگەن ۋاقتىم يوق ، قانداق دەيسىز ؟ — مەن تولىمۇ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتتىم .

— بىز رادىئو شەھىرىدىكى مۇز مەيدانىغا بېرىپ مۇز تېيىلىپ كېلەيلى .

ئۇنىڭ تاپىدىغىنى ساپلا مۇشۇنداق ئىشلار ئىدى .

— رادىئو شەھىرىدىكى مۇز مەيدانىغا بېرىپ مۇز تېيىلامدۇق ؟ ھازىرلا بارىمىزمۇ ؟

— بىرەر ـ يېرىم سائەتلا تېيىلىمىز . بارامسىز ، بارمامسىز ؟ ئەگەر بارغۇڭىز كەلمىسە . . .

— بارغۇم يوق دېمىدىمغۇ ؟ — دېدىم مەن ، — سىزنىڭ بارغۇڭىز بولسا مەنمۇ بارىمەن ، ئەلۋەتتە .

— بۇ گەپنى راست دەۋاتامسىز ؟ راست دېمىگەن بولسىڭىز دېمەيلا قويۇڭ . مەن ئۈچۈن بېرىش ـ بارماسلىق بەرىبىر .

شۇنداق بولسىغۇ ياخشى بولاتتى .

— ئاجايىپ چىرايلىق مۇز تېلىيىش كىيىمىدىن بىرنى ئىجارىگە ئالىسىڭىز بولىدۇ . ئۆتكەن ھەپتە جىنىنت گۈرىز بىرنى ئارىيەت ئالغان ، — دېدى سارى .

ئۇنىڭ مۇز تېيىلىشقا نېمە ئۈچۈن بۇنچە ئالدىراۋاتقانلىقى ئاشكارىلاندى . دېمەك ، ئۇ ساغرىنى ئارانلا يېپىپ تۇرىدىغان قىسقا كىيىمنى كىيسە قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى ئىدى .

بىز ئۇ يەرگە باردۇق . كانكىدىن بۆلەك سارىغا ساغرىنى ئارانلا ياپىدىغان ھاۋا رەڭ قىسقا كۆڭلەكتىن بىرنى ئالدۇق . ئېتىراپ قىلمىسام بولمايدۇ ، بۇ كۆڭلەك ئۇنىڭغا ناھايىتى ياراشتى . بۇنى ئۇ بىلمەي قالدىمىكىن دەپ قالماڭ . چىرايلىق ساغرامنى ئوبدان كۆرۈۋالسۇن دېگەندەك ئۇ ئالدىمدا نەچچە پىرقىرىدى . ئۇنىڭ ساغ-

رىسى راستلا ئاجايىپ چىرايلىق ئىكەن . بۇنى ئېتىراپ قىلىمەن .

قىزىق بولغىنى شۇكى ، ئۇ يەردىكىلەر ئىچىدە بىزلا كانكى تېپىلىشنى ئانچە بىلمەيدىكەنمىز ، دېمەك-چى ، بەك ناچار تېپىلىدىكەنمىز . سارىنىڭ پۇتى ھە دېسىلا مايماق كېتىپ ، مۇزغا تەگكىلى ئازلا قالاتتى . بۇ ھالەت سەت كۆرۈنۈش بىلەنلا قالماي ، پۇت ئاغرىپ جاننى قاقشىتاتتى . بۇ جەھەتتە مەندە ئوبدانلا تەسرات بار ئىدى . مېنىڭ پۇتۇمۇ ئاغرىپ جېنىمنى ئېلىپ يې-نىمدا قويدى . ھەممىدىن يامىنى ، قىلىدىغان ئىش يوق بىر — ئىككى يۈزچە ئادەم ئۆرە تۇرۇپ بىزدەك « چىراي-لىق » ھەرىكەت قىلىپ يىقىلىپ ، قوپۇپ يۈرگەنلەرنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈۋاتاتتى . بىرنەچچىلا ئادەم ئاجايىپ قالتىس ئويناپ كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋا-تاتتى .

— ئىچكىرىگە كىرىپ بىرەر جوزا تېپىپ ئازراق بىرنەرسە ئىچىۋالساق قانداق ؟ — دېدىم مەن .

— بۇ ، سىز بۇگۇن ئويلىغان ، ئادەمگە مايدەك ياقىدىغان ياخشى ئىش بولدى ، — دېدى ئۇ . ئۇ رەھىمسىزلىك قىلىپ ئۆزى بىلەن جىق ئېلىشىپ كەتكەن ، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ كەتكەچكە شۇنداق دېگەنىدىم .

بىز كانكىنى يېشىۋېتىپ مەيخانىغا كىردۇق . بۇ يەردە پايپاق بىلەنلا ئولتۇرۇپ بىرەر نەرسە ئىچكەچ باشقىلارنىڭ مۇز تېيىلىشىنى تاماشا قىلغىلى بولاتتى . ئولتۇرۇپ تۇرۇشىمىزغا سارى پەلىيىنى ئېلىۋەتتى . ئۇ-نىڭغا بىر تال تاماكا بەردىم . چۈنكى ئۇ كەيپى ئۇچقان-دەك كۆرۈنەتتى . كۈتكۈچى كېلىۋىدى ، ئۇنىڭغا كو-كوكولا — ئۇ ھاراق ئىچمەيتتى ، ئۆزۈمگە سودا سۈيى قوشۇلغان ۋىسكى بۇيرۇدۇم . ئەمما ئۇ جالاپنىڭ بالىسى ماڭا ھاراق بەرگىلى ئۇنىمىدى . نائىلاج كوكوكولا بۇي-

رۇدۇم. ئاندىن سەرەڭگە يېقىپ ئوينىدىم. مەن كۆڭلۈم غەش چاغلاردا مۇشۇنداق ئوينايتتىم. سەرەڭگىنى تۇ-تالماي قالغۇچە كۆيدۈرۈپ ئاندىن كۆلدانغا تاشلايتتىم. بۇ نېرۋا خاراكتېرلىك ئادەت ئىدى.

بىردىنلا، شۇنچە كىشىنىڭ قېشىدا سارى ماڭا:

— قارالڭ، بىر ئىشنى ئوقۇۋالاي. مىلاد بايرىمى هارپىسىدا بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ مىلاد دەرىخىنى زادى بېزىشىپ بېرەمسىز، يوق، — دېدى ئۇنىڭ پۈتىنى مۇز تېپىلىمەن دەپ قايرىۋېلىپ خاپا بولغانىنىڭ خاپىلىقى تېخى كۆتۈرۈلمىگەن بولسا كېرەك.

— سىزگە خېتىمدە بارىمەن دېدىم، ئۆزىڭىزمۇ 20 قېتىمچە سورىدىڭىز. بارىمەن دېگەندىكىن ئەلۋەتتە بارىمەن.

— بۇنى ئالدىن بىلىۋالاي دېدىم، شۇ، — ئۇ شۇنى دەپ بولۇپ ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈپ يەنە ئەتراپىغا قاراشقا باشلىدى.

تۇساتتىن مەن سەرەڭگە يېقىپ ئويناشنى توختىتىپ ئۇنىڭغا ئېڭىشتىم. ئۇنىڭغا دەيدىغان جىق گەپ-لىرىم بار ئىدى.

— هەي سارى.

— نېمە؟ دېدى ئۇ مەيخانىنىڭ ئۇ بېشىدا ئول-تۇرغان بىر قىزغا قاراۋېتىپ.

— سىز زېرىكمىدىڭىزمۇ؟ — دېدىم مەن، — مەن دەيمەنكى، بارلىق ئىشلار بارغانسېرى يامان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر چارىسىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ دېمەكچى، مەكتەپنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ياخشى كۆرەم-سىز، قانداق؟

— مەكتەپتىن بۇرنى - قۇلىقىمغىچە تويۇپ كەتتىم.

— مەن دېمەكچى، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنەمسىز؟

تويۇپ كەتكىنىڭىزنىغۇ بىلىمەن، ئەمما نەپرەتلىنىەمسىز، قانداق، مانا شۇنى سوراۋاتىمەن.

— ھەي، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن دېيەلمەيمەن. سىز ھەرھالدا...

— مەن نەپرەتلىنىمەن. بەك نەپرەتلىنىمەن، — دېدىم مەن، — مەكتەپتىنلا ئەمەس، ھەممە نەرسىدىن نەپرەتلىنىمەن. نيۇ - يورك دېگەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرغىنىمدىن، تاكسىلاردىن، مادىزون كوچىسىدا ماڭىدىغان ئاپتوبۇسلاردىن نەپرەتلىنىمەن. ئاپتوبۇس شوپۇرلىرى ئادەمگە دائىم ۋارقىرايدۇ، ئارقا ئىشىكتىن چۈش دەپ تۇرۇۋالىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ماڭا قانداقتۇر لونت ئەر - ئاياللار زېمىنغا چۈشكەن مالائىكىلەر دەپ جۆيلۈيدىغان شۆھرەتپەرەس نېمىلەرگە تونۇشتۇرۇشىدىن، بىر يەرگە بارغاندا لىفت بىلەن چىقىپ - چۈشۈشتىن؛ كۆن بويىبىروكسقا بېرىپ شىم ئۆلچىتىشتىن نەپرەتلىنىمەن، يەنە كىشىلەر ھەمىشە...

— خوش بوپكېتەي، بولدى قىلىڭ، تولا ۋارقىرىماڭ، — دېدى سارى. تازىمۇ كۆلكىلىك گەپ بولدى. مەن زادىلا ۋارقىرىمىغان تۇرسام.

— ئاپتوموبىلنى ئالايلى، — دېدىم مەن، — ناھايىتى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، — كۆپ ساندىكى كىشىلەرنى ئالساق، ئۇلار ئاپتوموبىلنى بەك چوڭ كۆرىدۇ، كىچىككىنە يېرى جىجىلىپ كەتسە ئىچى ئېچىشىدۇ؛ بىر بېنزىن قاچىلىۋالسا قانچە ئىنگلىز مىلى يول يۈرىدىغانلىقى ھەققىدە كاپشىيدۇ؛ يېپيېڭى ماشىنىسى بولسا، ئۇنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ يېڭىغا ئالماشتۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشۈشىدۇ. ئاپتوموبىل دېگەن نېمىلەر بىلەن زادىلا خوشۇم يوق. ئات ئالسام ئالىمەنكى، ماشىنا دېگەنلەرگە ئازراقمۇ ھەۋەس قىلمايمەن. ئات دېگەن ھايۋان. تەڭرىم، ئات دېگەنگە سىز ھېچبولمىغاندا... سىزنىڭ نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلگەن

بولسام كاشكى ، — دېدى سارى ، — سىز ھېلى ئۇنى دەيسىز ، ھېلى . . .
— شۇ تاپتا مەن نيۇ ـ يورك دېگەن مۇشۇ جايدا ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ، پۈتۈنلەي سىزنىلا دەپ تۇرۇۋا- تىمەن ، بۇنى بىلىۋاتامسىز ؟ — دېدىم مەن ، — ئەگەر سىز بولمىغان بولسىڭىز مەن نەلەردە يۈرەتتىمكىنتاڭ ، ھېچ بىلمىدىم . بەلكىم ئورمانلىقتا ياكى قانداقتۇر بىر نەس باسقۇر جايدا تۇراتتىم . ھازىر بۇ يەردە تۇرۇۋشۇم- نىڭ ئۆزى تامامەن سىز ئۈچۈن .
— سىز ئاجايىپ ياخشى جۇمۇ ؟ — دېدى ئۇ . مەلۇمكى ، ئۇ گەپنىڭ باشقا تېمىغا بۇرۇلۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى .
— ۋاقتىڭىز چىقسا سىز ياخشىسى ئوغۇللار مەكتېپىگە بېرىپ ئوقۇپ بېقىڭ . بىر سىناپ كۆرۈڭ ، — دېدىم مەن ، — ئۇنىڭ ئىچىدىكىلەر پۈتۈنلەي ساختى- پەز . قىلىدىغان ئىشىڭىز كەلگۈسىدە قوتۇر كادىلاك سې- تىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئوقۇش ، بىلىم ئېلىش ، ئەلاچى بولۇپ كۆزگە كۆرۈنۈش ؛ زەيتۇن توپ مۇسا- بىقىسىدە يېڭىلىپ قالسىڭىز پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە يۈرۈشىڭىز كېرەك . ئەتىدىن كەچكىچە قىزلار ، ھاراق ، جىنسىيەت ھەققىدە سۆزلەشتىن باشقا ئىشنى قىلمايسىز . يەنە تېخى ھەممىلا ئادەم رەسۋە كىچىك گۇرۇھلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . ۋاسكېتبولچىلار بىر گۇرۇھ ، كاتولىك دىنىدىكىلەر بىر گۇرۇھ ، كىتاب مەستانىلىرى بىر گۇ- رۇھ ، قارت خۇمارلار بىر گۇرۇھ بولۇشۇۋالغان . ھەتتا قانداقتۇر بىر كىتاب ئوقۇش جەمئىيىتىگە قاتناشقانلارمۇ بىر گۇرۇھ . ئەگەر ئەقىللىقراق بولسىڭىز . . .
— ھەي ، گېپىمنى ئاڭلاڭ ، نۇرغۇنلىغان ئوغۇل باللار مەكتەپتە ناھايىتى جىق نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋا- لىدۇ ، — دېدى سارى .
— بۇنىڭغا قوشۇلىمەن ! بەزىلەرنىڭ ناھايىتى

جىق نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالىدىغانلىقىغا قوشۇلىمەن ! لېكىن مەن مەكتەپتە بايا دېگەنلەرنىلا ئۆگەندىم ، چۈشەندىڭىزمۇ ؟ دېمەكچى بولغىنىم ، ئاناڭنى ، مانا مۇشۇ . مەن هېچ نەرسە ئۆگىنەلمىدىم . مەن ئوقۇيدىغان ياخشى ماتېرىيال ئەمەس ، بىر تال چىرىگەن ياغاچ ئىكەنمەن .

— شۇنداقلىقىڭىزدا گەپ يوق .

توساتتىن مۇنداق بىر ئىش كاللامغا كەلدى .

— قاراڭ ، مۇنداق بىر چارە كاللامغا كېلىپ قالدى ، — دېدىم مەن ، — گىرىنۋىچ يېزىسىدا بىر تونۇشۇم بار . ئۇ بۇرۇن مەن بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇغان ، ماڭا ئون دوللار قەرزدار . ئۇنىڭ ماشىنىسىنى ئارىيەت ئېلىپ بىر - ئىككى هەپتە ئىشلەتسەك بولىدۇ . بىز ئەتىلا ئۇنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ماسسا چۇسېتتىس ۋە ۋېرمونتقا بېرىپ ئويناپ كېلەيلى ، ئۇ يەرلەرنىڭ مەنزىرىسى ئاجايىپ ياخشى . يالغىنى يوق ، — مەن هاياجانلىنىپ ئىختىيارسىز سارىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدىم . مەن هەقىقەتەن ئۇچىغا چىققان دۆت ئىشەك ، — چاقچاق ئەمەس . بانكىدا 180 دوللار پۇلۇم بار . ئەتە ئەتىگەندە بانكا ئېچىلغان هامان پۇلنى ئېلىپ ، هېلىقى كاساپەتنىڭ قېشىغا بېرىپ ماشىنا ئارىيەت ئالايلى . چاقچاق قىلغىنىم ئەمەس ، بىز پۇلىمىز تۈگىگىچە ئورمانلىقتىكى كەپىدە تۇرساق بولىۋېرىدۇ . پۇلىمىز تۈگىگەندە ، بىرەر خىزمەت تاپساق ، ئېرىق بويىدا بىر جاي تېپىپ تۇرساق بولىدۇ . مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن توي قىلىۋالىمىز . قىش كۈنلىرى چىقىپ ئوۋ ئوۋلايمىز . ياھەزرەت ، تۇرمۇشىمىز نەقەدەر كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ — هە ! قانداق دەيسىز ، قېنى دەڭ ، سىزنىڭچە بۇ ئويۇم قانداق ؟ مەن بىلەن بىللە بېرىشنى خالامسىز ؟ خوش بوپكېتەي ، گەپ قىلىڭ .

— بۇنداق ئىشلارنى قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ ؟ — دېدى سارى . تەلەپپۇزىدىن قورسىقى تازا

كۆپكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— نېمىشقا بولمايدۇ؟ ئاناڭنى، بولمايدىغان نېمىسى بار؟

— خۇش بولاي، ماڭا بۇنداق ۋارقىرىماڭ، — دېدى ئۇ. ئۇ قارىسىغا بىلجىرلاۋاتاتتى. چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ۋارقىرىمىغانىدىم.

— ئېيتىڭا، نېمىشقا بولمايدىكەن؟ زادى نېمىشقا؟

— سىزگە بولمايدۇ، گەپ شۇ. بىرىنچىدىن، ئىككىلىمىز تېخى بالا. ئىككىنچىدىن، ئۆيلەپ باقتىڭىزمۇ، ناۋادا پۇلنى خەجلەپ بولسىڭىز، خىزمەتمۇ تاپالمىسىڭىز، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسىز؟ ئىككىمىز ئاچتىن ئۆلىمىز. بۇ بولمىغۇر خام خىيال. ئازراقمۇ...

— ئازراقمۇ خام خىيال ئەمەس. غەم قىلماڭ، مەن خىزمەت تاپالايمەن. بۇنىڭدىن زادىلا غەم قىلماڭ. نېمە بولدى، مەن بىلەن بىرىشنى خالىمايۋاتامسىز، قانداق، خالىمايدىغان بولسىڭىز ئوچۇقىنى دەۋېرىڭ.

— گەپ خالاش ـ خالىماسلىقتا ئەمەس. پۈتۈنلەي بۇنىڭدا ئەمەس، — دېدى سارى، ئۇنىڭغا سەل ئاچچىقىم كەلدى، — بۇنداق ئىشلارنى قىلىشىمىزغا ۋاقىت دېگەن جىق. دېمەكچى بولغىنىم، سىز ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرگەن، ئىككىمىز توي قىلىش نىيىتىگە كەلگەن چاغدا بارىدىغان ياخشى جايلار ناھايىتى كۆپ. سىز تېخى...

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، بارىدىغان ئۇنچە كۆپ ياخشى جايلار نەدە تۇرۇپتۇ دەيسىز. ئۇ چاغقا كەلگەندە ئەھۋال ھازىرقىغا پەقەتلا ئوخشىمايدۇ، — دېدىم مەن. روھىم چۈشۈپ يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەكلا بولۇپ قالدىم.

— نېمە؟ — دېدى ئۇ، — گېپىڭىزنى ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم. بىر بولسا ماڭا ۋارقىرايسىز، بىر بولسا...

— مەن، ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرگەندىن كېيىن ھېچقانداق ياخشى جايغا بارالمايمەن، دەۋاتىمەن. قۇلىقىڭىزنى دىڭ قىلىپ ئاڭلاڭ. ئۇ چاغدا ئەھۋال پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. بىزگە چامادانلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ لىفت بىلەن بىنادىن چۈشۈشكە، ھەربىر ئادەمگە تېلېفون بېرىپ خوشلىشىشقا، ياكى مېھمانخانىلاردىن ئاتكرىتكىلارنى ئەۋەتىشكە توغرا كېلىدۇ. بىز بېرىپ ئىشخانىلاردا ئولتۇرىمىز، جىق پۇل تاپىمىز. تاكسى ياكى مادىزون كوچىسىدىكى ئاپتوبۇسلارغا ئولتۇرۇپ ئىشقا بارىمىز، گېزىت كۆرىمىز، كۆندە قارت ئوينايمىز. كىنوخانىلارغا بېرىپ نۇرغۇن بىمەنە قىسقا فىلىم، ئېلان، خەۋەر فىلىملىرىنى كۆرىمىز. پەرۋەردىگار، خەۋەرلەرنى كۆرىمىز. ئۇنىڭدا ئات بەيگىسى، بىرەر خانىم، خانقىزنىڭ سۇغا چۈشۈرۈلىدىغان كېمىگە سوۋغات بەرگەنلىكى، قارا ئورانگوتاننىڭ ئىشتان كىيىپ ۋېلىسىپىت مىنىپ يۈرگىنى ۋەھاكازالار بولىدۇ. دېمەك، ئۇ چاغدا ئەھۋال تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. سىز دېگەنلىرىمنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيۋاتىسىز.

— بەلكىم چۈشەنمىگەندىمەن! بەلكىم ئۆزىڭىزمۇ چۈشەنمەيۋاتقانسىز، — دېدى سارى، شۇ تاپتا ئىككىمىز ئەشەددىي رەقىبلەرگە ئايلانغانىدۇق، ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىقچە سۆزلىشىمەن دېيىشىنىڭ ئۆزى ۋاقىت ئىسراپ قىلغانلىق بولىدىغانلىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى قىلغىنىمغا قاتتىق ئۆكۈندۈم.

— ھەي، يۈرۈڭ كېتەيلى، — دېدىم، سىزگە راستىمنى ئېيتسام، سىز ئادەمنى بەكمۇ بىزار قىلىدىكەنسىز.

ھەي، بۇ گېپىم ئۇنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا بەكمۇ قاتتىق تەگدى. ماڭا مەلۇم. بۇنداق دېمەسلىكىم كېرەك ئىدى. ئادەتتىكى چاغ بولغان بولسا بۇنداق گەپنى

ھەرگىز قىلمىغان بولار ئىدىم. چۈنكى ئادەتتە قىزلارغا بۇنداق قاتتىق گەپلەرنى قىلمايتتىم. ئەمما ئۇ چاغدا ئۇ ھەقىقەتەن جىنىمغا بەك تەگدى. ھەي، شۇنىڭ بىلەن بالا تاشتى. مەن يېلىنىپ ــ يالۋۇرۇپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدىم. لېكىن ئۇ قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى، ھەتتا يىغلاپ كەتتى. قورقۇپ كەتتىم، ئۇ بېرىپ ئاتا ــ ئانىسىغا مېنى تىللىدى دەپ چېقىپ قويارمىكىن دەپ قورقتۇم. دادىسى گەپنى ئاز قىلىدىغان لاتا غىلاپ بىر ئادەم، لېكىن مېنى ئانچە ياقتۇرمايدۇ. ئۇ سارىغا مېنى بولمايدىغان، يامان بالا دېگەنىكەن.

ــ سىزنى ئالدىغىنىم ئەمەس. مېنى ئەپۇ قىلىڭ، ــ دېدىم مەن ئۇنىڭغا توختىماستىن.

ــ مېنى ئەپۇ قىلىڭ، مېنى ئەپۇ قىلىڭ! تازا كۈلكىلىك گەپ بولدى، ــ دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ. ئۇنىڭغا بۇ گەپنى قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم.

ــ ھەي، سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي، سىزنى ئالدىمايمەن.

ــ رەھمەت سىزگە، ئۆزۈم كېتەلەيمەن. مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇشىڭىزغا ئۇنايدۇ، دېگەن بولسىڭىز، ئەقلىڭىزدىن ئېزىپسىز. مەن ئەقلىمگە كېلىپ مۇشۇنچىلىك بولغىنىچە، ھېچقانداق بىر ئەر كىشى ماڭا بۇنداق قوپال گەپ قىلمىغان.

ئوبدان ئويلاپ كۆرسىڭىز، جىمى ئىشنىڭ تولىمۇ كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. شۇڭا مەن ئۇشتۇمتۇت قىلمايدىغان ئىشتىن بىرنى قىلىپ ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم. دېمەكچى بولغىنىم مەن بەئەينى ساراڭدەك كۈلدۈم. شۇنىڭ بىلەن سارىنىڭ تېخىمۇ ئەرۋاھى ئۇچتى.

كېيىن مەن توختىماستىن كەچۈرۈم سورىدىم. لېكىن ئۇ گېپىمگە قۇلاق سالماي، نېرى كېتىڭ، مېنى پاراكەندە قىلماڭ دەۋەردى. مەن نائىلاج ئۇنىڭ دېگە-

نىنى قىلىپ ، ئۆزۈمنىڭ ئايىغى ۋە باشقا نەرسىلىرىمنى ئاچىقتىم – دە ، ئۇنى يالغۇز تاشلاپ كەتتىم . ئەسلى بۇنداق قىلمىسام بولاتتى . لېكىن ئۇ چاغدا ھەممىلا ئىش جېنىمغا بەكلا تەگكەنىدى .

راست گەپ قىلىشىمنى تەلەپ قىلىسىڭىز ، سىزگە ئېيتاي ، مەن ھەتتا ئۇنىڭغا نېمىشقا ئۇنداق قىلغانلىقىمنى زادىلا ئۇقالمىدىم . دېمەكچى ، ماسسا چۇسېتتىس ۋە ۋېرمونتقا بارىمىز دېگەن گەپنى قىلمىسام بوپتىكەن . ئەگەر ئۇ ماقۇل دېگەن بولسىمۇ ، ئۇنى ئاپارماسلىقىم مۇمكىن ئىدى . چۈنكى ئۇ ئۇ يەرگە ئاپىرىشقا لايىق ئەمەس ئىدى . قورقۇنچلۇقى شۇ يەردىكى ، مەن ئۇنى ئېلىپ باراي دېگەندە ، دەرۋەقە ئويلىغىنىم شۇ ئىدى . قەسەم ئىچىپ بېرىمەنكى ، مەن راستلا ساراڭ بولغانىدىم .

# 18

مۇز تېيىلىش مەيدانىدىن چىقتىم . قورسىقىم ئاچقاندەك قىلدى . بىر قەھۋەخانىغا كىرىپ قايماقلىق بولكا بىلەن بۇغداي جەۋھىرى ئىچتىم . ئاندىن تېلېفون بوتكىسىغا كىردىم . جېنىغا تېلېفون بېرىپ ، ئۇنىڭ ئۆيگە قايتقان – قايتمىغانلىقىنى سوراپ باقماقچى ، ئەگەر ئۆيدە بولسا چىقىپ بىللە تانسا ئويناشقا تەكلىپ قىلماقچى بولدۇم . چۈنكى ، پۈتۈن ئاخشام قىلىدىغان ئىشىم يوق ئىدى . يەنە بىر جەھەتتىن ، ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە ۋاقىت بىللە ئولتۇرغان بولسامۇ ، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر قېتىممۇ تانسا ئويناپ باقمىغانىدىم . ئەكسىچە ئۇنىڭ تانسا ئوينىغانلىقىنى ، تانسىنى ناھايىتى ئوبدان ئويناىدىغانلىقىنى بىر قېتىم كۆرگەنىدىم . ئۇ چاغدا كۇلۇبتا 4 – ئىيۇلنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن تانسا ئۆتكۈزۈلگەنىدى . ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن ئانچە تونۇشۇپ

كەتمىگەچكە، تەرەببالла ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن خى-
جىل بولغانىدىم. ئۇنى جىيت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدى-
غان يارپىلك دېگەن قورقۇنچلۇق بىرى تانىسىغا تارتتى.
مەن ئۇنى ئانچە چۈشەنمەيتتىم. لېكىن ئۇ كۈن بويى سۇ
ئۈزۈش كۆلچىكىدىن چىقمايتتى. ئۇ مەڭگۈلۈك مارك-
لىق ئاق تەنتەربىيە ئىشتىنىنى كىيىپ ناھايىتى ئېگىز
تاختىدىن سۇغا سەكرەيتتى. دائىم بىر خىل قىياپەتتە،
بىر خىل شەكىلدە سەكرەيتتى. ئۇ شۇ بىر خىل سەك-
رەشنىلا بىلەتتى، لېكىن ئۆزىنى بەك قالتىس چاغلايت-
تى. ھە، شۇ كۈنى ئاشۇ مۇناپىق جېنىنى بىرگە ئەكەپتۇ.
مەن بۇنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم. چۈشىنىشكە ھەم ئا-
مالسىز ئىدىم. جېنى بىلەن ئوبدان چىقىشىپ قالغاندىن
كېيىن ئۇنىڭدىن سىز نېمىشقا ياپىكتەك ئۆزىنى كۆرسى-
تىشكە ئامراق ھارامزادە بىلەن ئارىلىشىپ يۈرىسىز، دەپ
سورىدىم. جېنى ئۇ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق ئەمەس،
ئۇنىڭدا تېخى ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى بار، دېدى.
چىرايىدىن ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىيدىغانلىقى چىقىپ
تۇراتتى. جېنى ھارامزادىلىك قىلىشنى ئۇقمايتتى. ئۇنىڭ
راستىلا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىيتتى. قىزلارنىڭ مۇشۇنداق
يەرلىرى قىزىقتە. ئاشۇنداق ھارامزادىگە — ئۆزىنى
بەكمۇ كەمسىتىدىغان ياكى بەكمۇ ھاكاۋۇر — ئۇچراپ
قالغاندا، قىزلارغا ئۇنىڭ گېپىنى قىلسىڭىز، قىزلار ئۇ-
نىڭدا ئۆزىنى پەس كۆرۈش، كەمسىتىش تۇيغۇسى بار،
دەپ تۇرۇۋالىدۇ. بەلكىم شۇنداقتۇر، لېكىن مېنىڭچە
بولغاندا، بۇ ئۇنىڭ ئۇنداق ھارامزادە ئەمەسلىكىگە ئا-
ساس بولالمايدۇ. سىز ئۇ قىزلارنىڭ نېمە ئويلايدىغانلى-
قىنى زادىلا بىلەلمەيسىز. بىر قېتىم مەن روبىنتاۋاسىل
بىلەن بىر ياتاقتا ياتىدىغان قىزنى بوببېر روبىنسون
دېگەن دوستۇم بىلەن ئۇچرىشىدىغانغا تونۇشتۇرۇپ
قويدۇم. بۇببېردا راستىلا ئۆزىنى پەس كۆرۈش تۇي-
غۇسى بار ئىدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سەھرا مىجەزى،

قوپال سۆزلىرىدىن نومۇس قىلاتتى، ئانچە بايمۇ ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇ بىر نان قېپى ھارامزادە ئەمەس، ناھايىتى ئوبدان بالا ئىدى. لېكىن روبىتا بىلەن بىر ياتاقتا ياتىدىغان قىز ئۇنى پەقەت ياقتۇرماپتۇ. ئۇ گەپ ئارىسىدا تاسادىپىلا ئۆزىنىڭ مۇنازىرە جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغانىكەن، قىز روبىتاغا ئۇ يىگىت بەك ھاكاۋۇر كەن، دەپتۇ. ئاشۇنچىلىك ئەرزىمەس ئىشقا ئۇنى ھاكاۋۇر كەن دەپ ئويلاپتۇ. گەپ شۇ يەردىكى قىزلار ئۆزىگە ياققانلىكى يىگىتلەرنى ھەرقانچە چۈپەي ھاراملىق بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئۆزىني كەمسىتىش تۇيغۇسى بار دەۋالىدىكەن. ئۆزى ياقتۇرمىغان يىگىتلەرنى بولسا، ئۇ ھەرقانچە ياخشى، ئۆزىنى بەكمۇ تۆۋەن چاغلايدىغان يىگىت بولسىمۇ ھاكاۋۇر كەن دەيدىكەن. خېلى ئەقىللىق قىزلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمايدىكەن.

شۇنداق قىلىپ جېنىغا تېلېفون بەردىم. لېكىن ھېچكىم ئالمىدى. تېلېفوننى قويۇپ خاتىرەمنى ئالدىم — دە، ئاناڭنى، بۈگۈن كەچ تاپالايدىغان بىرى چىقامدۇ، يوق دەپ ئادرېسلارغا قاراپ چىقتىم. گەپ شۇ يەردىكى، خاتىرەمدە جېن، ئېلىكتون مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچۇم ئاندورىن ئەپەندى، دادامنىڭ ئىشخانىسىنىڭ تېلېفون نومۇرى بولۇپ ئۈچلا ئادەمنىڭ ئالاقىلىشىش نومۇرى بار ئىكەن. مەن كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ ئادرېسىنى يېزىۋالىمەن دەپ دائىم ئۇنتۇپ قالاتتىم. ئاخىر كارل لۇسقا تېلېفون بەردىم ئۇ خوئوتىن ئوتتۇرا مەكتىپىنى مەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن پۈتتۈرگەنىدى. ئۇ مەندىن ئۈچ ياشتەك چوڭ ئىدى، ئۇنى ئانچە ياقتۇرمايتتىم. لېكىن ئاجايىپ ئەقىللىق ئىدى — پۈتۈن خوئوتىن ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئەقلىي بۆلۈنمە نومۇرى ئەڭ يۇقىرى ئىدى. شۇڭا ئۇ مەن بىلەن كەچلىك تاماقنى سىرتتا يەپ، مەنىلىك پاراڭلارنى قىلىشقا

ئۇناپ قالار دەپ ئويلىدىم . چۈنكى ئۇ بەزى چاغلاردا ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى ئويغىتىشقا بەك ئۇستا ئىدى . ئۇ ھازىر كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتاتتى ، لېكىن 65 – كوچىدا تۇراتتى . مەن شۇ تاپتا ئۇ ئۆيدە بولۇشى مۇمكىن ، دەپ ئويلاپ تېلېفون بەردىم . ئۇ سەن بىلەن تاماقتا بىللە بولالمايمەن ، لېكىن سائەت ئونلاردا 54 – كوچىدىكى ۋىگ مەيخانىسىدا مېنى ساقلىغىن ، بىللە ئازراق ئىچىشەيلى ، دېدى . ئويلايمەنكى، مەن ئۇنى يو- غان قۇيرۇق ساختىپەز ، دەپ تىللىغانىدىم . شۇنىڭغا تېلېفون بەرگىنىمگە بەكمۇ ھەيران بولدى .

سائەت ئونغا تېخى خېلى ۋاقىت بار ئىدى . شۇڭا رادىئو شەھىرىگە بېرىپ كىنو كۆردۈم . بۇ مەن قىلالاي- دىغان ئەڭ يامان ئىش ئىدى . سەۋەب ، ئۇ بۇ جايغا يېقىن ئىدى . شۇنىڭدەك قىلىدىغان باشقىراق ئىشمۇ خىيالىمغا كەلمىدى .

كىنوخانىغا كىرسەم ، ئىچمىنى پۇشۇرۇپ سەھ- نىدە ئويۇن قويۇلۇۋاتقانىكەن . روكىت ئاچا – سىڭىللار بىر قاتار بولۇپ ، بىر – بىرىنىڭ بېلىنى تۇتۇپ جىنىنىڭ بارىچە سەكرەۋاتاتتى . تاماشىبىنلار ئەسەبىيلەرچە چاۋاك چېلىشىۋاتاتتى . كەينىمدە ئولتۇرغان بىرى خو- تۇنىغا ھەدەپ : « بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز ، بۇ دې- گەن نەپىسلىك » دەيتتى . تېلىقىپ كەتكۈدەك كۈلۈۋې- تىشكە تاس قالدىم . ئۇلاردىن كېيىن سەھنىگە قۇيرۇقى يوق فراك ۋە تۆت چاقى بار كانكى كىيگەن بىرى چى- قىپ ئويۇن كۆرسەتتى . ئۇ شىرە ئاستىدىن غىر – غىر ئۆتۈپ ، قىزىق ، قىزىق گەپلەرنى قىلاتتى . ئۇنىڭ شىرە ئاستىدىن ئۆتۈشى بەكمۇ قىزىقارلىق بولدى ، لېكىن كاللامغا بۇ ئويۇننى سەھنىدە قويۇش ئۈچۈن ئۇ قانچى- لىك جاپالىق مەشىق قىلغاندۇ ، دېگەن ئوي كىرىۋال- غاچقا ، ئويۇندىن دېگەندەك ھۇزۇر ئالالمىدىم . مېنىڭچە بۇنداق قىلىش تازىمۇ ئەخمەقلىق ئىدى . ئويلايمەنكى ،

شۇ چاغدا كەيپىياتىم ھەقىقەتەن ئوبدان ئەمەس ئىدى.
ئۇنىڭدىن كېيىن رادىئو شەھىرىنىڭ ھەر يىللىق مىلاد
بايرىمى نومۇرلىرى قويۇلدى. بارلىق پەرىزاتلار لوۋا ۋە
باشقا جايلاردىن كىرىپ تۇتۇپ توپ ـ توپ بولۇپ
چىقىپ كەلدى ۋە «مۇرتلار، ھەممىڭلار كېلىڭلار!»
دېگەن ناخشىنى ئېيتىشتى. ئالامەت ھەيۋەتلىك بولدى.
بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ساداقەتمەنلىكنى ئىپادىلەش
بولسا كېرەك. ماڭا بۇنىڭ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك كۆرۈ-
نۈش بولىدىغانلىقى مەلۇم. لېكىن مەن بۇنىڭدىكى
ساداقەتمەنلىك ۋە ھەيۋەتلىكلىكنى دېگەندەك كۆرەلمە-
دىم. ياھەزرەت. مۇشۇنچە جىق ئارتىسنى كىرىپ كۆ-
تۈرۈپ سەھنىدە چۆگىلىتىپ يۈرۈشمۇ ئىشمۇ؟ ئۇلار
ئويۇننى تۈگىتىپ لوژىلىرىدىن قايتا چىققاندا، ئۇلارنىڭ
تاماكا چېكىشكە نەقەدەر ئالدىراپ كېتىشۋاتقانلىقىنى
كۆرۈۋالالايسىز. بۇلتۇر مەن بۇنى سارى خايىس بىلەن
بىللە كۆرگەن. ئۇ بەك ياخشىكەن، كىيىملىرى ئاجا-
يىپ چىرايلىقكەن دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ
كەتكەنىدى. مەن ئەگەر بۇلارنى، بولۇپمۇ ھەرەڭ ـ
سەرەڭ كىيىملەرنى خرىستوس كۆرسە چوقۇم كۆڭلى
ئاينىپ قۇسۇۋېتەتتى، دېدىم. سارى مېنى خۇداغا ھۆر-
مەتسىزلىك قىلىدىغان ئاتېئىزىمچى، دېدى. بەلكىم
شۇنداقتىمەن. خرىستوس ئېھتىمال ھەممىدىن بەك ئور-
كېستىردىكى مىس دۇمباقنى چالىدىغان ھېلىقى كاسا-
پەتنى ياخشى كۆرىدىغاندۇ. ئۇ مەن ئۆمرۈمدە كۆرگەن
ئەڭ ئۇستا دۇمباقچى. پۈتكۈل ئويۇن جەريانىدا ئۇ ئاران
بىر ـ ئىككى قېتىم دۇمباق چالىدۇ. لېكىن باشقا ۋاقىتتا
زېرىككەنلىكىنى پەقەت چاندۇرماي تۇرىدۇ. ئۆزىگە
نۆۋەت كەلگەندە بولسا شۇنداق قاملاشتۇرۇپ، يېقىملىق
چالىدۇ. چىرايى جىددىي تۈس ئالىدۇ. بىر قېتىم بىز
دادام بىلەن ۋاشىنگتونغا بارغاندا، ئايرى تېخى ئۇنىڭغا
بىر ئاتكىرىتكا ئەۋەتكەن. لېكىن باغلىشىمەنكى ئۇ ھا-

زىرغىچە بۇ ئاتكرىتكىنى تاپشۇرۇپ ئالمىدى . چۈنكى ئۇ
چاغدا بىز تېخى ئادرېس يېزىشنى بىلمەيتتۇق .
مىلاد بايرىمىلىق ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن ،
ئاناڭنى ، كىنو باشلاندى . ئۇ كىنو يامان ئەمەس ئىـ
كەن ، قىزىقىپ كۆرۈپلا كەتتىم . ۋەقەلىكى بىر ئىنگـ
لىزنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئىكەن . ئىلىك ئىسىملىك بىر
ئىنگلىز ئۇرۇشقا قاتنىشىدىكەن ، دوختۇرخانىدا خاتىـ
رىسىنى يوقىتىدىكەن . دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن
ھاسا تاياق بىلەن لوندون كوچىلىرىدا دىڭگوسلاپ مېـ
ڭىپ يۈرىدىكەن ، ئاناڭنى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ، ھەتتا
گرېتسوگلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن . كېيىن ئاپتوبۇسقا چىـ
قىۋېتىپ ئاجايىپ مېھرى ئىسسىق ، مۇلايىم ، سەمىمىي
بىر قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىكەن . قىزنىڭ شىلەـ
پىسى شامالدا ئۇچۇپ كېتىدىكەن ، ئۇ ئېلىپ قىزغا بېـ
رىدىكەن ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن ئاپتوبۇسنىڭ
ئۈستۈنكى قەۋىتىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ ؛ چارلىز دىككـ
ىنس ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالىدىكەن . ئىككىلىسى بۇ
يازغۇچىنى ياخشى كۆرىدىكەن . يىگىتنىڭ قولىدا
« ئولىۋىر تۋىست » ناملىق كىتابى بارئىكەن ، قىزدىمۇ
بىرى بارئىكەن . بۇ ھالەتتىن قۇسقۇم كەلدى ، ھە ،
شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار بىر كۆرۈشۈپلا بىر ـ بىرىگە ئاـ
شىق بولۇپ قالىدىكەن . چۈنكى ئىككىلىسى چارلىز
دىككىنس مەستانىسى ئىكەن . قىز نەشرىيات سودىگىرى
ئىكەن ، يىگىت ئۇنىڭ كىتاب چىقىرىشىغا ياردەملىشىـ
دىكەن . قىزنىڭ هاراقكەش بىر ئاكىسى بار ئىكەن ، ئۇ
قىزنىڭ تاپقان پۇلىنى ئىچىپ تۈگەتكەچكە ، قىزنىڭ
ئىشى روناق تاپمايدىكەن . يىگىت قىزنىڭ ئاكىسىنىڭ بۇ
ئىشىغا قاتتىق ئاچچىقى كېلىدىكەن . قىزنىڭ ئاكىسى
ئۇرۇش ۋاقتىدا ھەربىي دوختۇر ئىكەن ، لېكىن ئۇرۇشتا
نېرۋىسى سىلكىنىشتىن بۇزۇلغانلىقتىن ئوپېراتسىيە
قىلالماس بولۇپ قالغان ، شۇ سەۋەبلىك هاراققا بېرىلىپ

كەتكەنىكەن . لېكىن كىشىلەر بىلەن بەك چىقىشقاق ،
قىزىقچى ئىكەن . كېيىن ئىلىك بىر كىتاب يازىدىكەن ،
قىز ئۇنى نەشر قىلىدىكەن ، ئىككىلىسى خېلى كۆپ پۇل
تاپىدىكەن . ئۇلار توي قىلماقچى بولۇۋاتقاندا ، تۇيۇقسىز
ماشا ئىسىملىك بىر قىز پەيدا بوپقالىدىكەن . ئۇ ئىلىك-
نىڭ خاتىرىسىنى يوقىتىشتىن بۇرۇنقى لايىقى ئىكەن .
قىز ئىلىكنى كىتاب دۇكىنىدا كىتابىغا ئىمزا قويۇۋاتقان
چاغدا كۆرۈپ قېلىپ تونۇۋالىدىكەن . ئۇنىڭغا سىز
ئىلگىرى گىرىپتوگ ئىدىڭىز ، دېسە ، يىگىت پەقەت ئى-
شەنمەيدىكەن . قىز بىلەن بىللە بېرىپ ئاتا ـ ئانىسى بى-
لەن كۆرۈشكىلىمۇ ئۇنىمايدىكەن . ئانىسى ئوغلىنىڭ
دەردىدە شەپەرەڭگە ئوخشاشلا قارىغۇ بولۇپ قالغانى-
كەن . ئەمما يەنە بىر قىز ، ھېلىقى مېھرى ئىسسىق ،
مۇلايىم ئىنتايىن ئالىيجاناب قىز ئۇنى ئۆيگە بېرىشقا دە-
ۋەت قىلىدىكەن . ئۆيگە بارسا دانىيېنىڭ نەسلىلىك ئىتى
ئۇنىڭغا ئەركىلەيدىكەن ، ئانىسى ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى
سىيلاپ تونۇيدىكەن ، كىچىك ۋاقتىدىكى ئويۇنچۇق
ئېيىقنى كۆرسىتىدىكەن . ئەمما ئۇ بۇلارنىڭ بىرىنىمۇ
خاتىرىسىگە ئالالمايدىكەن . كېيىن بىر كۈنى چۆپلۈكتە
بىرمۇنچە باللار توپ ئويناۋاتقاندا ، بىر توپ بېشىغا تې-
گىش بىلەن تەڭ ، ئۇشتۇمتۇت خاتىرىسى ئەسلىگە كې-
لىدىكەن . ئۆيگە كىرىپ ئاپىسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيى-
دىكەن . بۇرۇنقىدەكلا گىرىپتوگ بولىدىكەن ، نەشرىيات
سودىسى قىلىدىغان ھېلىقى مۇلايىم قىزنى ئۇنتۇپلا كې-
تىدىكەن . بۇ ۋەقەلىكنى ئاخىرىغىچە ئېيتىپ بەرگۈم بار
ئىدى . لېكىن ئۇنداق قىلسام راستىلا قۇسۇۋېتىدىغاندەك
تۇرىمەن . تەگرىم ، بۇنىڭدىكى سەۋەب ، سىزگە ئۇ ۋە-
قەلىكنى بولمىغانلا بىر نېمە قىلىپ دەپ بېرىپ قالارمەن-
مىكىن دېگەنلىك ئەمەس . چۈنكى ۋەقەلىك ئاخىرى
ئۇنداق قاملاشمىغانمۇ ئەمەس . ھە ، ئىشقىلىپ ، ئىلىك
ھېلىقى مېھرى ئىسسىق قىز بىلەن توي قىلىدۇ ، ئارقى-

دىن قىزنىڭ ئاكىسىنىڭمۇ نېرۋا كېسىلى ساقىيىدۇ ، ئە-
لىكىنىڭ ئاپىسىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئۇنىڭ كۆزىگە
قايتا يورۇقلۇق ئاتا قىلىدۇ . ئارقىدىن قىزنىڭ هاراقكەش
ئاكىسى بىلەن ماشا بىر ئائىلە قۇرىدۇ . ئويۇن ئاخىرى-
سىدا ھەممەيلەن ئۇزۇن تاماق شىرەسىدە ئولتۇرىدۇ .
دانىيىنىڭ نەسىللىك ئىتى بىر خاۋازىنى ئەگەشتۇرۇپ
كىرىدۇ ، ئۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۇلۇپ كې-
تىدۇ . بەلكىم كۆپچىلىك ئۇ ئىتنى ئەركەك دەپ قالغان
بولۇشى مۇمكىن . لېكىن مېنىڭچە شۇنىڭغا ئوخشاپراق
كېتىدىغان بىرنېمە . مېنىڭ دەپ قويىدىغىنىم ، ئەگەر
سىز ئۇچەي — باغرىڭىز چۇۋۇلۇپ چىقىپ كەتكۇدەك
قۇسۇۋەتمەي دېسىڭىز ، ياخشىسى كىنو كۆرمەڭ .
يېنىمدا ئولتۇرغان بىر خانىم كىنو باشلانغاندا
يىغلىغىلى تۇرۇۋىدى ، ئادەم ئالدايدىغان يالغان ھەربىر
كۆرۈنۇش چىققاندا مىشىلداپ يىغلاۋېرىپ ئىلگىرى —
كېيىن جېنىمغا تەگدى . بەلكىم سىز ئۇنى بەك باغرى
يۇمشاق خانىمكەن دېيىشىڭىز مۇمكىن . لېكىن ئۇ يېنىمدا
ئولتۇرغاچ ئېنىق كۆردۇمكى ئۇنىڭ باغرى ئۇنداق يۇم-
شاق ئەمەسكەن . ئۇ بىر كىچىك بالىنى ئەكىرگەن ئە-
كەن . بالا كىنو كۆرمەي ھاجەتخانىغا بارىمەن دەپ
غەلۋە قىلدى . لېكىن ئۇ خانىم غەلۋە قىلماي جىم ئول-
تۇر ، دەپ بالىنى جىملەپلا ئولتۇردى . كۆردىڭىزمۇ ، ئۇ-
نىڭ يۇرىكى بۆرىنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن . چاقچاق
قىلغىنىم ئەمەس ، كىنودىكى يالغان نېمىلەرگە يىغلاپ
كۆزىنى ئاۋارە قىلغانلارنىڭ كۆپى پەس ، ئىپلاس مەخ-
لۇقلار .

كىنو كۆرۈپ بولۇپ ، كارل لۇس بىلەن ئۇچ-
رىششقا ۋەدىلىشىپ قويغان ۋىگ مەيخانىسىغا قاراپ
ماڭدىم . يولدا كېتىۋېتىپ ئۇرۇش ھەققىدە خىيال
سۇردۇم . ئۇرۇش فىلىملىرى مېنىڭ خىيالىمنى قوچۇ-
ۋەتتى . ئەگەر مېنى ھەربىيلىككە چاقىرىپ قالسا ، ھەر-

بىي تۇرمۇشقا چىدىيالمايدىغاندەك ھېس قىلىمەن. راستلا چىدىمايمەن. ئەگەر ئۇلار سىزنى ئۆلۈمگىلا ئەۋەتسە، ئۇ يامان ئىشمۇ ئەمەس. گەپ شۇ يەردىكى، ھەربىي بولسىڭىز، ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇپ كېتىدىغان ئىش. مانا بۇ ئەڭ چوڭ مەسىلە. ئاكام D • B ھەربىيلىكتە تۆت يىل تۇردى، ئۇرۇشقىمۇ قاتناشتى — ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشتى. لېكىن ماڭا ئۇ ھەربىيلىكتە ئۇرۇشتىن بەكرەك ئۆچ بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ. بۇنداق بولۇشى، ئۇ چاغدا مەن بەكلا كىچىك ئىدىم. ئۇ ھەرقېتىم دەم ئېلىشقا كەلسە، ھېچ ياققا بارماي يېتىپلا كۈن ئۆتكۈزەتتى. ھەتتا مېھمانخانىغا كىرىپمۇ باقمايتتى. كېيىن ئۇ چەت ئەللەرگە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. لېكىن يارىدار بولمىدى، ئادەممۇ ئۆلتۈرمىدى. سەۋەب، ئۇ بىر قوماندانلىق ماشىنىسىنى ھەيدەپ بىر پادىچى گېنېرال بىلەن كۈن بويى چېپىپلا يۈرۈپتۇ. ئايرى ئىككىمىزگە دېيىشىچە، ئۇ ئەگەر ئۈنى مىلتىقنى ئادەمگە قارىتىپ ئات دېسە قانداق قارىغا ئېلىپ، قەيەرگە ئېتىشنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇ تۇرغان قىسىمنى ناتسىستلار ئارمىيىسىگە ئوخشاش دېيىشكىمۇ بولىدىكەن. چۈنكى ھەربىيلەرنىڭ ھەممىسىلا ناھايىتى ئەسكى نېمىلەركەن. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر قېتىم ئايرى ئۈنىڭدىن ئۇرۇشقا قاتنىشىپ بىرەر پايدا كۆردىڭىزمۇ، يوق، سىز بىر يازغۇچى ئۇرۇش سىزنى نۇرغۇن ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ، دېدى. ئۇ ئايرىغا ھېلىقى قورغان توپ پەلىيىنى ئاچقىتۇردى، ئاندىن ئايرىدىن ئۇرۇش تېمىسىدا يازغان شائىرلاردىن كىم ئەڭ ياخشى ؟ رۇپات بورگىكمۇ ياكى ئېمىلى دېگىسمۇ دەپ سورىدى. شېئىر ئوقۇش بىلەن خوشۇم بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم. لېكىن بىر نەرسىنى ئېنىق چۈشىنىۋالدىم. ئەگەر مەن ئەسكەر بولۇپ قالسام، ئاركۇرايىت، سترادلېتا ۋە مائورىسقا ئوخشاش نېمىلەر

بىلەن كۆن بويى بىللە بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە ھەربىي يۈرۈشلەرنى قىلىدىكەنمەن. ئۇنداقتا مەن سارالڭ بوپقالمامدىمەن. مەن باللار قوشۇنىدا بىر ھەپتە تۇرغىنىمدا، ئالدىمدىكى باللارنىڭ گەدىنىگە قاراپمۇ قويمىغانىدىم. لېكىن ئۇلار بىزدىن شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. لېكىن مەن بۇ ئىشقا پەقەت تاقەت قىلالمايتتىم. شۇڭا مەن ئەگەر يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش بوپقالغۇدەك بولسا، ئۇلار مېنى جىنايى ئىشلار ئەترىتىدىكىلەر ئالدىغا ئاچىقىپ ئېتىپلىۋەتسۇن. ھەرگىز قارشىلىق قىلمايمەن، دەپ قەسەم ئىچكەنىدىم. D • B نى تازا چۈشىنەلمىدىم. ئۇ ئۇرۇشقا شۇنداق ئۆچ تۇرۇپ بۇ يىل يازدا ماڭا «ئەلۋىدا قورال»[1] دېگەن كىتابنى ئوقۇغىن، ئۇ ناھايىتى ئېسىل كىتاب، دېدى. ئۇنىڭ شۇ ئىشىنى پەقەتلا چۈشەنمىدىم. بەلكىم بۇ روماندىكى ئىككىنچى لېيتېنانت خېنرى دېگىنى بەك بەلەن ئادەم بولسا كېرەك. D • B نى چۈشەنمەسلىكىمدىكى سەۋەب شۇكى، بىرىنچىدىن ئۇ ئارمىيە ۋە ئۇرۇشقا شۇنچىلىك ئۆچ، ئىككىنچىدىن ئۇ مۇشۇنداق بىر ساختىپەز گۇينى ياخشى كۆرىدۇ. دېمەكچىمەنكى، ئالايلۇق، مەن ئۇنىڭ قانداق بولۇپ مۇشۇنداق قۇرۇق گەپ بىلەن تولغان كىتابنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنە لىن رادنانىڭ ئەسەرلىرىنى، ياكى ئەڭ ئامراق رومانى «ئۇلۇغ گېتسبى»نى[2] ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېچ چۈشەنمەيمەن. شۇنداق دېسەم D • B رەنجىپ، تېخى كىچىكسەن، بۇنداق كىتابلاردىن بەھر ئېلىشنى بىلمەيسەن دېدى. ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلماي، مەن لىن رادنانىڭ ئەسەرلىرى ۋە «ئۇلۇغ گېتسبى» دەك رومانلارنى ياخشى كۆرىمەن، دېدىم. ھەقىقەتەن شۇنداق. مەن «ئۇلۇغ گېتسبى»نى بەكمۇ ياقتۇرىمەن. گېتسبى ئاجايىپ قالتىس گۇي. ئۇنى بەك، بەك ياخشى

---

① ئامېرىكا يازغۇچىسى ھېمىڭۋاينىڭ رومانى.

② ئامېرىكا يازغۇچىسى فېزگۇرادنىڭ رومانى.

كۆرىمەن . ھە ، قانداقلا بولمىسۇن ، بىزنىڭ ئاتوم بومبىسى كەشىپ قىلغىنىمىزدىن تولىمۇ خۇشال . ئەگەر يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش بولۇپ قالسا ، ئاناڭنى ، مەن شۇ ئاتوم بومبىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرسام دەيمەن . بۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىمەن . خۇدا ھەققى قەسەم ئىچىمەنكى ، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن .

## 19

نيۇ ــ يوركتا تۇرمىغاندىكىن بىلمەيسىز ، مەن دەپ بېرەي . ۋېگ مەيخانىسى سارتىن مېھمانخانىسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانا ئىچىدە . ئىلگىرى ئۇ يەرگە دائىم باراتتىم . بۇ ئادىتىمنى ئاستا ــ ئاستا ئۆزگەرتىپ ، ھازىر بارماس بولدۇم . ئۇ ناھايىتى ھەشەمەتلىك سورۇن ، ساختىپەز بايۋەچچىلەر ، سۆلەتۋازلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە قاينايدۇ . ئۇلار ياللىۋالغان تىنا ، جېنىنى دېگەن ئىككى فرانسۇز قىز ھەركۈنى ئاخشىمى ئۈچ قېتىم رويال چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ . يەنى ، ئۇلارنىڭ بىرى رويال چالىدۇ ـــ شۇنچىلىك رەسۋا چالىدۇ ـــ يەنە بىرى ناخشا ئېيتىدۇ ، ئېيتىدىغىنى بىر بولسا فرانسىيە ناخشىلىرى ، بىر بولسا ناھايىتى بىھايا ناخشىلار . جېنىنى دېگىنى ناخشا ئېيتىشتىن ئىلگىرى مىكروفوننى تۇتۇۋېلىپ زىل ئاۋازدا : « بىز ھازىر ، فرانسىيىلىك بىر قىز نيۇ ــ يوركتەك چوڭ بىر شەھەرگە كېلىپ بروكلىندىن كەلگەن بىر يىگىتكە كۆيۈپ قالىدۇ . سىلەرنىڭ بۇ ناخشىنى ياقتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز » دەيدۇ . ئاندىن بۇ ناخشىنى فرانسۇزچە ئارىلاشقان ئىنگلىزچە ئېيتىدۇ . ئاڭلىغۇچىلار قاتتىق ھاياجانلىنىپ تەلۋىلىشىپ كېتىدۇ . ئەگەر سىز ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ ، بۇ تەلۋىلەشكەن ياشلارنىڭ چاۋاكلىرى ، چۇقانلىرىنىلا ئاڭلايدىغان بولسىڭىز دۇنيادىكى ئادەم-

لەردىن نەپرەتلىنىپ كېتىسىز . چوقۇم شۇنداق بولى-
سىز . مەيخانا خوجايىنىمۇ ئىنتايىن پەسكەش نېمە . كى-
شىلەرگە بايلىق ۋە مەرتىۋىسىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ .
خېلى ــ خېلى ئادەمنىمۇ نەزەر كۆزىگە ئېلىپ قويمايدۇ .
ناۋادا سىز زەردار باي ياكى مەشھۇر زات ياكى شۇنىڭغا
ئوخشاپراق كېتىدىغان ئادەم بولسىڭىز ئۇ باشقا گەپ .
ئەگەر سىز راستىنلا ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرەرسى
بوپقالسىڭىز ، ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ غىجىقىڭىز كېلىپ
كېتىدۇ . يەنى ئۇ چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ كېلىپ
سىزگە گەپ قىلىدۇ . ئۆزىنى گويا ھەممىلا ئادەم ھە-
ۋەس قىلىدىغان كاتتا ئەربابتەك تۇتىدۇ . « ھوي ،
كوندىگىنىڭ ئەھۋالى قانداق ؟ » ياكى « ھوي ، فلورىدا
ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ » دەيدۇ . قارىسىغا سۆزلەۋاتقىنىم
يوق ، ئۇ ھەقىقەتەن بەك قورقۇنچلۇق باي . شۇڭا باشتا
ئاز بارىدىغان ، كېيىن پەقەتلا بارمايدىغان بولغانمەن .

خېلى بالدۇرلا باردىم . ئادەم بەك جىق ئىدى .
لۇس كەلگىچە سۇدا سۈيى قوشۇلغان ۋىسكى ئىچىپ
تۇراي ، دەپ پۇكەي يېنىدىلا ئولتۇردۇم . ھاراق بۇيرۇ-
غاندا ، ئۇلار مېنى تېخى يېتىلمىگەن بالا دەپ قالمىسۇن ،
بوي بەستىمنىڭ قانچىلىك ئېگىزلىكىنى بىر كۆرۈپ
قويسۇن ، دەپ ئالاھىتەن ئورنۇمدىن تۇردۇم . ئاندىن
شۆھرەتپەرەس قىز ــ يىگىتلەرنى كۆزەتتىم . يېنىمدا
تۇرغان بىر كاساپەت بىر قىزنى شېرىن ــ شېكەر سۆزلەر
بىلەن راسا ئالدىدى ، شىشىدەك سۈزۈك ، جانان چىنى-
دەك نازۇك قوللىرىڭىز ئاقسۆڭەكلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ ،
دېگەندى ، كۈلۈۋەتكىلى تاسلا قالدىم . پۇكەينىڭ ئۇ
تەرىپىدە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش جىنسى-
لىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغان غەيرىي نورمال كىشى-
لەر ئىدى . بىر قاراشقا ئۇنداقلارغا ئانچە ئوخشاپ كەت-
مەيتتى . دېمەكچى ، چاچلىرى بەك ئۆسكىلەك ئەمەس ،
باشقىچە سىياقتىمۇ كۆرۈنمەيتتى ــــ ئەمما ئۇلارنىڭ

شۇنداقلىقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالالايسىز . لوس ئاخىر كەلدى .

ئۇ قالتىس كاساپەت . خوئوتىن ئوتتۇرا مەكتە‑پىدە ئوقۇۋاتقىنىمدا ئۇ ماڭا يېتەكچى بولۇشقا لايىق بولسىمۇ ، لېكىن بىرلا ئىشنى قىلدى . يەنى ئەل ئايىغى جىمىققاندا ئۆيىگە بىر توپ ئادەمنى يىغىۋېلىپ جىنسى‑يەت ھەققىدە گەپ ساتتى . ئۇ جىنسىيەت ، بولۇپمۇ غەيرىي جىنس جەھەتتىكى غەيرىي نورماللىقلارنى خې‑لىلا تەتقىق قىلغانىدى . بىز گە دائىم قورقۇنچلۇق بەزى ھارامزادىلەرنىڭ قانداق ئەسكىلىكلەرنى قىلىدىغانلىقى‑نى ، ئوخشاش جىنسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغان ئەر ــ ئاياللار توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى . ئامېرىكى‑دىكى بۇ خىلدىكى ئەر ــ ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈ‑دەك بىلەتتى . شۇڭا بىرەر ئادەمنى تىلغا ئالسىڭىز ــــ كىملا بولسا بولىۋېرىدۇ ــــ لوس سىزگە ئۇنىڭ ئوخ‑شاش جىنسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغانلاردىن ئە‑كەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ بېرەتتى . ھەتتا بەزى ئەر ــ ئايال كىنو چولپانلىرىنىمۇ شۇلار قاتارىغا كىرگۈزەتتى . ئۇنىڭ گەپلىرىگە تازا ئىشەنگۈڭىز كەل‑مەيتتى . چۈنكى ئۇ شۇنداقلاردىن دېگەن بىر قىسىم كىشىلەر توي قىلىپ بالىلىق بولدى . ياھەزرەت ، سىز ئۇنىڭدىن « ئېيتقىنا ، جوئې برو ئوخشاش جىنسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشەمدۇ ؟ ھېلىقى جوئې برونى دەي‑مەن » دەپ سورىسىڭىز ، ئۇ دەرھاللا : « ئەلــۋەتتــە » دەيــدۇ . ئــۇ « ئەلۋەتتە » دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ . ئۇ ، بۇ ئىشتا توي قىلغان ــ قىلمىغان بولۇشنىڭ كارايىتى چاغلىق . دۇنيادىكى توي قىلغان ئەرلەرنىڭ يېرىمى ئوخشاش جىنسلىقلار بىلەن مۇھەب‑بەتلىشىدۇ ، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى بىلمەيدۇ ، دەيدۇ . يەنە تېخى ، سىزدە بۇنىڭ ئازراقلا ئىپادىسى بولسا ، بىر كې‑چىدىلا شۇنداقلارغا ئايلىنىپ قالىسىز ، دەيتتى . شۇنىڭ

بىلەن بىز قاچانلاردا بىر كېچىنىڭ ئىچىدە ئوخشاش جىنىسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغانلارغا ئايلىنىپ قالارمىز دەپ قورقۇپ دەككە ــ دۈككىدە يۈرەتتۇق. لوسنى تىلغا ئالساق، ئۇنىڭ بىر ئىشى غەلىتە تۇيۇلۇپ، ئۇنى ئوخشاش جىنىسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغانلاردىنمىكىن، دەپ گۇمان قىلاتتىم. ئۇ دائىم: «بۇ ئىشنى سەن ئەمەلىيەتتە قىلىپ كۆرسەڭ بولىدۇ» دەيتتى، كارىدوردا كېتىۋاتقىنىڭىزدا كەينىڭىزدىن كېلىپ قاتتىق غىدىقلايتتى... مانا بۇلار ئوخشاش جىنىسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغانلارنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى. بۇنىسى راست. مەكتىپىمىزدىكى مەن تونۇيدىغان مۇشۇنداق ئىشنى قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق ئىللەت بار ئىدى. شۇڭا مەندە ئىختىيارسىز شۇنداق گۇمان تۇغۇلدى. بىراق ئۇ ئاجايىپ ئەقىللىق، ئادەمگەرچىلىكى بار. بۇنىسىمۇ ھەقىقەت.

ئۇ سىز بىلەن كۆرۈشۈپ قالسا زادىلا سالام ــ سائەت قىلمايدۇ. ئۇ كەلدى ــ دە، ئولتۇرا ــ ئولتۇرمايلا، قىز دوستۇم بىلەن ئۇچرىشىشقا كېلىشىپ قويغان، شۇڭا سەن بىلەن ئازراقلا ۋاقىت بىللە بولالايمەن، دېدى. ئاندىن تاتلىق قىلماي مارتىن ئەبجەش ھارىقى كەلتۈرۈشنى ئېيتتى. خوجايىنغا ئازراقمۇ تاتلىق بولمىسۇن، زەيتۇنمۇ بولمىسۇن دەپ تاپىلاپ قويدى.

ــ ھەي، مەن ساڭا ئوخشاش جىنىسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغانلاردىن بىرنى تېپىپ قويدۇم، ــ دېدىم ئۇنىڭغا، ــ پوكەينىڭ ئاۋۇ تەرىپىدە ئولتۇرىدۇ. ھازىرچە قارىماي تۇر، ئوبدان پەيزى قىلىۋېلىشىڭغا ئالاھىتەن قالدۇرىمەن.

ــ قىزىق گەپ بولدى، ــ دېدى ئۇ، ــ كاۋلفيېلد، سەن قاچانمۇ چوڭ بولارسەن؟

ئۇنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا راست تەگكەنىدىم. راستلا شۇنداق بولدى. بىراق بۇنىڭدىن چەكسىز خۇ-

شال بولدۇم. ئۇنىڭدەك ئادەملەر كۆڭلۈمنى بەك خۇشال قىلىدۇ.

— جىنسىي تۇرمۇشۇڭ قانداقراق؟ — ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلارغا قاتتىق ئۆچلۈكىنى بىلىپ تۇرسامۇ، بىلمەسكە سېلىپ سورىدىم.

— ئالدىرىما، — دېدى ئۇ، — تەگرىم، سەن ئورۇندۇققا يۆلىنىپ ئازراق دېمىڭنى ئېلىۋال.

— مەن ئىچىپ بولدۇم. كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قانداق؟ ياخشى كۆرەمسەن؟

— ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن. ياخشى كۆرمىسەم ئۇنىڭغا كىرمىگەن بولاتتىم، — دېدى ئۇ. بەزىدە ئادەمنىڭ جېنىغا بەك تېگەتتى.

— نىمىنى ئۆگىنىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدىم، — جىنسىي غەيرىي نورماللىقنىمۇ؟ — مەن ئۇنى قەستەن تېرىكتۈرۈۋاتاتتىم.

— بۇ نېمىگە ھېساب، قىزىقچىلىقىمۇ؟

— سەن بىلەن ئوينىشىۋاتىمەن، — دېدىم مەن، — ئاڭلاپ تۇر، ھەي، لوس، سەن بەك ئەقىللىق، مەن سېنىڭ نەسىھىتىڭگە موھتاج ھازىر مەن ئىنتايىن قورقۇنچلۇق...

ئۇ ماڭا قاراپ ئىڭراپ قويۇپ دېدى:

— گېپىمنى ئاڭلا، كاۋلفيېلد، ئەگەر بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئىچكەچ ئوبدان پاراڭلاشقۇڭ...

— ماقۇل، ماقۇل! — دېدىم مەن، — ئالدىرىما. ئۇنىڭ مەن بىلەن ھەرقانداق بىر جىددىي مەسىلە ئۈستىدە پاراڭلاشقۇسى يوق ئىدى. ئاقىللارنىڭ ئەيىبى شۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ پاراڭلاشقۇسى كېپقالمىسا، ئادەم بىلەن جىددىي مەسىلىلەر ئۈستىدە زادىلا پاراڭلاشمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكى ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەشتىم، — چاقچاق قىلغىنىم يوق، جىنسىي تۇرمۇشۇڭ قانداقراق؟ ھېلىمۇ ئوتىن ئوتتۇرا مەكتەپتە

ئوقۇغان چېغىمىزدىكى قىز بىلەن يۈرۈۋاتامسەن ، ھېلىقى بەكمۇ سۆيۈملۈك . . .

— تەگرىم ، ئۇ ئەمەس ، — دېدى ئۇ .

— نېمە ، ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولدىمۇ ؟

— پەقەتلا بىلمەيمەن . سوراپ قالدىڭ ، مېنىڭچە ئۇ ھازىر يېگى خامپىشىردا پاھىشە بولدىغۇ ، دەيمەن .

— بۇ گېپىڭ بولمىدى . ئىلگىرى ئۇ سەن بىلەن ئوبدان ئۆتكەن ، دائىم سىنىڭ كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىپ ، دېگەن يېرىڭدىن چىققان بولغاندىكىن ، ھېچبولمىغاندا ئۇنى بۇنداق ئاتىماسلىقىڭ كېرەك .

— ئەستاغپۇرۇللا ! — دېدى لوس ، — ئەجەبا ، بۇ ئۆلچەملىك كاۋلفىيىلدچە سۆزلىششمۇ ؟ بەكمۇ بىلگىم كېلىۋاتىتىدۇ .

— ئۇنداق ئەمەس ، — دېدىم مەن ، — لېكىن بۇ گېپىڭ تازا قاملاشمىدى . ئىلگىرى ئۇ سەن بىلەن ياخشى ئۆتكەن ، دائىم :

— ئەجەبا ، مەن مۇشۇ قورقۇنچلۇق تېما ئۈستىدىلا سۆزلىشىم شەرتمۇ ؟

ئەمدى ئاغزىمنى يىغمىسام ، ئۇ تۇرۇۋېلا مېنى تاشلاپ كېتىپ قالمىسۇن دەپ ئويلاپ ئۇنۇمنى ئۆچۈردۈم ، باشقا گەپمۇ قىلمىدىم . يەنە بىر رومكا ھاراق ئالدىم . ئىچىپ راسا كەيپ بولغۇم كەلدى .

— ھازىر سەن كىم بىلەن تۇرۇۋاتىسەن ، ئېيىتىپ بەرگۈڭ بارمۇ ؟ — دەپ سورىدىم .

— سەن تونۇمايسەن .

— شۇنداقتىمۇ ، ئۇ كىم زادى ؟ بەلكىم مەن تونۇشۇم مۇمكىن .

— بىلمىسەم بولمايدۇ ، دەپ تۇرۇۋالساڭ ، دەي ، گرىنۋىچتا تۇرىدىغان بىر ھەيكەلتىراش قىز بىلەن تۇرۇۋاتىمەن .

— راستمۇ ، چاقچاق قىلمايۋاتقانسەن ـ ھە ؟ ئۇ

نەچچە ياشتا.

— توۋا، ئۇنىڭدىن سوراپمۇ باقمىدىم.

— تەخمىنەن قانچە ياشتا بار؟

— مېنىڭچە قىرىق ياشلارغا كىرىپ قالغاندۇ، — دېدى لوس.

— قىرىق ياشلاردا بار دەمسەن؟ — دەپ سورىدىم، — شۇنداق چوڭ ئاياللىنى ياخشى كۆرەمسەن؟ بۇنى سورىشىمدىكى سەۋەب، مەن تونۇيدىغانلار ئىچىدە جىنسىيەت جەھەتتە ھەقىقىي بىلىمى بارلار كۆپ ئەمەس، لېكىن ئۇ بۇ جەھەتتە بەك بىلىملىك، تەجرىبىلىك ئىدى. بۇنداق بولۇشى، ئون تۆت يېشىدا نانتاكىتتىكى چاغدىلا، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بۇ يالغان ئەمەس.

— مەن يېتىلگەن ئاياللارنى ياخشى كۆرىمەن، ئەگەر سەن گەپنى مۇشۇ مەنىدە سورىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە.

— ياخشى كۆرىمەن دەمسەن؟ نېمىشقا، چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسەن؟ ئۇلار جىنسىي جەھەتتە بەكرەك ياخشىمىكەن؟

— ئاڭلاپ تۇر، گەپنى بىز ئوچۇق قىلىشايلى. بۈگۈن سېنىڭ ئۆلچەملىك كاۋلىغېپىلدچە سوئاللىرىڭغا جاۋاب قايتۇرۇشنى رەت قىلىمەن. ئاناڭنى گۇي، سەن قاچان ئادەم بولىسەن؟

يەنە بىر دەم گەپ قىلمىدىم، گېپىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى. لوس يەنە بىر رومكا مارتىن ھارىقى ئەكەلدۈردى ۋە خوجايىنغا ئۇنىڭ تاتلىق بولماسلىقىنى ئېيتتى.

— گېپىمنى ئاڭلا، سەن ھېلىقى ھەيكەلتىراشلىقنى بىلىدىغان قىز بىلەن بىللە بولغىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟ - مەن بۇ ئىشقا راستىلا قىزىقتىم، — ئۇنى خوئوتىندىكى ۋاقتىڭدىلا تونامتىڭ؟

— تونۇمايتتىم. ئۇنىڭ دۆلىتىمىزگە كەلگىنىگە

ئارانلا بىر قانچە ئاي بولدى.

— شۇنداقمۇ؟ قەيەردىن كەلدى.

— شاڭخەيدىن كەلدىغۇ دەيمەن.

— پەرۋەردىگارىم، ئۇ جۇڭگولۇقمۇ، چاقچاق قىلمىغىنا!

— راست شۇنداق.

— چاقچاق قىلما! سەن جۇڭگولۇق بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭمۇ؟

— ئەلۋەتتە:

— نېمىشقا؟ بۇنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ. راستلا بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ.

— سوراپ قالغىنىڭ ئۇچۇن دەي، شەرق پەلسەپىسىنىڭ غەرب پەلسەپىسىدىن بەكرەك قائىدىلىك ئىكەنلىكىنى تاسادىپىي بايقاپ قالدىم.

— راست دەۋاتامسەن؟ «پەلسەپە» دېدىڭمۇ؟ سەن بۇ جىنسىيەت مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، جۇڭگولۇقلار بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ياخشى دېمەكچىمۇ-سەن؟ دېمەكچى بولغىنىڭ شۇمۇ؟

— ئەستاغپۇرۇللا، جۇڭگو بولۇشىمۇ ناتايىن. بايا مەن شەرق دېدىم. بىز مۇشۇ بىمەنە گەپلەرنى قىلىشمىساق زادى بولمامدۇ؟

— گېپىمگە قۇلاق سال سەن بىلەن رەسمىي گەپنى قىلىشىۋاتىمەن، — دېدىم مەن، — چاقچاق قىلغىنىم يوق. نېمىشقا شەرقنىڭ بەكرەك ياخشى دەيسەن؟

— سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا. ۋاي خۇدايىم، دېدى لوس، — ئۇلار جىنسىي مۇناسىۋەتنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى قوش مۇناسىۋەت دەپ قارايدۇ.

— مەنمۇ شۇ! مەنمۇ ئۇنى — نېمە دېدىڭا — جىسمانىي ۋە روھىي مۇناسىۋەت دەپ قارايمەن. قارىشىم ھەقىقەتەن شۇنداق. ھالقىلىق مەسىلە مەن بىلەن قانداق

بىر ئادەمنىڭ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىدە. ئەگەر مەن بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدىغىنى ھېلىقىدەك مەن ھەتتا...

— كاۋلفىيېلد، خۇدا ھەققى گەپنى بوشراق قىل. ئاۋازىڭنى پەسرەك قىلمايدىغان بولساڭ، ئۇ ھالدا بىز ھازىرلا...

— ماقۇل. ئەمما گېپىمنى ئاڭلا، — دېدىم مەن. سۆزلەۋېتىپ ھاياجانلىنىپ كەتسەم، ئاۋازىم چىڭقىپ كېتەتتى. بەزىدە بەك خۇشال بوپكەتسەم ئاۋازىم كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى، — مەن مۇنداق دېمەكچى، ماڭا مەلۇم، ئۇنداق مۇناسىۋەت جىسمانىي ۋە روھىي مۇناسىۋەت بولۇشى، شۇنداقلا سەنئەتلىك بولۇشى كېرەك. مەن دەيمەنكى، لېكىن سەن ھەممىلا ئادەم بىلەن ئۇنداق قىلالمايسەن. سەن قۇچاقلاپ، سۆيۈپ يۈرگەن قىزلارنىڭ ھەممىسى بىلەن بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ. توغرىمۇ؟

— بۇ گەپنى قىلىشمايلى، — دېدى ئۇ، — كۆڭلۈڭگە ئالماسسەن؟

— بوپتۇ، قىلىشمايلى. لېكىن، گېپىمنى ئاڭلا، سەن بىلەن ھېلىقى جۇڭگولۇق ئايالنى ئالايلى، ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىقى قەيەردە؟

— بايا ئېيتتىمغۇ، بۇ گەپنى قىلىشمايلى.

مەن چۈشەندىم. مېنىڭ سورىغانلىرىم خۇسۇسىي مەخپىيەتلىككە ياتىدىغان ئىشلار ئىدى. لېكىن لوس مۇشۇ جەھەتتە مېنى رەنجىتىپ قويدى. خوئوتىندىكى چاغدا ئۇ سېنىڭ ئەڭ مەخپىي ئىشلىرىڭنى قويماي دېگۈزۈپ ئاڭلايتتى. لېكىن ئۆزىنىڭ شۇنداق ئىشلىرىنى سورىساڭ خاپا بولۇپ كېتەتتى.

بۇ بىر تۈركۈم ئەقىللىقلارنىڭ قىلىقى شۇ، ئەگەر ئۆزلىرى بۇيرۇق قىلىپ تۇرمىسا، سەن بىلەن مەنىلىكرەك سۆھبەتلەرنى ھەرگىز قىلىشمايتتى. ئۇلار

زۇۋانىنى يىغدىمۇ ، بولدى ، بۇ سىنىمۇ ئاغزىڭنى يۇم دېگەنلىك . ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە قايتقىنى سىزنىمۇ ئۆ-يۈڭگە قايت دېگىنى ئىدى .
مەن خوتوتېندىكى ۋاقتىمدا ، لوس ئۆزىنىڭ ئۆ-يىدە بىزگە جىنسىيەت ھەققىدە گەپ سېتىپ بولغاندىن كېيىن ، بىزنىڭ باشقىلارنىڭ ياتىقىدا باشقا پاراڭلار قى-لىپ بىردەم ئولتۇرۇشىمىزغا بەكمۇ ئۆچ ئىدى . باشقا با-لىلار بىلەن مېنىڭ پاراڭلىششىمغا ئۆچ دېمەكچىمەن .
لوس مۇشۇنىڭدەك ئىشلارنى ناھايىتى بەك يامان كۆ-رىدۇ ، ھەممىگە مەنلا باش بولسام ، مېنىڭ گېپىم تۈگى-گەندىن كېيىن ، ھەممەيلەن ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتسە ، باشقا گەپ — سۆز قىلىشمىسا ، دەيتتى . باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن داناراق پىكىرلەرنى ئېيتىشىدىن ئىنتايىن قور-قاتتى . ئۇ ھەقىقەتەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى بەك خۇش قىلاتتى .
— مېنىڭ جىنسىي تۇرمۇشۇم بەكمۇ چاتاق ، شۇڭا كېيىنچە جۇڭگوغا بېرىپ قېلىشىم مۇمكىن .
سېنىڭ كاللاڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىدى ، بۇ-نىسى تەبىئىي .
— توغرا ، بەكمۇ توغرا . بۇنى ئۆزۈممۇ بىلى-مەن ، — دېدىم مەن ، — مېنىڭ قانداق ئەيىبىم بار ، بىلەمسەن ؟ كۆڭلۈم ئانچە يوق قىز بىلەن بىللە بولۇپقال-سام ، مەندە ئۇتتەك قىزغىن جىنسىي ھەۋەس بولمايدۇ . مەن ھەقىقىي جىنسىي ھەۋەسنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىمەن ، ئالدى بىلەن ئۇ قىزنى ياخشى كۆرۈشۈم كېرەك دەۋاتى-مەن . ئۇنى ياخشى كۆرمىسەم ، مەندە ئۇنىڭغاقارىتا يال-قۇنلۇق ھېسسىيات ۋە تەسەببىي قىزغىنلىق ئازراقمۇ بول-مايدۇ . ھەي ، مېنىڭ جىنسىي تۇرمۇشۇم ھەقىقەتەن بەك چاتاق .
— تەگرىم ، بۇ ئىنتايىن تەبىئىي ئەھۋال . ئۆت-كەندە ئۇچراشقاندا ساڭا قانداق قىلىشىڭ لازىملىقىنى

ئېيتقانىدىم.

— روھىي ئانالىزچىنى تاپ دېمەكچىمۇسەن؟ — ئۆتكەندە ئۇ ماڭا شۇنداق قىلىشنى ئېيتقانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى روھىي ئانالىزچى ئىدى.

— ياپىر، بۇ پۈتۈنلەي ئۆزۈڭگە باغلىق. خۇسۇسىي تۇرمۇشۇڭنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش پەقەتلا مېنىڭ ئىشىم ئەمەس.

دەررۇ بىرنېمە دېمەي ئويلىنىپ قالدىم.

— ناۋادا داداڭنىڭ قېشىغا بېرىپ، روھىي ئانالىز ئۇسۇلى بويىچە داۋالىنىمەن دېسەم، ئۇ مېنى قانداق قىل دەر؟ ئۇ مېنى قانداق قىلار دەيمەن؟

— ئاناڭنى، ئۇ سېنى ھېچنېمە قىلمايدۇ. ئۇ پەقەت سەن بىلەن سۆزلىشىدۇ، سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىسەن. بىرلا ئىشتا ئۇ ساڭا ياردەم قىلىدۇ. يەنى ئۇ ساڭا ئۆزۈڭنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.

— مېنى نېمە دېدىڭ؟

— ئۆزۈڭنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى دېدىم. سېنىڭ پىكرىڭ — قۇلاق سال. ساڭا روھىي ئانالىز ئاساسىي دەرسى ئۆتۈۋاتمايمەن. بۇنىڭغا قىزىقساڭ تېلېفون بېرىپ دادام بىلەن ۋاقتىنى دېيىشىۋال. قىزىقمىساڭ، تېلېفون بەرمەيلا قوي. بۇنىڭدىن پەرۋايىم پەلەك. راست دەۋاتىمەن.

مەن بىر قولۇمنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدۇم. ھەي، مېنى ئەجەب خۇشال قىلىۋەتتى.

— بىلەمسەن، سەن دوستلۇققا يارايدىغان گۈي.

ئۇ قول سائىتىگە قارىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن ماڭاي، سەن بىلەن كۆرۈشكىنىمدىن خۇشالمەن، — دېدى. ئاندىن ھېساباتنى ئۆزى قىلىۋەتمەكچى بولۇپ خوجايىننى چاقىردى.

— ھەي، — دېدىم ئۇ مېڭىپ كەتكۈچە، —

داداڭ سېنى روھىي ئانالىز قىلغانمۇ ، يوق ؟
— ماڭىمۇ ؟ بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن ؟
— ھېچنېمە قىلمايمەن ، روھىي ئانالىز قىلغانمۇ ، يوق ، شۇنى دېگىنە .
— ئۇنى ئانالىز قىلدى دېگىلى بولمىسىمۇ ، ئۇ مەلۇم تەرەپلىرىمنى تۈزىتىشىمگە ياردەم قىلغان . ئەمما مېنى ئومۇميۈزلۈك ئانالىز قىلىشىنىڭ زۆرۈرۈيىتى يوق . بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن ؟
— ھېچ ئىش يوق . پەقەت يادىمغا كەپقالدى ، شۇ .
— ھەي ، بۇ ئىش ئۈچۈن باش قاتۇرما ، — دېدى ئۇ ، — ئۇ ماڭا تاپان ھەققى تاپشۇرۇشنىلا قال- دۇرۇپ كېتىشكە تەمشەلدى .
— يەنە بىر رومكىدىن ئىچەيلى ، — دېدىم مەن ، — خۇش بوپ قالاي ، بەك يالغۇزسىراپ قالدىم . چاقچاق ئەمەس .
ئۇ ئۇنداق قىلالمايمەن . بەك كېچىكىپ كەتتىم دېدى - دە ، كېتىپ قالدى .
لوس ، ئۇ ئادەمنى بەك بىزار قىلىدۇ . لېكىن گەپكە ھەقىقەتەن بەك ئۇستا ئىدى . ئۇلار بىزنى بىر قېتىم سىنىغان .

## 20

مەن ئىچىپ كەيپ بولغاچ تىنا بىلەن جېنىنىڭ ناخشا ئېيتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم . ئەمما ئۇلار يوق- كەن . دولقۇنسىمان چاچ قويغان ، سىياقى ئوخشاش جىنسىلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغاندەك تۇرىدىغان بىر ئاداش چىقىپ رويال چالدى . يېڭى كەلگەن ۋالىن- سىيە ئىسىملىك بىر قىز ناخشا ئېيتتى . ئۇ تىنا بىلەن جېنىنىدىن ئوبدانىراق ، خېلى بولىدىغان ناخشىلارنى

ئېيتتى. رويال مەن ئولتۇرغان پۇكەي يېنىدىلا بولغاچقا، ۋالىنسىيە دېگۈدەك مېنىڭ قېشىمدا تۇردى. مەن ھەدەپ ئۇنىڭغا قاش ئاتتىم. ئۇ كۆرمەسكە سېلىپ تۇرۇۋالدى. ئادەتتە بۇنداق قىلمايتتىم. لېكىن ئۇ چاغدا غەرق مەست ئىدىم. ئۇ ناخشىسىنى ئېيتىپ بولۇپلا چىقىپ كەتتى. ئۇنى مەن بىلەن بىر رومكا ئىچىشكە تەكلىپ قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم. شۇڭا كۈتكۈچىنى چاقىرىپ، بېرىپ ۋالىنسىيەدىن مەن بىلەن بىر رومكا ئىچىشنى خالامدۇ، يوق سوراپ بېقىڭ، دېدىم. ئۇ ماقۇل بولدى. لېكىن ئۇ بەلكىم خېتىم بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ قىزغا يەتكۈزۈپ بەرمەسلىكى مۇمكىن. بۇنىڭدەك نېمىلەر بىرىنىڭ گېپىنى يەنە بىرىگە ھەرگىز دەپ قويۇشمايدۇ.

مەن بۇ ئاناڭنى مەيخانىدا سائەت بىر گىچە ئولتۇردۇم. قاتتىق مەست بولۇپ، ئالدىمدىكى نەرسىلەرنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم. لېكىن بىر ئىشقا ناھايىتى دىققەت قىلدىم. يەنى مەستلىكتە ساراڭلىقىم تۇتۇپ قالمىسۇن، تېخى بالا ئىكەنلىكىم كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويمىسۇن دەپ بەكمۇ ئېھتىيات قىلدىم. لېكىن ئالدىمدىكى ھېچقانداق نەرسىنى كۆرەلمەيتتىم. مەن ھەقىقىي مەست بولغاندا، يۈرىكىمگە ئوق تېگىپ يارىلاندىم دەپ ساراڭلارچە تەسەۋۋۇر قىلىپ كېتەتتىم: مەيخانىدىكى ئادەملەر ئىچىدە مەنلا يۈرىكىمگە ئوق يېگەنىدىم. قېنىم جىق چىقىپ ھەممە يەرنى بۇلغىمىسۇن، كىشىلەر يارىدار بولغانلىقىمنى ئۇقۇپ قالمىسۇن، دەپ چاپىنىمنىڭ ئىچىگە قولۇمنى تىقىپ قورسىقىمنى مىجىپ تۇتۇۋالدىم. مەن جالاپىنىڭ بالىسى يارىدار بولغىنىمنى ھەقىقىي چاندۇرماسلىققا راسا تىرىشتىم. توساتتىن كاللامغا بىر ئوي كېلىپ جېن ئۆيگە كەلدىمۇ، يوق دەپ ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ باقماقچى بولدۇم ـ دە، ھېساباتنى قىلىۋېتىپ مەيخانىدىن چىقىپ

تېلېفون بەرگىلى ماڭدىم. يارامدىن قان ئاقمىسۇن دەپ قـولۇمنى چاپىنىم ئىچىدىن ئالماي چىڭ تۇتۇۋالدىم. ھەي. غەرق مەست بوپكەتكەنىدىم.

ئەمما تېلېفون بوتكىسىغا كىرىش بىلەنلا جىنغا تېلېفون بەرگىم كەلمىدى. ئويلايمەنكى، ھەقىقەتەن قاتتىق مەست بولۇپ كەتكەنىدىم. شۇڭا سارى خايىسقا تېلېفون بەرمەكچى بولدۇم. ھەي، كۆزۈممۇ تورلىشىپ كەتكەنىدى. نومۇرنى جىق بېسىپ ئاران توغرىسىنى تاپتىم.

— ۋەي، — بىرى تېلېفوننى ئالغاندا، شۇنداق دېدىم. ئېغىر كەيپچىلىكتە ئاۋازىممۇ ۋارقىرىغاندەك چىقتى.

— كىم ؟ — بىر خانىمنىڭ تولۇق تېزەكتەك سوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن، خولتون كاۋلفيېلد، مالال كۆرمەي سارىنى چاقىرىۋەتسىڭىز.

— سارى ئۇخلاپ قالدى. مەن سارىنىڭ مومىسى. خولتون، بۇنچە كەچتە نېمىدەپ تېلېفون ئۇرىسىز، ھازىر سائەت نەچچە بولدى بىلەمسىز ؟

— بىلىمەن، سارىغا دەيدىغان ناھايىتى مۇھىم بىر گەپ بار ئىدى. ئۇنى چاقىرىۋەتكەن بولسىڭىز.

— سارى ئۇخلاپ قالدى، يىگىت. ئەتە تېلېفون بېرىڭ، خەير — خوش.

— ئۇنى ئويغىتىڭ! ھەي، خاپا بولماي ئۇنى ئويغىتىڭ.

ئارقىدىنلا باشقا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ سارى ئىدى.

— خولتون، مەن. نېمە ئىش ؟

— سارى، سىزمۇ ؟

— شۇنداق، ۋارقىرىماڭ، مەست بوپقاپسىز — ھە ؟

— ھەئە. گېپىمنى ئاڭلاڭ. ھەي، مىلاد بايرىمى ھارپىسىدا ئۆيىڭىزگە باراي، بولامدۇ، مىلاد بايرىمىلىق دەرەخنى بېزىشىپ بېرەي. بولامدۇ ؟ ماقۇلمۇ ساری ؟

— ماقۇل. مەست بوپقاپسىز، بېرىپ ئۇخلاڭ، ھازىر قەيەردىسىز، قېشىڭىزدا كىم بار ؟

— ساری، ئۆيىڭىزگە بېرىپ مىلاد بايرىمىلىق دەرەخنى بېزىشىپ بېرەي، ماقۇلمۇ، ماقۇلمۇ دەۋاتىمەن. ھەي ؟

— ماقۇل. تېزدىن ئۇخلاڭ. سىز ھازىر قەيەردە، قېشىڭىزدا كىم بار ؟

— ھېچكىم يوق. مەن، مەن ئۆزۈم يالغۇز ! — ھەي، قاتتىق كەيپ ئىدىم، قولۇم ھېلىمۇ يۈرەكىمدە، — ئۇلار مېنى ئېتىۋەتتى. لوكىنىڭ ئادەملىرى مېنى مىلتىق بىلەن ئېتىۋەتتى. بىلەمسىز ساری ؟ بىلىۋاتامسىز — بىلمەيۋاتامسىز ؟

— گېپىڭىزنى ئېنىق ئۇقالمىدىم. بېرىپ ئۇخلاڭ، مەنمۇ ياتىمەن. ماڭا ئەتە ئەتىگەندە تېلېفون بېرىڭ.

— ھەي، ساری ! سىز مېنى مىلاد بايرىمىلىق دەرىخىڭىزنى بېزەپ بېرىشكە چاقىرامسىز، راستلا چاقىرامسىز ؟

— بولىدۇ. خەير — خوش، قايتىپ يېتىپ قېلىڭ !

ئۇ تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

— خەير — خوش، ئاپئاق ساری، يۈرىكىم، جېنىم ساری، — دېدىم. تېلېفوننى قويۇۋەتتىم. مېنىڭ نەقەدەر قاتتىق مەست بوپكەتكىنىمنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز ؟ ئويلايمەنكى، ساری بىرەرسى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆيىگە بايىلا قايتقان بولسا كېرەك. خىيالىمدا ساری لونت ئەر — ئايال، يەنە ئاندوف دېگەن كالۋا بىلەن بىللە ياندى. ھەممىسىنىڭلا مېڭىسىدە سۈيى بار. ئۇلار

تەكەللۇپ گەپلەرنى قىلىشتى، يالغاندىن بەكمۇ سۆ-
يۈملۈك قىياپەتكە كىرىۋېلىشتى. بايا ئۇنىڭغا تېلېفون
بەرمىسەم بوپتىكەن دەپ ئويلىدىم. مەست بولۇپلا قالسام
سارائنىڭ ئۆزى بولىمەن.

نەس باسقۇر تېلېفون بوتكىسىدا خېلى ئۇزاق
تۇردۇم. يىقىلىپ كەتمەي دەپ تېلېفون ئاپپاراتىغا ئېسىلىۋالدىم. راست گەپنى قىلسام، بەك بىئارام بولدۇم.
ئاخىر ئۇ يەردىن دەلدۈشلەردەك ئېگىز — پەس دەسسەپ
چىقىپ ئەرلەر ھاجەتخانىسىغا كىردىم. قول يۇيۇش
كۆلچىكىگە لىق سۇ توشقۇزۇپ، بېشىمنى سۇغا تىقتىم.
ئاندىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، بېشىمنىمۇ سۈرتۈۋەتمەستىن بىرىپ ئىسسىقلىق چىقىرىش ئەسۋابىنىڭ يېنىغا
بېرىپ ئولتۇردۇم. توڭلاپ تىترەپ كەتكەنىدىم، بۇ
يەردە شۇنداق ھۇزۇرلىنىپ كەتتىم. قىزىق ئىش.
مەست بولۇپ قالسام توڭلاپ تىترەپ كېتەتتىم.

قىلىدىغان ئىشىم بولمىغاچقا، شۇ ئولتۇرغىنىمچە
يەردىكى ئاق كاتەكچىلەرنى سانىدىم. ئاستا — ئاستا
پۈتۈن بەدىنىم ھۆل بولۇپ كەتتى. خۇددى بىرى بې-
شىمدىن چېلەكلەپ سۇ قويغاندەك، سۇ بوينۇم ۋە يا-
قامدىن ئېقىپ ئىچىمگە كىردى، لېكىن پەرۋا قىلمىدىم.
قاتتىق كەيپ بولغانلىقتىن ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلمايت-
تىم. بىردەمدىن كېيىن ۋالىنسىيەگە رويال چېلىپ
بەرگەن، سەرگەردانلاردەك ئۇزۇن چاچ قويغان، ئوخ-
شاش جىنسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغاندەك كۆ-
رۈنگە ھېلىقى ئاداش كىرىپ سېرىق چاچلىرىنى تا-
ردى. ئىككىمىز پاراڭلاشتۇق. لېكىن ئۇ بىرنېمە تۈزۈك
چىراي ئاچمىدى.

— ھەي، مەيخانىغا قايتقاندا، ۋالىنسىيەنى
كۆرەمسىز؟

— بەلكىم، — دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ. مەن
ئۇچراتقانلارنىڭ ھەممىسلا قىزىقچى، چاقچاقچى

ھارامزادىلەر ئىدى .
— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ . ئۇنىڭغا مەندىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ . ھېلىقى نەس كۆتكۈچى سالدىمىنى يەتكۈزدىمۇ ، يوق سوراپ بېقىڭ . بولامدۇ ؟
— ھوي بالا ، نېمىشقا ئۆيۈڭگە كەتمەيسەن ؟ نەچچە ياشقا كىردىڭ ؟
— 86 ياشقا كىردىم . ئاڭلىدىڭىزمۇ ، ئۇنىڭغا سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ . ماقۇلمۇ ؟
— نېمىشقا ئۆيۈڭگە كەتمەيسەن ، بالا ؟
— كەتمەيمەن . ئاناڭنى ، رويالنى ئالامەت ياخشى چالىدىكەنسىز ، — دېدىم ئۇنىڭغا ، مەن ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپلا شۇنداق دەپ قويدۇم . ئەمەلىيەتتە ئۇ بەكمۇ ناچار چالاتتى . سىزگە راست گەپنى قىلىۋاتىدىمەن ، — سىز رادىئو ئىستانسىسىغا بارسىڭىز بولغۇدەك . بەك كېلىشكەن ، چىرايلىق ئىكەنسىز . ئالتۇندەك چاچلىرىڭىزمۇ بار ئىكەن . ئارقا تىرەك بولىدىغان خوجايىن لازىممۇ ؟
— ئۆيگە كەت ، بالا . ئۆيگە قايتىپ ئوبدان ئۇخلا .
— بارىدىغان ئۆيۈم يوق . چاقچاق ئەمەس . ئارقا تىرەك بولىدىغان خوجايىن لازىممۇ سىزگە ؟
ئۇ جاۋاب بەرمىدى . چېچىنى ياخشىلاپ تاراپ چىرايلىق قىلغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى . خۇددى ستراد‌لېتاغا ئوخشاش . كېلىشكەن نېمىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق . چاچلىرىنى تاراپ بولۇپلا ، ساڭا قاراپمۇ قويماي چىقىپ كېتىشىدۇ .
مەن ئىسسىقلىق چىقىرىش ئاپپاراتى ئاستىدىن چىقىپ كىيىملىرىمنى قويغان ئۆيگە ماڭدىم ۋە نېمىشقىدۇر يىغلاپ كەتتىم . ئويلايمەنكى ، شۇچاغدا بەك غېرىبسىنغان ، مەيۈسلەنگەن بولسام كېرەك . كىيىم قويۇش ئۆيىگە بېرىپ كىيىم ئالىدىغان نەس كارتوچكىنى

تاپالماي جىق ئاۋارە بولدۇم . ئۇ يەردىكى قىز بەك بە-
لەنكەن . كۆرسەتكىنىم بويىچە پەلتويۇمنى ئېلىپ بەر-
دى . ھېلىقى پلاستىنكىنىمۇ بەرگەنىدى ، يېنىمغا سې-
لىۋالدىم . قىزنىڭ مۇلايىم ، رايىشلىقىدىن تەسىرلىنىپ
بىر دوللار بەرگەنىدىم ، قىز ئالغىلى ئۇنىمىدى . تېزرەك
ئۆيگە قايتىپ ئۇخلاڭ ، دېدى . مەن خىزمەتتىن چۈش-
كىچە ساقلاپ تۇراي ، ئاندىن بىللە چىقىپ ئويناپ كى-
رەيلى دېسەممۇ ئۇنىماي ، مەن سىزدىن كۆپ چوڭ ، ئا-
پىڭىز دېمەتلىك دېسەممۇ بولىدۇ ، دېدى . مەن قاپاقۋاش
ئاق چاچلىرىمنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ ، 22 ياشقا كىردىم
دېدىم ، ئەلۋەتتە ، ئۇنى كولدۇرلىتىپ ئوينىدىم . ئۇنىڭغا
يانچۇقۇمدىن قىزىل ئۇۋچىلار شەپكىسىنى كۆرسەتكە-
نىدىم ، ئۇنىڭغا ياقتى . ئۇ قىز ، چېچىڭىز بەك ھۆلكەن ،
شەپكىنى مەشەدىلا كىيىۋىلىڭ ، دېدى . ئۇ بەك
ئوبدانكەن .
سىرتقا چىققاندا سەل سەگەكلەشتىم . تاشقىرى
شۇنداق سوغۇقكەنكى ، چىشلىرىم كاراسلاپ بىر – بىرى
بىلەن سوقۇشقىلى تۇردى . تاكى مادىزون كوچىسىغا
بارغۇچە توختىمىدى . شۇ يەردە ئاپتوبۇس ساقلىدىم .
پۇلۇم ئاز قالغاچقا ، ئەمدى تاكسىلارغا ئازراق ئولتۇرۇپ ،
ئاياپراق خەجلىمىسەم بولمايتتى . لېكىن ئاپتوبۇسقا ئول-
تۇرۇشتىن بەك قاچاتتىم ، يەنە كېلىپ نەگە بېرىشىمنىمۇ
بىلمەيتتىم . شۇڭا مەركىزىي باغچىغا قاراپ پىيادە يۈرۈپ
كەتتىم . بەلكىم ئۇ يەردىكى كۆلگە بېرىپ ئۆردەكلەر-
نىڭ نېمىشى قىلىۋاتقانلىقى ، ئۇ يەردە بار ياكى يوقلۇقىنى
كۆرۈپ باققۇم كەلگەندۇ . باغچا يېقىن ، مېنىڭمۇ بار-
دىغان باشقا يېرىم يوق —— ھەتتا نەگە بېرىپ نەدە يې-
تىشىمنىمۇ بىلمەيمەن . مەندە ھارغىنلىق ياكى كۆزلى-
رىمدە ئۇيقۇ يوق ، پەقەت مەيۈسلۈك كۆڭلۈمنى قاراڭ-
غۇلاشتۇرۇپ تۇراتتى .
باغچىغا كىرىۋاتقان چاغدا قورقۇنچلۇق ئىش

بولدى . فۇئېيىغا ئالغان پلاستىنكا قولۇمدىن چۈشۈپ كېتىپ پارچە ــ پارچە بولۇپ كەتتى . ئىچىم شۇنچىلىك ئېچىشتىكى يىغلىۋەتكىلى تاس ــ تاس قالدىم . كېيىن پلاستىنكا پارچىلىرىنى قېپىدىن ئېلىپ پەلتويۇمنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالدىم . ئەمدى بۇنى ئىشلەتكىلى بولمىسىمۇ ، تاشلىۋېتىشكە كۆزۈم قىيمىدى . باغچىغا كىردىم . باغچا بەكمۇ قاراڭغۇ ئىدى .

ئۆمرۈم نيۇ ــ يوركتا ئۆتتى . كىچىكىمدىن تارتىپ مەركىزى باغچىدا مۇز تېيىلىپ ، ۋېلىسىپىت مىنىپ ئويناپ چوڭ بولغاچقا ، باغچىنىڭ ئوڭ ــ دۈڭگى ماڭا بەش قولدەك ئايانىدى . ئەمما ئۇ كۈنى كېچىدە ھېلىقى سۈيى تېيىز كۆلچەكنى بەك تەسلىكتە تاپتىم . كۆلنىڭ مەركىزي باغچىنىڭ جەنۇبي بېشىدا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتىم . لېكىن زادىلا تاپالمىدىم . شۇ چاغدا مەن ئويلىغىنىمدىن بەكرەك مەست ئىدىم . ئالدىمغا ماڭغانسېرى قاراڭغۇلۇق قويۇقلىشىپ تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى . ئاشۇنداق مۈدۈرۈپ چوقۇرۇپ يۈرگىنىمدە ئادەم زاتى ئۇچرىمىدى . بۇنىڭدىن خۇشال بولدۇم . چۈنكى شۇ يەرلەردە بىرەر ئادەمنى ئۇچراتسام نەچچە كۈنلۈك يەرگە قاچقان بولاتتىم . ھەرھالدا سۈيى تېيىز كۆلچەكنى تاپتىم ، بەزى يەرلىرى مۇز تۇتۇپتۇ ، بەزى يەرلىرى مۇز تۇتماپتۇ . بىراق ئۆردەكنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرمىدىم . ناۋادا مەن كۆل ئەتراپىنى پۈتۈن بىر ھەپتە ئايلانساممۇ ـــ ئەمـەلىيەتتـە كەتكىلـى تـاس قالدىم ـــ بىرتال ئۆردەكمۇ كۆرەلمىگەن بولاتتىم . كۆڭلۈمدە ، ئۆردەكلەر بار بولسىمۇ ، سۇنىڭ ئاستىدىكى ئوت ــ چۆپ ئارىسىدا ئۇخلاۋاتقان بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدىم . شۇڭا ئۆردەك كۆرىمەن دەپ كۆلگە چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدىم .

بىر ئۇزۇن ئورۇندۇق تېپىپ ئولتۇردۇم . بۇ يەر ئانچە قاراڭغۇ ئەمەس ئىدى . ئوۋچى شەپكەمنى كى-

يېۋالسامۇ، گەدىنىمدىكى چاچلىرىم مۇز بولۇپ كەتتى.
توڭغىنىمدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتىم. مەن ئۆپكە
كېسىلى بولۇپ قېلىپ ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ، دەپ ئويلاپ
ئۆزۈمدىن ئەندىشىگە چۈشتۈم. تەسەۋۋۇرلىرىم قا-
ناتلاندى: ماتەم مۇراسىمىغا نەچچە مىليون قاپاق باش
قاتناشتى. دېترويتتىن بوۋام كەلدى. ئۇنىڭ بىر ئادى-
تى، ئەگەر سىز ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ
قالسىڭىز، ئۇ ھەربىر كوچىنىڭ نومۇرىنى ئۈنلۈك ئاۋازدا
ئېيتىپ بېرەتتى؛ مېنىڭ ھاما ئاچىلىرىم — 50 چە ھاما
ئاچام بار — بارلىق تاغا ئاكىلىرىم، نەۋرە ئاكا – ئىنى-
لىرىم بولۇپ نۇرغۇن ئادەم كەلدى. ئايرى ئۆلۈپ كەت-
كەندە ئاشۇ قاپاق باش ئۇرۇق – تۇغقانلىرىمىزنىڭ ھەم-
مىسى كەلگەن. ئاغزى بەك پۇرايدىغان بىر ھاما ئاچام
تىنماي، ئۇ (ئايرى) ئۇخلاۋاتقاندەك بەخىرامان،
چىرايلىق ياتىدۇ، دەپتۇ. بۇنى ماڭا D • B دەپ بەردى.
ئۇ چاغدا مەن قولۇمنى كۆيدۈرۈۋېلىپ دوختۇرخانىدا
يېتىپ قالغان، نەق مەيداندا يوق ئىدىم. مەن ئۆزۈمچە
چاچلىرىم پۈتۈنلەي مۇز بولۇپ كەتسە، مەن چوقۇم
ئۆپكە كېسىلى بولۇپ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىمەن، دەپ
ئويلىدىم. ئاتا – ئانامنى، بولۇپمۇ ئاپامنى كۆز ئالدىمغا
كەلتۈرۈپ كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولدى. چۈنكى ئاپام
ئايرىنىڭ قايغۇسىنى تېخىچە ئۇنتۇيالمايۋاتاتتى. ئاپام-
نىڭ مېنىڭ كىيىم – كېچەكلىرىم ۋە تەنتەربىيە بۇيۇم-
لىرىمنى كۆرگەندە قانداق ھالەتكە چۈشىدىغانلىقىنى
تەسەۋۋۇر قىلدىم. بىر ياخشى يېرى ئاپام بەك كىچىك،
تېخى بالا دەپ ئويلاپ فوئېبېنى ئۆلگۈر ماتەم مۇراسى-
مىغا قاتناشتۇرمايتتى. ئاندىن شۇنچە نۇرغۇن ئادەمنىڭ
مېنى قانداق دەپنە قىلىدىغانلىقى، قەبرە تېشىغا ئىس-
مىمنى ئويغۇزىدىغانلىقى، ئۆلۈكلەر ئارىسىدا ياتىدىغان-
لىقىمنى ئويلاپ كەتتىم. ئەگەر سىز ئۆلۈپ كەتتىڭىز-
مۇ، بولدى، ئۇلار سىزنى ئوبدان دەپنە قىلىپ كۆمۈپ

قويىدۇ. مەن، ناۋادا راستىلا ئۆلۈپ كەتسەم، ئاناڭنى، ئاقىللاردىن نەچچىسى چىقىپ جەسىتىمنى دەرياغا تاشلىۋېتەمدۇ، ياكى باشقىچە بىر تەرەپ قىلامدۇ، قانداقلا قىلسا، پەقەت يەرگە كۆمۈۋەتمىسە دەپ ئارزۇ قىلدىم. كىشىلەر يەكشەنبە كۈنلىرى كەلسە قەبرە بېشىغا گۈللەرنى قويۇپ قويىدۇ. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن گۈلنى نېمە قىلىدۇ؟ بۇنداق قىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟

ھاۋا ياخشى كۈنلىرى ئاتا ــ ئانام ئايرىنىڭ تۇپراق بېشىغا بېرىپ، قەبرىسىگە گۈل قويۇپ كېلەتتى. مەن ئۇلار بىلەن ئىككى قېتىم باردىم، كېيىن بارمىدىم. چۈنكى ئۇنىڭ قەبرە ئىچىدە، ئۆلۈكلەر ئارىسىدا ياتقىنىنى كۆرۈپ يۈرىكىم بەك ئېزىلدى. قۇياش پارلىغان كۈنلىرى ئۇ يەر ھەرھالدا بولىدىكەن. لېكىن ئىككى قېتىم بىز قەبرە بېشىدا تۇرغاندا تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ كەتكەندى، قىيامەت قايىم بولدى. يامغۇر قەبرە تېشىغا، ئايرىنىڭ قورسىقى ئۈستىدىكى ئۆت ــ چۆپلەرگە تاراسلاپ چۈشتى. قەبرە يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ماشىنىلىرىغا چاپتى. مۇشۇ ئىشتىن ساراڭ بولايلا دەپ قالدىم. تۇپراق بېشىغا چىققان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇپ رادىئو ئاڭلىدى. ئاندىن تاماق يەيمىز دەپ كۆڭۈللۈك سورۇنلارغا كېتىشتى. ئايرىدىن بۆلەك ھەممىلا ئادەم شۇنداق قىلدى. بۇنىڭغا زادىلا چىدىمىدىم. قەبرىدە ئۇنىڭ تېنىلا بارلىقى، روھىنىڭ ئەرشكە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلسەممۇ زادىلا چىدىمىدىم. ئايرىنىڭ قەبرىدە ياتمىغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلدىم. ئەپسۇسكى سىز ئايرىنى تونۇمايسىز. ئەگەر تونۇغان بولسىڭىز، بۇ گەپلىرىمنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنەر ئىدىڭىز، قۇياشلىق كۈنلەر خېلى ئوبدانكەن، لېكىن قۇياشمۇ كۆڭلى تارتقان كۈنلىرى چىقىدىكەن.

ئۆپكە كېسەل دېگەندەك ئوي ــ خىياللارنى

كاللامدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن يول چىرىغى تۈۋىگە-
رەك كېلىپ پۇللىرىمنى ساناپ باقتىم. ھېچقانچە پۇلۇم
قالماپتۇ. پانسىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان بىرمۇنچە پۇلنى
خەجلەپ تۈگىتىپتىمەن. كۆلچەكنى ئايلىنىپ، سۈيى
مۇز تۇتمىغان جايىنى تاپتىم — دە، پارچە موچەن —
پۇڭچەنلەرنى كۆلچەككە تاشلىۋەتتىم. نېمىشقا بۇنداق
قىلغىنىمنى بىلمەيمەن، لېكىن شۇنداق قىلدىم. بەلكىم
شۇ چاغدا مۇشۇنداق قىلسام، ئۆپكە كېسىلى، ئۆلۈم دې-
گەنلەرنى خىيالىمغا كەلتۈرمەسمەن، دەپ ئويلىغاندى-
مەن. لېكىن نەدىمۇ بۇنداق ئوڭاي ئىش بولسۇن.

خىيالىم يەنە ئىختىيارسىز ئالىمادىس ئۆپكە كې-
سىلى بولۇپ ئۆلۈپ كەتسەم فۇئېبې قانداق قىلار دې-
گەنگە كەتتى. بۇ ئەلۋەتتە بالىلارچە خىيال، لېكىن بۇ
خىيال كاللامغا كىرىۋالدى. سىڭلىم ماڭا بەك ئامراق
ئىدى، مەن بىلەن بەك ياخشى ئۆتەتتى. بۇ راست.
شۇڭا ئەگەر مەن راستلا ئۆلۈپ كەتسەم ئۇ قاتتىق قاي-
غۇرىدۇ. ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ خىيالنى كاللامدىن چىقى-
رىۋېتەلمەي، ئاخىر ئوغرىلىقچە ئۆيگە قايتىپ ئۇنى بىر
كۆرۈۋالاي، مەندە ئاچقۇچ بولغاندىكىن ھېچكىمگە تۇي-
دۇرماي كىرىپ، فۇئېبې بىلەن بىرپەس پاراڭلى-
شىۋالاي، ناۋادا مەن راستلا ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، بۇ
كۆرۈنۈش ۋىدالىشىش بوپقالار دەپ ئويلاپ قەتئىي نى-
يەتكە كەلدىم. لېكىن غېمىم ئۆيىمىزنىڭ ئالدى ئىشكىدە
قالدى. سەۋەب بىنا بەك كونا، بىناغا قارايدىغان ئادەممۇ
ئىلگىرى — كېيىن بىر ھۇرۇن بولغاچقا، بىنانىڭ ئى-
شىكى غىچىلدايتتى، ئۆيىمىزنىڭمۇ شۇنداق ئىدى. شۇڭا
ئۆيگە كىرگۈچە ئاپام يۇيۇپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسى-
رىدىم. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن بىر سىناپ بېقىش نى-
يىتىگە كەلدىم.

# 21

ئۆمـرۈمگە كەلگەندىن بۇيان بۇگۇم بىر ئامىتىم ئوڭدىن كەلدى. ئۆيگە كەلسەم ئادەتتە لىفتقا قارايدىغان پېتىر يوق، ئۇنىڭ ئورنىدا مەن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، يېڭىدىن كەلگەن بىرى تۇراتتى. شۇڭا ئەگەر ئاتا ـ ئانامغا ئۇچراپلا قالمىسام، فوئىبىي بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن غىپلا قىلىپ چىقىپ كەتسەم، ئۆيگە كەلگىنىمنى ھېچكىم بىلەلمەيتتى. بۇ ئىشنىڭ ئاجايىپ ئوڭدىن كەلگىنى دەڭا. تېخىمۇ ئوڭ بولغىنى شۇكى، بۇ يېڭى كەلدى ئاخۇنىنىڭ ئازراق خۇمدان دەزى بار ئىدى. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا، دىكستاننىڭ ئۆيىگە چىقاتتىم، دەپ بىز بىلەن بىر قەۋەتتىكى قوشنامنىڭ نامىنى سات-تىم. گۇمان تۇغدۇرىدىغان بىرەر بەلگە بولۇپ قالمى-سۇن، دەپ ئوۋچىلار شەپكىسىنىمۇ بېشىمدىن ئېلىۋەت-كەنىدىم. مەن ناھايىتى ئالدىراش قىياپەتتە لىفتقا چىق-تىم.

ئۇ لىفت ئىشىكىنى ياپتى، مېنى ئۇستىگە ئاچىق-ماقچى بولۇپ، توساتتىن بۇرۇلدى ـ دە، ماڭا:

ــــ ئۇلار ئۆيدە يوق، 14 ـ قەۋەتتىكى تانسىغا چىقىپ كەتكەن، ــــ دېدى.

ــــ ھېچگەپ يوق، ــــ دېدىم مەن، ــــ ئۇلارنىڭ جىيەنى بولىمەن، ئۇلارنى چۈشكىچە ساقلاپ تۇرسام بولىدۇ.

ئۇ گـۇمانلىق ھەمدە ھاڭۋاقتىلارچە نەزەر بىلەن ماڭا قاراپ:

ــــ ئاغىنە، دەم ئېلىش ئۆيىدە ساقلىسىڭىز ئوبدان بولارمىكىن، ــــ دېدى.

ــــ بولىدۇ، ئۇنداق قىلسامۇ بولىدۇ، ــــ دېدىم مـەن، ــــ لېكىن پۇتۇمنىڭ ئازراق دەردى بار، مەلۇم مۇقىم ھالەتتە تۇرمىسام بولمايدۇ. ياخشىسى ئۇلارنىڭ

ئېشىكى ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ساقلاي.

ئۇ مەن ساراڭنىڭ نېمىلەرنى دەپ جۆيلىگەنلىكىمنى ئۇقالمىدى بولغاي، «ئوۋ» دەپ قويۇپ مېنى يۇقىرىغا ئاچىقىپ قويدى. بۇ ئىش بەلەن بولدى. لېكىن ئازراق كۆلكىلىكمۇ بىلىندى. سىز ئەگەر ھېچكىم ئۇقالمايدىغان گەپلەرنى قىلسىڭىز، ئۇلار سىزنىڭ سىزغان سىزنىقىڭىزدىن چىقمايدىكەن — دە، دېگىنىڭىزنى قىلىدىكەن.

مەن لىفتتىن چىقىپ ئاقسىغان ھالدا دىكستاننىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. لىفت ئىشىكى يېپىلغانلىقىنى ئاڭلاپ بۇرۇلۇپلا ئۆيىمىزگە ماڭدىم. ئىشنى تازىمۇ قاملاشتۇردۇم. مەستلىكىمدىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمىدى. ئاچقۇچنى ئېلىپ ئىشىكنى غىچىلداتماي پەم بىلەن ئېچىپ ئىنتايىن پەخەسلىك بىلەن ئۆيگە كىردىم — دە، ئىشىكنى ياپتىم. مەن بەك، بەك ئېھتىيات قىلمىسام بولمايتتى.

كارىدور ئاجايىپ قاراڭغۇ ئىدى، تەبىئىيكى، چىراغ ياقسا بولمايتتى، بىرەر نېمىگە ئۇرۇلۇپ ئاۋاز چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن بەكمۇ ئېھتىيات قىلدىم. مەن ھەقىقەتەن ئۆز ئۆيۈمگە كەلگەنىدىم. چۈنكى ئۆيىمىزدە باشقا ھېچ يەردە يوق بىر خىل پۇراق بار ئىدى. نېمىنىڭ پۇرىقى ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بۇ گۈل ياكى ئەتىرنىڭ پۇرىقى بولمىسىمۇ ھەرھالدا ئۆيىمىزگىلا خاس پۇراق. بۇنىڭدىن مەن ھەقىقەتەن ئۆز ئۆيۈمگە كەلگەنلىكىمنى بىلدىم. پەلتويۇمنى سېلىپ تام ئىشكاپىغا سېلىپ قويماقچى بولۇپ ئىشكاپنى ئېچىشىمغا غىچىرلاپ كەتتى. قورقۇپ كېتىپ پەلتويۇمنى ئاسمىدىم. ناھايىتى ئاستا دەسسەپ فوئېبىنىڭ ھوجرىسىغا ماڭدىم. خىزمەتكارىمىزنىڭ بىر قۇلىقى ناكا بولغاچقا، ئۇبدان ئاڭلىمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئاكىسى شالنىڭ پاخلىنى قۇلىقىغا تىقىۋەتكەنىد-

كەن . شۇڭا ئۇنى گاس دېسمۇ بولاتتى . لېكىن دادام
بىلەن ئاپامنىڭ ، بولۇپمۇ ئاپامنىڭ قۇلىقى بەئەينى تاي-
غانلارنىڭكىدەك ئۆتكۈر ئىدى . شۇڭا ئۇلارنىڭ ھۇج-
رىسى ئالدىدىن پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ شەپە چى-
قارماي ئۆتتۈم . ھەتتا نەپەسمۇ ئالمىدىم . دادامغۇ بېشىغا
ئورۇندۇقنى ئاتسىڭىزمۇ تۇيماي ئۇخلاۋېرىدۇ . لېكىن
ئاپام ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ ، سىزنىڭ مەشرىقتە تۇرۇپ
يۆتەلگىنىڭىزنى مەغربتە تۇرۇپ ئاڭلايدۇ . نېرۋا ئاجىز-
لىق كېسىلى ئېغىر بولغاچقا ، كېچىنىڭ يېرىمىدىن كۆپ-
رەكىنى تاماكا چېكىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ .
خېلى ئۇزۇندا فوئېبېنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ
قارىسام ئۇ يوق . مەن D • B ھوللىۋودقا ياكى باشقا جايغا
كەتكەندە فوئېبېنىڭ ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا ياتىدىغانلىقىنى
ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن . سىڭلىم بۇ ئۆيىنى ياخشى كۆ-
رەتتى . سەۋەب ئائىلىمىزدە مۇشۇ ئۆيلا ھەممىدىن چوڭ ،
يەنە كېلىپ D • B نىڭ ساراڭلار ئىشلىتىدىغاندەك ناھا-
يىتى يوغان ئىش ئۈستىلى بار بولۇپ ، ئۇنى فراتفىيە-
دىكى مەلۇم بىر ھاراقكەش خوتۇندىن سېتىۋالغانىكەن .
يەنە بەك كەڭ ، بەك يوغان كارىۋاتمۇ بار . ئۇنى نەدىن
ئالغانلىقىنى بىلمەيمەن . قانداق بولمىسۇن D •B يوق
چاغلاردا فوئېبې ئۇنىڭ ئۆيىدە يېتىشنى ياخشى كۆ-
رەتتى . D • B مۇ ئۇنىڭ رايىغا باراتتى . فوئېبېنىڭ ھې-
لىقى ئىش ئۈستىلىدە دەرس تەييارلىغان چاغدىكى ھا-
لىتىنى بىر كۆرسىڭىز قىزىق بولاتتى . كارىۋاتقا ئوخ-
شاشلا بەك يوغان ئىش ئۈستىلىدە ئولتۇرسا ، ئۇ كۆ-
رۈنمەيلا قالاتتى . شۇنداقتىمۇ بۇنى ياخشى كۆرەتتى .
ئۆزىنىڭ ھۇجرىسى بەك كىچىك بولغاچقا ، پەقەت ياق-
تۇرمايتتى . ئۇ مەن ھەشەمەتچىلىكنى ياقتۇرمايمەن ،
دەيتتى . بۇ گېپىگە كۈلگۈم كېلەتتى . سەۋەب ، ئۇنىڭ
ھەشەمەتچىلىك قىلغۇدەك ھېچنېمىسى يوق ئىدى .
شۇنداق قىلىپ مەن پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا مې-

گىپ D • B نىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم. ئۇستەل چىرىغىنى ياندۇرۇۋېدىم، فوتېبىي ئويغانمىدى. ئۇنىڭغا قاراپ بىردەم تۇردۇم. ئۇ يېنىچە يېتىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئاغزى ئوچۇق. قىزىق ئىش، چوڭلار ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئۇخلىسا بەك سەتلىشىپ كېتىدۇ. لېكىن بالىلار ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ھەتتا شۆلگىيىنى ياستۇققا ئېقىتىپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئۇخلىسىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

مەن پەم بىلەن مېڭىپ ئۆينى بىر ئايلىنىپ، جىمى نەرسىنى كۆرۈپ چىقتىم. كەيپىياتىم ياخشىلىنىپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى. ئۆپكە كېسەل بولۇپ قېلىشتىنمۇ قورقمىدىم. ئىچىم يورۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. فوتېبىي كىيىمنى كارىۋات يېنىدىكى ئورۇندۇققا قويغانىدى. ئۇ بەك پاكىز، رەتلىك ئىدى. دېمەكچى، ئۇ باشقا بالىلاردەك نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قالايمىقان تاشلىمايتتى. تارتىنچاقلاردىنمۇ ئەمەس ئىدى. قوڭۇر رەڭلىك كىيىمنى ئاپام كاناداغا بارغاندا ئەكەلگەنىدى. ئۇ چاپىنىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئارتىپ، كۆڭلەكنى ئورۇندۇققا قويغان. پايپاق بىلەن ئۆتۈكى ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدا تۇراتتى. ئايىغى مەن كۆرمىگەن يېڭى، بەك چىرايلىق ئاياغ بولۇپ، كانادادىن ئاپام ئەكەلگەن كىيىمگە پار بولغان. ئاپام ئۇنى قونچاقتەك چىرايلىق ياساپ باقاتتى. يالغان ئەمەس. ئاپامنىڭ بەزى نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا بەكمۇ ئېپى بار. ئۇ كانكى ئالالمىغىنى بىلەن كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت ئېلىشقا كارامەت ئۇستا. فوتېبىينىڭ كىيگەن كىيىملىرىنى كۆرسىڭىز ھەيران بولۇپ ئاغزىڭىز ئېچىلىپ قالىدۇ. ئادەتتىكى بالىلارنى ئالسىڭىز، ئاتا ـ ئانىلىرى پۇلدار بولسىمۇ شۇنداق سەت، قاملاشمىغان كىيىملەرنى كىيدۈرۈشىدۇ. مەن سىزنىڭ ئاپام كانادادىن ئەكەلگەن كىيىمنى كىيگەن فوتېبىينى بىر كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد

قىلىمەن . سىزنى پەقەت ئالدىمىدىم .

D • B نىڭ ئىش ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ ، ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپ چىقتىم . كۆپى فوئىبېنىڭ ئوقۇش ماتېرىياللىرى ، كىتاب ئىدى . ئەڭ ئۈستىدىكىسى « قىزىقارلىق ھېساب » دېگەن كىتاب ئىدى . بىرىنچى ۋاراقىنى ئېچىپ فوئىبې يازغان مۇنۇ خەتنى كۆردۈم .

فوئىبې ۋىسفىل كاۋلفىېلد

4 B− 1

بۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ تاشلاشقا ئازلا قالدىم . ئوتتۇرىدىكى ئىسىم ئەسلى ۋىسفىل ئەمەس يوسفىن ئىدى . ئەمما ئۇ بۇ ئىسىمنى ياقتۇرمايتتى . شۇڭا ھەر قېتىم كۆرۈشسەم ، ئۇ ئۆزىگە يېڭى – يېڭى ئىسىملارنى قويىۋالاتتى .

ھېساب كىتابىنىڭ ئاستىدىكىسى جۇغراپىيە ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى قوشۇپ يېزىش قائىدىسى . ئۇ ھەممە دەرستە ياخشى . قوشۇپ يېزىش قائىدىسىدە تېخىمۇ ياخشى . بۇ كىتابنىڭ تېگىدىكىلىرى پۈتۈنلەي خاتىرە . ئۇنىڭ بەش مىڭ خاتىرىسى بار . سىز بۇنچە جىق خاتىرىسى بار باللارنى بەلكىم كۆرمىگەنسىز . ئەڭ ئۈستىدىكى خاتىرىنى ئېچىپ ئوقۇدۇم .

بېنىز ، دەم ئېلىشتا مېنىڭ قېشىمغا كەل .
ساڭا دەيدىغان بەك ، بەك مۇھىم بىر گېپىم بار .
بۇ بەتنىڭ ئاخىرىغا مۇنۇلار يېزىلغان .

نېمە ئۈچۈن ئالياسكىنىڭ جەنۇبىدا كونسېرۋا زاۋۇتى
شۇنچە كۆپ ؟
چۈنكى ئۇ يەردە سالمېن بېلىقى كۆپ .

ئۇ يەردە قىممەتلىك ئورمانلار نېمانچە كۆپ ؟
چۈنكى ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى بەك بەلەن .
ئالياسكىدىكى ئىسكىموسلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن
ھۆكۈمىتىمىز قانداق ئىشلارنى قىلدى ؟
ئوبدان تەكشۈرۈپ ئەتىكى دەرسكە تەييارلان !!!
فوئېبې ۋسفىل كاۋلفيېلد
فوئېبې ۋسفىل كاۋلفيېلد
فوئېبې ۋسفىل كاۋلفيېلد
فوئېبې . ۋ . كاۋلفيېلد
فوئېبې ۋسفىل كاۋلفيېلد خېنىم

شېرىغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ .
شېرى ، مەن ئادەم ، ئات يۇلتۇزلار
تۈركىمى دېگەنىدىڭىز .
ئەمما سىزنىڭ بىردىنبىر ئالتۇن كالا
يۇلتۇزلار تۈركۈمىڭىز سىز بار
ئۆيۈمگە كەلدى .
سىزگە بىر كانكى ئېلىپ كەپتۇ .

مەن D • B نىڭ ئىش ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ ، خا-
تىرىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھېچقانچە ۋاقىت سەرپ قىلمايلا كۆرۈپ بولدۇم . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەيلى فوئېبېنىڭ ياكى باشقا باللارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مۇشۇنداق نەرسىلەرنى كۆرۈشكە ئامراق ئىدىم ، كۈنلەپ ئولتۇرۇپ كۆرەتتىم . باللارنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇسام پەقەت زې-رىكمەيتتىم . كېيىن مەن ئاخىرقى بىر تال تاماكامنى تۇ-تاشتۇرۇپ چەكتىم . شۇكۈنى پۈتۈن ئۈچ قاپ تاماكىنى چېكىۋەتتىم . ئاخىر بولماي سىڭلىمنى ئويغاتتىم . دې-مەكچىمەنكى ، بۇ يەردە ئولتۇرۇۋەرسەم بولمايتتى . يەنە

كـېلىپ دادام ، ئاپامنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ قېلىشىدىن قورقتۇم . مەن ئۇلار كىرگىچە سىڭلىم بىلەن خوشلىشىۋالمىسام بولمايتتى . شۇڭا ئۇنى ئويغاتتىم .

ئۇ بەك سەگەك ياتاتتى . دېمەكچى ، ئۇنى ۋارقىراپ ، تولاپ ئويغىتىشنىڭ ھاجىتى يوق . سىز ئۇنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپلا : « ئويغىنىڭ فوئېبې » دېسىڭىزلا ، ئۇ ئويغىناتتى .

— خولتون ! — دېدى ئۇ دەرھاللا ، ئاندىن بوينۇمغا گىرە سېلىۋالدى . ئۇ بەك قىزغىن ، يېپيېشقاق ئىدى . دېمەكچىمەنكى ، ئۇ دېمەتلىك قىزلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ قىزغىنلىقنىڭ ئېپادىسى . بەزىدە ئۇ ھەددىدىن زىيادە قىزغىن بولـۇپ كېـتىدۇ . ئـۇنى سـۆيۈپ قويدۇم .

— سىز قاچان قايتىپ كەلدىڭىز ؟ — كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ ، ئۇ مېنى كۆرۈپ بەك خۇش بولۇپ كەتتى .

— بـوشراق گەپ قىلىڭ . ياخشى تۇردىڭىزمۇ ؟

— بـەك ياخشى تۇردۇم . خېتىمنى تاپشۇرۇۋالدىڭىزمۇ ، مەن سىزگە بەش بەتلىك خەت . . .

— ئالدىم . بۇنداق چىڭ سۆزلىمەڭ . رەھمەت سىزگە .

ئۇنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان ، لېكىن جاۋاب يېزىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدىم . ئۇ خېتىدە مەكتەپتە ئويۇن قويۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، مېنى جۈمە كۈنى باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋەدىلىشىپ قويماي ، مەن قاتناشقان ئويۇننى كۆرۈپ كېتىڭ ، دەپ تەكلىپ قىلغانىدى .

— ئويۇنىڭلار قانداق بولدى ؟ — دەپ سورىدىم ، — ئېيتىڭا ، ئۇ ئويۇننىڭ نامى نېمە ئىدى ؟

« ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن قويۇلىدىغان مىلاد بايرىملىق ئېپىسل ئويۇن » . سەھنە ئەسىرى بەك ناچار . لېكىن مەن نىدكېت ئانودىنىڭ رولىنى ئالىمەن . مېنىڭ رولۇم ئىنتايىن مۇھىم ، — دېدى ئۇ . ئۇنىڭ ئۇيقۇسى

تولۇق ئېچىلمىغانىدى. بۇنداق ئىشلار ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشسىڭىز ئۇ ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كې-تەتتى، — ئويۇن باشلانغاندا مەن سەكراتتا ياتىمەن. ئەرۋاھ مىلاد بايرىمى ھارپىسىدا كىرىپ مەندىن خىجىل-لىق ھېس قىلىۋاتامسىز، قانداق، دەپ سورايدۇ. سىزگە مەلۇم، ئۆز ۋەتىنىمىزنى سېغىنىۋېتىشىم ئۈچۈن شۇنداق سورايدۇ. سىز ئويۇن كۆرگىلى كېلەمسىز، كەلمەم-سىز؟ — ئۇ كارىۋاتتا تۈپتۈز ئولتۇردى، — مۇشۇ ئىش ئۈچۈن سىزگە خەت يازغانىدىم. زادى كېلەمسىز، كەلمەمسىز؟

— ئەلۋەتتە كېلىمەن. چوقۇم كېلىمەن.

— دادام كېلەلمەيدۇ. ئۇ ئايروپىلان بىلەن كال-فورنىيەگە بارماقچى، — دېدى ئۇ، ھەي، ئۇنىڭ ئۇي-قۇسى تولۇق ئېچىلمىغانىدى، كارىۋاتتا تىزلىنىپ بىر قولۇمنى چىڭ تۇرۇپ ئولتۇراتتى. يەنە ئازراق ۋاقىت ئۆتسە ئۇيقۇسى تامام ئېچىلاتتى، — گېپىمنى ئاڭلاڭ، ئاپام سىزنى چارشەنبە كۈنى كېلىدۇ، دېگەن. چار-شەنبە كۈنى دېگەن.

— بالدۇر قايتىپ كەلدىم. بۇنداق چىڭ سۆز-لىسىڭىز ھەممە ئادەمنى ئويغىتىۋېتىسىز.

— ھازىر سائەت نەچچە بولدى؟ ئاپام بەك كەچ قايتىپ كېلىمىز، دېگەن. ئۇلار كونىېكتىكۇت شتاتى-دىكى نوۋوكقا تانسىغا كەتكەن، — دېدى فوئېبې، تې-پىڭا قېنى، بۈگۈن چۈشتە نېمە قىلدىم، قايسى كىنونى كۆردۈم! تېپىپ بېقىڭ!

— بىلمەيمەن. گېپىمنى ئاڭلاڭ، ئۇلار قاچانراق كېلىمىز...

— دوختۇر، — دېدى فوئېبې، — بۇ رىستېر فوند جەمئىيىتى ئالاھىتەن قويغان كىنو. بۈگۈن بىر كۈنلا قويدى. ئۇنىڭدا كېنتۇككى شتاتىدىكى بىر دوختۇرنىڭ ئىشى سۆزلىنىدىكەن. ئۇ ماڭالمايدىكەن

بىر توكۇرنىڭ يۈزىگە ئەدىيالدەك بىر نېمىنى يېپىپ قويىدىكەن . كېيىن ئۇلار دوختۇرنى تۈرمىگە سولايدىكەن . كىنو بەك نوچىكەن .

— بىر مىنۇت بولسىمۇ گېپىمنى ئاڭلاڭ . ئۇلار قاچانراق كېلىمىز . . .

— ھېلىقى دوختۇر ئۇ بالىغا بەك ئىچ ئاغرىتىدىكەن . شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ يۈزىگە ئەدىيال يېپىپ قويۇپ ، ئۇنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىدىكەن . كېيىن ئۇلار دوختۇرنى تۈرمىگە قاماپ ، مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىدىكەن . ئەمما ئۇ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرگەن بالا ( رومى ) دائىم كېلىپ ئۇنى يوقلايدىغان ، ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىلغان ئىشىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىكەن . دوختۇر ياخشى نىيەت بىلەن ئادەم ئۆلتۈرىدىكەن ، لېكىن ئۆزىنىڭ جايى تۈرمىدە بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلىدىكەن . چۈنكى بىر دوختۇرنىڭ خۇدا ئاتا قىلغان نەرسىنى تارتىۋېلىشقا ھەققى يوق ئىكەن . بۇ كىنوغا بىزنى سىنىپىمىزدىكى بىر ساۋاقداشىمىزنىڭ ئاپىسى ئاپاردى . ئەڭ ياخشى بۇ دوستۇمنىڭ ئىسمى ئېلىس خومبېرگ . سىنىپىمىز بويىچە ئۇلا . . .

— بىر مىنۇت توختاپ تۇرۇڭ ، بولامدۇ ؟ سىزدىن بىر گەپنى سورىۋالاي . ئۇلار قاچانراق قايتىپ كېلىمىز دېگەن ؟

— دېمىگەن . لېكىن ناھايىتى كەچ قايتىپ كېلىدۇ . دادام پويىزنىڭ ۋاقتىنى بىلىمىز ، پويىز ساقلايمىز دەپ ئاۋارە بولمايمىز ، دەپ ماشىنا بىلەن كەتكەن . ھازىر ماشىنىغا رادىئو ئورناتتۇق ! ئاپام ماشىنا مېڭىۋاتقان چاغدا رادىئونى ئوبدان ئاڭلىغىلى بولمايدۇ ، دەيدۇ .

كۆڭلۈم خاتىرجەم بولدى ، دېمەكچىمەنكى ، ئۆيدە ئاتا ـ ئانامغا ئۇچراپ قالارمەنمىكىن ، دېگەن غەمدىن قۇتۇلدۇم . ئالىمادىس ئۇلار كۆرۈپ قالسىمۇ پەرۋايىم پەلەك .

شۇ چاغدىكى فوئېبېنى بىر كۆرسىڭىز ئوبدان بولاتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ياقىسىغا قىزىل يىپتا پىل سۈرىتى تىكىلگەن يېشىل رەڭلىك ئۇخلاش كىيىمى بار ئىدى. ئۇ پىلنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتى.

—— بۇ گەپچە كىنو بەك ياخشىكەن - دە؟ —— دېدىم مەن.

—— بەك ياخشىكەن. ئېلىس زۇكامداپ قالغان، ئاپىسى قانداقراق تۇرىسەن دەپ تولا سوراپ كەتتى. كىنو يېرىملاشقاندا، ھەر قېتىم تازا قىزىق يېرىگە كەلـگەندە، ئاپىسى ئېڭىشىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋالىڭ قانداقراق دەپ سوراپ ئىچىمنى بەك سىقىۋەتتى.

ئۇنىڭغا پلاستىنكىنىڭ ئىشىنى دېدىم.

—— قاراڭ، سىزگە بىر پلاستىنكا ئالغانىدىم، بىراق ئۆيگە كەلگۈچە ئۇنى سۇندۇرۇپ قويدۇم، —— ياقچۇقۇمدىن پلاستىنكا سۇنۇقلىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم، —— مەست بوپقاپتىكەنمەن.

—— ئۇنىڭ سۇنۇقلىرىنى بېرىڭ، مەن سۇنۇق پلاستىنكىلارنى يىغىۋاتىمەن، —— ئۇ قولۇمدىن پلاسـتىنكا سۇنۇقلىرىنى ئېلىپ كارىۋات بېشىدىكى ئىشكاپـنىڭ تارتمىسىغا سېلىپ قويدى. ئۇ ئادەمنى بەك سۆيۈندۈرەتتى.

—— D•B مىلاد بايرىمىنى ئۆتكۈزگىلى كېلەمدىكەن؟

—— كېلىشى مۇمكىن، كەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. بۇنى ئاپام دېگەن. بۇنى شۇ چاغدىكى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەيدىكەن. ھوللىۋودتا تۇرۇپ ئاننا پولىس ھەققىدە كىنو سېنارىيىسى يېزىش ئېھتىمالىمۇ بار ئىكەن.

—— يا پەرۋەردىگار، ئاننا پولىس دېگىن!

—— مۇھەببەت ھەققىدە يازىدىغان ئوخشايدۇ، بۇ كىنودا كىم باش رول ئالىدۇ، ئويلاپ تېپىڭ؟ قايسى كىنو چولپىنى رول ئالىدۇ، ئويلاپ بېقىڭ!

— بۇلارغا قىزىقمايمەن . ئاننا پولىس دېگەن ،
توۋا خۇدايىم . D•B ئانناپولىس ھەققىدە قانچىلىك بى-
لىدىكەن ؟ بۇنىڭ ئۇنىڭ ھېكايە ۋەقەلىكى بىلەن قانداق
مۇناسىۋىتى بار ئىكەن ؟ — دېدىم مەن . ھېلىقى ھول-
لىۋود دېگەنلەر ، مېنى سارالڭ قىلىپ قويايلا دېدى ، —
قولىڭىزغا نېمە بولدى ؟ — ئۇنىڭ قولىغا ( بىلىكىگە )
يوغان پلاستىرچاپلانغانلىقىغا ئەمدى كۆزۈم چۈشتى .
ئۇنىڭ ئۇخلاش كىيىمى يەڭسىز بولغاچقىلا بۇنىڭغا
دىققەت قىلدىم .
— باغچا پەلەمپىيىدىن چۈشۈۋاتقىنىمدا سىنى-
پىمىزدىكى كوتىس ۋېينتراۋپ دېگەن ئوغۇل بالا ئىتتى-
رىۋەتتى . كۆرۈپ باقامسىز ؟ — ئۇ بىلىكىدىكى پلاس-
تىرنى سويۇشقا تەمشەلدى .
— سويۇۋەتمەڭ . سىزنى نېمىدەپ ئىتتىرىۋەت-
تى ؟
— بىلمەيمەن ، مېنىڭچە ئۇ ماڭا ئۆچ بولسا كې-
رەك ، — دېدى فوئېبې ، — سىلما ئانتېربۇرى دېگەن قىز
بىلەن مەن ئۇنىڭ خۇرۇم چاپىنىغا سىيا تۆكۈۋەتتۇق .
— بۇ ئىشىڭلار بولماپتۇ . نېمە قىلغىنىڭىز بۇ
كىچىك بالىنىڭ ئۆزىلا بوپسىزغۇ ، توۋا .
— ئۇنداق ئەمەس . مەن ھەر دائىم باغچىغا بار-
ساملا ئۇ كەينىمگە كىرىۋالىدۇ ، نەگە بارسام شۇ يەرگە
بارىدۇ . ئۇنىڭدىن شۇنداق تويۇپ كەتتىم .
— بەلكىم ئۇ سىزنى ياخشى كۆرىدىغاندۇ .
شۇنى دەپلا سىز ئۇنىڭغا سىيا . . .
— ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە خۇشتار ئەمەس-
مەن ، — دېدى ئۇ ، ئاندىن ماڭا غەلىتە بىر نەزەردە قا-
رىدى ، — خولتون ، ئەجەب چارشەنبە بولمايلا قايتىپ
كەپسىزغۇ ؟
ھەي ، ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇڭ ، ئەگەر ئۇنى
موللا تاپقاق دەپ قارىمىسىڭىز ، سارالڭ ، قاپاق كالللار-

دىن بولۇپ قالىسىز .
— نېمىشقا چارشەنبە بولمايلا قايتىپ كەلدى-
ڭىز ؟ — دېدى ئۇ ، — سىزنى مەكتەپتىن ھەيدىۋەت-
تىمۇ ؟ شۇنداقمۇ ، ئەمەسمۇ ؟
— بايا ئېيتتىمغۇ ، مەكتەپ بالدۇر قويۇۋەتتى .
ئۇلار ھەممەيلەننى . . .
— سىزنى راستلا ھەيدىۋېتىپتۇ . راستلا ! —
دېدى ئۇ يوتامغا مۇشتلاپ . بۇ ئۇنىڭ خۇشال بوپكەن-
كەندە قىلىدىغان قىلىقى ئىدى ، — سىزنى راستلا مەك-
تەپتىن ھەيدەپتۇ ! ۋاھ ، خولتون ! — ئۇ بىر قولى بىلەن
ئاغزىنى ئېتىۋالدى . خۇدا ھەققى قەسەم قىلىمەن ، ئۇ
ئىنتايىن ئاسان ھاياجانلىنىدۇ .
— مېنى مەكتەپتىن ھەيدەلدى دەپ كىم دەي-
دۇ ؟ ھېچكىم ماڭا . . .
— سىزنى راستلا قوغلىۋېتىپتۇ . راستلا ، —
دېدى ئۇ يەنە بىرنى مۇشتلاپ ، — ئۇنىڭ مۇشتى تېنى-
ڭىزنى ئاغرىتمايدۇ ، دېسىڭىز سارالڭ ھېسابلىنىسىز ، —
دادام سىزنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ ! — ئۇ ئۆزىنى كارىۋاتقا
تاشلاپ بېشىنى ياستۇق بىلەن يېپىۋالدى . ئۇ دائىم
شۇنداق قىلاتتى . بەزىدە ساراڭنىڭ ئۆزى بولاتتى .
— ھەي ، چاقچاق قىلماڭ ، — مېنى ھېچكىم
ئۆلتۈرىۋەتمەيدۇ . ھېچكىم ئۇنداق قىلمايدۇ . بولدىلا
فوئېبې . ئۇ ئەسكى نېمىنى بېشىڭىزدىن ئېلىۋېتىڭ . مې-
نىڭ جېنىمنى ھېچقانداق ئادەم ئالمايدۇ .
ئۇ ئۇنىمىدى . ئۇ ئۆزى خالىمىغان ئىشنى زادىلا
قىلدۇرالمايسىز . ئۇ پەقەت :
— دادام سىزنىڭ جېنىڭىزنى ئالىدۇ ، — دېدى .
ئۇ باش - كۆزىنى ياستۇق بىلەن چۈمكىۋالغاچقا ، نېمە
دەۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئۇققىلى بولمايتتى .
— ئوبدان ئويلاپ بېقىڭ ، ھېچكىم مېنىڭ جې-
نىمنى ئالمايدۇ . مەن ھازىرلا كېتىمەن . بەلكىم دېھقان-

چىلىق مەيدانىدەك يەرلەردىن ئىش تېپىپ قىلارمەن. بىر ئاداشنى تونۇيمەن. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كولورادودا دېھقانچىلىق مەيدانى بار. بەلكىم شۇ يەردە ئىشلەپ قىلىشىم مۇمكىن، ئەگەر راستلا كېتىپ قالسام، كېيىن سىلەر بىلەن ئالاقىلىشىمەن. بولدى قىلىڭ، ئۇنېمىنى ئېلىۋېتىڭ. بولدىلا فوئېبې، خۇش بولاي. خۇش بولۇپ كېتەي، بولامدۇ؟

ئۇ ئېلىۋەتكىلى ئۇنىمىدى. مەن ئېلىۋېتەي دېۋىدىم، شۇنداق چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشالمايتتىڭىز. ئەگەر ئۇ ياستۇقنى بېشىغا يېپىۋالدىمۇ، ھەرگىز ئېلىۋەتمەيتتى.

— فوئېبې، خۇش بولاي، بولدى قىلىڭ، ياستۇقنى ئېلىۋېتىڭ، — مەن توختىماستىن يېلىندىم، — بولدى قىلىڭ، ھەي . . . ھەي، ۋىسفىل، ئېلىۋېتىڭ دەيمەن.

ھەرقانچە يېلىنساممۇ ئۇ پەقەتلا ئۇنىمىدى. بەزىدە ئۇ شۇنچىلىك يولسىزلىق قىلاتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېھمانخانىغا چىقتىم. تاماكا قالمىغانىدى، شىرەدىكى تاماكا قۇتىسىدىن بىرنەچچە تال تاماكا ئېلىپ قايتىپ كىردىم.

## 22

قايتىپ كىرسەم، ئۇ ياستۇقنى ئېلىۋېتىپتۇ — شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەمما ئوڭدا ياتاتتى، ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. مەن كېلىپ كارىۋاتقا ئولتۇرۇشۇم بىلەن تەڭ باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. كاساپەت، ئۇ مەندىن يۈز ئۆرۈگەنىدى. خۇددى ئۇچلۇق قېلىچلارنىڭ ھەممىسىنى يەر ئاستى تۆمۈريولىغا تاشلاپ چىققىنىمدا قىلىچۋاز ئەترىتىنىڭ باشلىقى ماڭا يۈزسىزلىك قىلغانغا ئوخشاش.

— خېيىسىل ۋىسفىل قانداق بولدى ؟ — دېدىم مەن ، — ئۇنىڭ ھەققىدە يېڭى ھېكايە يازماقچى بولۇۋىدىڭىزغۇ ؟ ئۆتكەندە ماڭا ئەۋەتكىنىڭىز چامادانىمدا . چامادانىم ۋوگزالنىڭ ساقلاش ئۆيىدە . ھېكايىڭىز بەك قاملىشىپتىكەن .

— دادام سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ .

ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئىش كىرىۋالسا ، زادىلا چىقمايتتى .

— ياق ، دادام ئۇنداق قىلمايدۇ ، ناھايىتى كەلسە ئۇ مېنى تىللاپ تويغۇزغاندىن كېيىن نەس باسقۇر ھەربىي مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىدۇ . جىق بولسا شۇنداق قىلىدۇ . لېكىن ، ئۇنداق قىلىپ بولغىچە مەن ئۆيدە بولمايمەن ، سىرتقا چىقىپ كېتىمەن . مەن — ئېھتىمال كولورادو دېھقانچىلىق مەيدانىدا بولارمەن .

— تولا كۈلگۈمنى كەلتۈرمەڭ . سىز ئاتمۇ مىنەلمەيدىغان تۇرسىڭىز .

— كىم دەيدۇ . ئات مىنەلەيمەن ، ئەلۋەتتە . راستلا ئات مىنىشنى بىلىمەن . ئۇلار سىزگە بىردەمدىلا ئۆگىتىپ قويىدۇ ، — دېدىم مەن . — ئۇنى سويۇۋەتمەڭ ، — ئۇ بېلىكىدىكى پىلاستىرنى سويغىلى تۇردى ، — چېچىڭىزنى كىم ياساپ قويدى ؟ ئۇنىڭ بەكمۇ قىسقا ، پەقەتمۇ ياراشمىغان چېچىغا ئەمدى كۆزۈم چۈشتى .

— كارىڭىز بولمىسۇن ، — دېدى ئۇ . بەزىدە ئۇ ئادەمنى بەك جىلە قىلاتتى . ھەقىقەتەن جىلە قىلاتتى ، — يەنە نەچچە پەندىن ئۆتەلمىدىڭىزغۇ دەيمەن ؟ — سۆزلەپ كەلسەم قىزىق ھەم كۈلكىلىك . ئۇ كىچىككىنە بالا تۇرۇپ ، بەزىدە ھېلىقى قاپاق باش ئوقۇتقۇچۇمغا ئوخشاش گەپ قىلاتتى .

— ياق ، ئۇنداق ئەمەس ، ئىنگلىزچىدىن ئۆتتۈم ، — مەن ھاياجانلىنىپ كېتىپ ، ئۇنىڭ كىچىك

بولسىمۇ يېنىچە ياتقاندا كۆتۈرۈلۈپ چىققان ساغرىسىغا بوشلا نوقۇپ قويدۇم. ئۇ قولۇمغا ئۆرۈۋېتەمەكچى بولۇپ ئۇرالمىدى.

ئۇ توساتتىن:

— سىز نېمىشقا شۇنداق قىلىسىز؟ — دېدى. ئۇ مېنىڭ نېمىشقا يەنە مەكتەپتىن ھەيدەلگەنلىكىمنى كۆزدە تۇتقانىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ يەۋالغاندەك بىئارام بوپكەتتىم.

— ھەي، خۇدا ھەققى فوئېبې، بۇنى سورىماڭ. ھەممىلا ئادەم مۇشۇنداق سوراۋېرىپ مېنى جاق تويغۇزۇۋەتتى. بۇنىڭدا سەۋەب ناھايىتى كۆپ. ئۇ ئىنتايىن قاملاشمىغان بىر مەكتەپ. ئوقۇغۇچىلار ساختىپەز، نومۇسسىز، پەس نېمىلەر. سىز ئۆمرىڭىزدە بۇنداق پەس، چاكىنا ئادەملەرنى تېخى كۆرمىدىڭىز. مەسىلەن، بىرنەچچەيلەن بىرسىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان، باشقا بىرى، يەنە قاپاق كاللا ياكى يۇمشاق باشلاردىن بىرەرسى كېلىپ ئىشىكنى قاقسا، ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىشىك ئېچىپ بەرمەيدۇ. ھەممىلا ئادەم ئىشىكنى تاقىۋېلىپ، ئۇنى كىرگۈزمەيدۇ. ئاناڭنى، ھېلىقىدەك قاملاشمىغان مەخپىي تەشكىلاتلارمۇ بار. بەك يۈرەكسىز بولغاچقا، ئامالسىز قاتناشتىم. روبېرت ئاركۆرايت دەيدىغان ئادەم بىزارى بىر گۆي بار ئىدى. ئۇنىڭ بەكمۇ كىرگۈسى بار ئىدى، لېكىن ئۇلار كىرگۈزمىدى. ئۇ قاپاق باش، ئادەم بىزارى بولغاچقىلا ئۇ تەشكىلاتقا قاتناشتۇرمىدى. ھەتتا ئۇ ھەقتە سۆزلىگۈممۇ كەلمەيدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ قاملاشمىغان مەكتەپ. گېپىمگە ئىشەن.

ئۇ گەپ - سۆز قىلماستىن گېپىمنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. بۇنى ئۇنىڭ گەدىنىگە قاراپلا بىلدىم. ئۇنىڭغا قانداقلا گەپ قىلىڭ، دىققەت بىلەن زەن سېلىپ ئاڭلايتتى. سىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىڭىزنى تېزلا

بىلىۋالاتتى.

نېمە بولدى بىلمىدىم، بىردىنلا پانسى ھەققىدە قىزىشىپ سۆزلەپ كەتتىم.

— ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر ئىككىسىلا ياخشى. لېكىن ئۇلارمۇ قۇرۇق تېرە تاراقشىتىدىغانلاردىن. سپېنسر ئەپەندىنى ئالساق، ئۇنىڭ ئاچىسى ھەمىشە سىزنى قىزىق قەھۋە ئىچىشكە چاقىرىپ تۇرىدۇ، ھەقىقەتەن بەك ئادەمگەرچىلىكى بار. ئەمما ئۇ تارىخ دەرسى ئۆتكەن، مەكتەپ مۇدىرى سۇينىڭ كىرىپ ئارقا رەتتە ئولتۇرغان چاغدىكى تۇرقىنى بىر كۆرسىڭىز بىلىسىز. سۇيمۇ دائىم دەرس ئۆتۈلۈۋاتقاندا كىرىپ ئارقا رەتتە يېرىم سائەتچە ئولتۇرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ تەكشۈرۈش، كۆزىتىشى بولسا كېرەك. بىرئازدىن كېيىنلا سپېنسرنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ ناھايىتى قوپال لەتىپىلەرنى سۆزلەيدۇ. سپېنسېر شۇئان ھېچنېمىگە قارىماي ھىجىيىپ، كۈلۈپ كېتىدۇ. خۇددى سۇيمۇ غەلىتە بىر شاھزادىدەك خۇشامەت قىلىدۇ.

— خەقنى تىللاۋەرمەڭ.

— سىز كۆرسىڭىزمۇ قۇسۇۋېتىسىز. چوقۇم شۇنداق قىلىسىز، — دېدىم مەن، — «مەكتەپكە قايتىش كۈنى» بار تېخى. ئۇلارنىڭ «مەكتەپكە قايتىش كۈنى» دەيدىغان بىر كۈنى بار. ئۇ كۈنى 1776 ـ يىللىرى ئەتراپىدا پانسى ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ چىقىپ كەتكەن كالۋالارنىڭ ھەممىسى خوتۇن بالا ـ چاقىلىرىدىن تارتىپ ئېلىپ مەكتەپكە كېلىپ ئايلىنىپ يۈرۈشىدۇ. ئەپسۇسكى، سىز 50 ياشلاردىكى بىرىنى كۆرمىدىڭىز. ئۇ نېمە قىلدى تېپىڭا. ئۇ ئۇدۇل بىزنىڭ ياتاققا كېلىپ ھاجەتخانىڭلارغا كىرىشىمگە رۇخسەت قىلارسىزلەرمۇ، دەپ سورىدى. ھاجەتخانا كارىدورنىڭ ئۇ بېشىدا تۇرسا، نېمىشقا كېلىپ بىزدىن سورىغانلىقىنى ھېچ بىلەلمىدىم. ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى بىلەم-

سىز ؟ ھاجەتخانا ئىشىكىنىڭ بىر قانىتىغا ئىسمىمنىڭ قىسقارتىلمىسىنى يېزىپ قويغانمەن ، ھېلىمۇ بارمۇ ، كۆرۈپ باقماقچىدىم ، — دېدى . ئاناڭنى ، ئۇ بىرنېمە 90 – يىللار ئىلگىرى ئۆز ئىسمىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى ھاجەتخانا ئىشىكىنىڭ بىر قانىتىغا ئويۇپ يېزىپ قويغانىكەن . ھازىر بارمۇ ، ئۆچۈپ كەتتىمۇ ، شۇنى كۆرمەكچىكەن . شۇنىڭ بىلەن مەن ۋە ياتاقدىشىم ئۇنى ھاجەتخانىغا ئېلىپ باردۇق . ئۇ ئىشىك قانىتىغا ئويغان ئىسمىنى تاپقۇچە يېنىدا تۇرماي بولمىدى . شۇ ئارىلىقتا ئۇ پانىسىدا ئوقۇغان ۋاقتىنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ خۇشال ، كۆڭۈللۈك ئۆتكەن كۈنلەر ئىكەنلىكىنى ئاغزى بېسىلماي سۆزلىدى ، بىزگە بىرمۇنچە نەسىھەتلەرنى قىلدى . ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك بىزار بولدۇم ! ئۇنى ئەسكى ئادەم دېگىنىم ئەمەس ، لېكىن ئەسكى ئادەملەرلا ئادەمنى بىزار قىلىشى ناتايىن . — سىز ياخشى ئادەم بولسىڭىزمۇ بەزىدە جاق تويغۇزۇۋېتىشىڭىز مۇمكىن . ئادەمنى بىزار قىلىش بەك ئوڭاي ، يەنى ئىشىكنىڭ بىر قانىتىغا ئويۇپ قويغان ئىسمىڭىزنىڭ قىسقارتىلمىسىنى ئىزدەشتۇرۇۋېتىپ ، خەقلەرگە ياسالمىلىق بىلەن بىرمۇنچە نەسىھەتلەرنى قىلسىڭىزلا ئىش پۈتىدۇ . مەنمۇ بىلمەيمەن . بەلكىم ئۇ پۇشۇلداۋەرمىگەن بولسا بەلكىم ياخشىراق بولاتتىمىكىن . ئۇ پەلەمپەيگە چىقىپلا ھاسىراپ ، پۇشۇلداپ كەتتى . ئىسمىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى ئىزدەۋېتىپمۇ پۇشۇلدىدى ، بۇنى ئېچىلىپ – يېيىلىپ تولىمۇ كۈلكىلىك كۆرۈندى . ئۇ توختىماستىن سترادلېتا بىلەن ماڭا پانىسىدا ئىمكانقەدەر كۆپرەك نەرسىنى ئۆگىنىۋېلىڭلار دېدى . ياھەزرەت فوئېبې ! چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن . پانىسىدىكى ئىشلار ، نەرسىلەرنىڭ بىرىمۇ ماڭا ياقمايدۇ . سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن .

فوئېبې نېمىدۇر دېگەنىدى ، ئۇقالمىدىم . ئۇ ئاغزىنى ياستۇققا قويۇۋېلىپ گەپ قىلغاچقا ، نېمە دېگەن-

لىكىنى ئېنىق ئۇقالمىدىم .
— نېمە دېدىڭىز ، ئاغزىڭىزنى ياستۇقتىن ئې-لىڭ . ئاغزىڭىزنى ياستۇققا چاپلاپ تۇرۇپ گەپ قىلسى-ڭىز ئېنىق ئاڭلىيالمايدىكەنمەن .
— سىز ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ھەرقانداق بىر ئىشنى ياقتۇرمايسىز .
بۇنى ئاڭلاپ ئىچىم تېخىمۇ تىت - تىت بولۇپ كەتتى .
— ياقتۇرىمەن ، ياقتۇرىمەن . ئەلۋەتتە ياقتۇرى-مەن . بۇنداق دېمەڭ . نېمىشقا بۇنداق دەيسىز ؟
— چۈنكى سىز ياقتۇرمايسىز . ھېچقانداق بىر مەكتەپنى ياقتۇرمايسىز . مىڭ ياڭزا نەرسە بولسىمۇ ياق-تۇرمايسىز ، ياخشى كۆرمەيسىز .
— ياخشى كۆرىمەن ! سىز خاتالىشىۋاتىسىز . مۇشۇ ئىشتا پۈتۈنلەي خاتالىشىۋاتىسىز ! ۋاي كاساپەت ، مۇشۇنداق گەپنى قىلمىسىڭىز پەقەت بولمامتى ؟ — دې-دىم مەن ئىچىم سىقىلىپ .
— ياقتۇرمايسىز ، — دېدى ئۇ ، — بولمىسا بى-رەر خىلنى ماڭا دەپ بېرىڭ ، دېدى ئۇ .
— بىرەر خىلنى دەمسىز ، مەن ياقتۇرىدىغان نەرسىدىن بىرەر خىلنىمۇ ؟ ماقۇل ئەمىسە ، — دېدىم مەن .
لېكىن دىققىتىمنى يىغالمىدىم . بەزىدە دىققىتىنى يىغىش ھەقىقەتەن ناھايىتى قىيىن .
— مەن ئىنتايىن ياقتۇرىدىغان بىرەر نەرسىنى دەپ بېرىڭ دېمەكچىمۇسىز ؟
ئۇ جاۋاب بەرمەي كارىۋىتىنىڭ يەنە بىر تەرى-پىگە بېرىۋېلىپ ماڭا قىيا باقتى . ئۇ مەندىن يىراقلاشقا-نىدى .
— ھەي ، جاۋاب بېرىڭا ، — دېدىم مەن ، — مەن ھەممىدىن بەك ياقتۇرىدىغان نەرسىنى دەمدىم ياكى

ماڭا ئادەتتىكىچىلا ياقىدىغان نەرسىنى دەمدىم؟

— سىز ھەممىدىن بەك ياقتۇرىدىغان نەرسىنى دەپ بېرىڭ.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدىم. لېكىن كاللامغا ھېچ نەرسە كەلمەيۋاتاتتى. يادىمغا كەلگىنى سېۋەت كۆتۈرۈپ كوچىمۇكوچا يۈرۈپ ئىئانە توپلايدىغان ئىككى موناخ، بولۇپمۇ تۆمۈر جازىلىق كۆزەينەك تاقايدىغىنى ئېسىمگە كەلدى. ئېلكتون خىللىپس مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقىنىمدا تونۇشقان جامېس كاتېر دېگەن ئوقۇغۇچىمۇ بار. ئۇ ناھايىتى ھاكاۋۇر فېرسىدىبىر ئىسىملىك بىر بالىنىڭ بەك سەت بىر ئېغىز يامان گېپىنى قىلدى، لېكىن بۇ گېپىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇنىمىدى. جامېس كاتېرنىڭ ئۇ بەك ھاكاۋۇر دېگەن گېپىنى سىدىنبىرنىڭ بىر ئاغىنىسى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭغا تازا شاخلىتىپ يەتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سىدىبىر ئالتە لۈكچەك ھارامىلىقنى ئېلىپ ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئىشىكنى تاقاپتۇ. دېگەن گېپىڭنى قايتۇرۇۋال دەپتىكەن، ئۇ ئۇنىماپتۇ. ئۇلار ئۇنى راسا ئەدەپلەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇنى قانداق ئەدەپلىگەنلىكىنى دەپ بەرگۈم يوق. چۈنكى ئاڭلىسام ئادەمنىڭ كۆڭلى ئاينىيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ گېپىنى ياندۇرۇۋالغىلى ئۇنىماپتۇ. ئەپسۇسكى، جامېس كاتېرنى كۆرمىدىڭىز. ئۇ ئىنچىكە يەۋالغاندەك ئاۋاق، پۇھ دېسە ئۇچۇپ كەتكۈدەك ئاجىز، قوللىرىنىڭ بېغىشىمۇ ئاچقۇچچىلىك كېلىدىغان بىرنېمە. ئۇ گېپىنى قايتۇرۇۋېلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، دېرىزىدىن سەكرىۋاپتۇ. مەن يۇيۇنۇش ئۆيىدە تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ گۈپپىدە چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. لېكىن دېرىزىدىن تاشقىرىغا رادىئو ياكى شىرەدەك بىرنەرسە تاشلانغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. ئادەمنىڭ سەكرىگەنلىكى خىيالىمغا كەلمەپتۇ. ئارقىدىنلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ گۈلدۈرلەپ بىنادىن چۈشۈۋاتقىنى ئاڭلاندى. مەنمۇ مونچا كىيىمى بىلەنلا

پالاقلاپ چۈشۈپ قارىسام جامېس كاتىر تاش پەلەمپەيدە
سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. ئۇ ئۆلۈپتۇ. تۆكۈلگەن چىشلار ۋە
قانلار ئەتراپىنى بىر ئاپ . بىرمۇ ئادەم ئۇنىڭغا يېقىن بې-
رىشقا پېتىنالمىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا مەن بېرىپ تۇر-
غان، تار ياقىلىق تەنھەرىكەت كۆڭلىكى بار ئىدى. ئۇ-
نىڭ ياتىقىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك
قىلغان مۇناپىقلارنىڭ ھەممىسىنى مەكتەپتىن ھەيدىدى.
ھېلىمۇ تېخى تۈرمىگە سولىمىدى.
خىيالىمغا كەلگەن ئىشلار مۇشۇ. يەنى ناشتا
قىلغۇچە بىللە بولغان ئىككى موناخ، ئېلكتون خىللېستا
ئوقۇۋاتقاندا تونۇشقان ساۋاقدىشىم جامېس كاتېر. قى-
زىق ئىش شۇكى، سىزگە راستىنى ئېيتسام مەن جامېس
كاتېر بىلەن تۈزۈك تونۇشمايتتىم. ئۇ ئىنتايىن جىمغۇر
ئىدى. ماتېماتىكىنى ئۆتكەندىمۇ ئۇ سىنىپنىڭ ئۇ بېشىدا
ئولتۇراتتى. ئادەتتە يادىلاش كەلسە ئورنىدىن تۇر-
مايتتى، دوسكىغا چىقىپ بىرەر مەسىلىمۇ ئىشلىمەيتتى.
مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرلا قېتىم، يەنى مەندىن تار ياقىلىق
تەنھەرىكەت كۆڭلىكى ئارىيەت سوراپ كەلگەندە سۆز-
لەشكەن. ئۇ ئېغىز ئېچىپ ماڭا گەپ قىلغاندا، ھەيران
بولغىنىمدىن يەرگە يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالغان-
دىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا مەن يۇيۇنۇش ئۆ-
يىدە چىشىمنى چوتكىلاۋاتاتتىم. ئۇ كېلىپ نەۋرە ئاكام
كەپتىكەن، مېنى ماشىنىسى بىلەن چۆگىلىتىپ كىر-
مەكچى بولغان، تەنھەرىكەت كۆڭلىكىڭنى بېرىپ تۇر-
غان بولساڭ، دېدى. ئۇنىڭ مېنىڭدە تەنھەرىكەت كى-
يىمى بارلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئۇقمايدىكەنمەن.
يوقلىمىدا ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا كېلىدىغان-
لىقىنىلا بىلىمەن. ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە، كىببېر،
رو؛ كىببېر ۋىل؛ كاتېر؛ كاۋلفېيلد. راستىمنى ئېيتسام،
ئۇنىڭ بىلەن تازا تونۇشۇپ كەتمىگەچكە، تەنھەرىكەت
كۆڭلىكىمنى بەرمىگىلى تاسلا قالغانمەن.

— نېمە ؟ — دېدىم فوئېببىغا . ئۇ ماڭا بىرنېمە دېگەنىدى ئاڭلىيالمىدىم .
— سىز بىرەر نەرسىنىمۇ ئويلاپ تاپالمىدىڭىز .
— ھەي ، مەن تاپالايمەن . ھە ، چوقۇم تاپالايمەن .
— ئەمىسە سۆزلەپ بېرىڭ .
— ئايرىنى ياخشى كۆرىمەن ، — دېدىم مەن ، — ھازىر قىلغان ئىشلىرىمنىمۇ ياخشى كۆرىمەن . مانا ھازىر سىز بىلەن ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتىمەن ، بەزى نېمىلەرنى ئويلاۋاتىمەن . . .
— ئايرى ئۆلۈپ كەتكەن تۇرسا ، سىز دائىم شۇنداق دەيدىكەنسىز ! ئادەم ئۆلدىمۇ ، بولدى ، جەننەتكە كىرىپ كەتتى . ئۇنداقتا ئۇنىڭ . . .
— ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن ! مېنى مۇشۇنىمۇ بىلمەيدۇ دەپ قارامسىز ؟ ئەمما ئۇنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرىمەن ، قانداق دېدىم ؟ ئۆلدى دەپلا بىر ئادەمنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئىش بولمايدۇ . پەرۋەردىگار ، بولۇپمۇ ئۇ ھايات ياشاۋاتقانلاردىن چەندان ياخشى بولسا .
فوئېببي ھېچنېمە دېمىدى . ئۇ ناۋادا دېگۈدەك گەپ تاپالمىسا ، ئاناڭنى ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى .
— نېمىلا بولمىسۇن ، ھازىرقى ھالەتنى ياقتۇرىمەن ، — دېدىم مەن ، — مۇشۇ تاپتىكى ھالەتنى دېمەكچىمەن . مانا سىز بىلەن ئولتۇرۇۋاتىمەن ، گەپلىشىۋاتىمەن ، ئويىند . . .
— بۇ ھەقىقي نەرسە ئەمەس .
— ھەقىقي نەرسە ! ئەلۋەتتە چىن . نېمىشقا شۇنداق بولمايدۇ ؟ كىشىلەر ھەقىقي نەرسىلەرنى نەرسە دەپ قارىمىغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق بولىدۇ . ئاناڭنى ، مەن بۇلاردىن جاق تويدۇم .
— تىللاۋەرمەڭ . بوپتۇ ، باشقا گەپنى قىلىشاي-

لـى ، ئېيتىڭا ، كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولۇشنى ياخشى كۆرىسىز ؟ ئالىم بولامسىز ياكى ئادۋوكاتمۇ .

— تۇزۇك بىرنېمە بىلمەيمەن ، شۇڭا ئالىم بولالمايمەن .

— ھەي ، ئەمسە دادامغا ئوخشاش ئادۋوكات بولۇڭ .

— مېنىڭچە ئادۋوكاتلىققۇ ياخشى . لېكىن ماڭا تازا ياقمايدۇ ، — دېدىم مەن ، — دېمەكچى ، ئۇلار دائىم سىرتلارغا چىقىپ ئۇۋاللىققا ئۇچرىغانلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزسىغۇ بەلەن ئىش بولاتتى . لېكىن ئادۋوكات بولۇپلا قالسىڭىز ، ئۇنداق ئىشلارنى قىلالمايسىز . پەقەت گولف توپ ئويناش ، قارت ئويناش ، ماشىنا سېتىۋېلىش ، مارتىن ھارىقى ئىچىش ، كېرىلىپ يۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل تاپىدۇ . يەنە كېلىپ ، سىز كۆكرەك كېرىپ چىقىپ راستلا باشقىلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋالسىڭىز ، بۇنى ھەقىقىي يوسۇندا بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن قىلدىڭىزمۇ ، ياكى داڭلىق ئادۋوكات بولۇش ، ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغان ھامان بىر توپ مۇخبىرلارنىڭ سىزگە يوپۇرۇلۇپ كېلىشى ، ھەممىلا ئادەمنىڭ سوتتا مۇرىڭىزگە ئۇرۇپ ، خۇددى ھېلىقى بىھايا كىنولار قويۇلغان چاغدىكىدەك سىزنى تەبرىكلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ھەقىقىي مۇددىئايىڭىز ئۈچۈن قىلغانلىقىڭىزنى كىم بىلىدۇ ؟ ئۆزىڭىزنىڭ ساختىپەز ئەمەسلىكىڭىزنى قانداق بىلەلەيسىز ؟ گەپ بىلمەسلىكىڭىزدە .

دېگەن گەپلىرىمنى فوئىبې زادى چۈشەندىمۇ — يوق ، كېسىپ بىرنېمە دېيەلمەيمەن . دېمەكچى بولغىنىم ، نېمىلا بولمىسۇن ئۇ تېخى كىچىك بالا . لېكىن ئۇ زەن قويۇپ ئاڭلىدى . قارشى تەرەپنىڭ گېپىڭىزنى زەن قويۇپ ئاڭلىغانلىقىمۇ چوڭ گەپ .

— دادام سىزنىڭ جېنىڭىزنى ئالىدۇ . سىزنى

ئۆلتۇرۇۋېتىدۇ ، — دېدى ئۇ .
لېكىن ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدىم . خىيالىم باشقا ئىشلاردا ، ئەمەلىيەتتىن يىراق خىياللاردا بولدى .
— كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولىدىغانلىقىمنى بىلەمسىز ؟ — دېدىم مەن ، — ئەگەر كەلگۈسىدە مېنى ئەركىن تاللىغىلى قويۇشسا نېمىش قىلىدىغان ئادەم بولىدىغانلىقىمنى بىلەمسىز ؟
— نېمە ؟ تولا ئەزمىگىزنى ئەزمەڭ .
— سىز « ئەگەر بۇغدايلىقتا مېنى تۇتۇۋالسىڭىز » دېگەن ناخشىنى بىلەمسىز ؟ مەن كەلگۈسىدە . . .
— « ئەگەر بۇغدايلىقتا مېنى ئۇچراتسىڭىز » ! — دېدى فوئېبې ، — روبېرت پېنسي يازغان شېئىر .
— ئۇنىڭ روبېرت پېنسي يازغان شېئىر ئىكەنلىكىنى بىلىمەن .
فوئېبې توغرا ئېيتتى . ئۇ ھەقىقەتەن « ئەگەر بۇغدايلىقتا مېنى ئۇچراتسىڭىز » دېگەن شېئىر . لېكىن شۇ چاغدا بۇنى بىلمەيدىكەنمەن .
— سىزنى تېخى « ئەگەر بۇغدايلىقتا مېنى تۇتۇۋالسىڭىز » دەيدۇ ، دەپتىمەن ، — دېدىم مەن ، — ھەرھالدا مەن دائىم مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىمەن : بىر مۇنچە ئۇششاق باللار چوڭ بىر بۇغدايلىقتا ئويناۋاتىدۇ . باللار شۇنچىلىك كۆپ . ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم يوق . دېمەكچىمەنكى ، مەندىن باشقا چوڭلار يوق . مەن بولسام ھېلىقى نەس قىيا يېنىدا ، مېنىڭ ۋەزىپەم كۆزەت قىلىش . باللاردىن بىرەرسى قىيا تەرەپكە كەلسە ئۇنى تۇتۇۋالىمەن — دېمەكچىمەنكى ، باللارنىڭ ھەممىسى بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈۋاتىدۇ . ئەمما ئۆزلىرىنىڭ يۈگۈرۈپ نەلەرگە بارىدىغانلىقىنى ، مېنىڭ قەيەرلەردىن چىقىپ ئۇلارنى تۇتۇۋالىدىغانلىقىمنى بىلمەيدۇ . مەن كۈن بويى شۇ ئىشنى قىلىمەن . مەن پەقەت بۇغدايلىق-

تىنىكى قارانچۇق بولسام دەيمەن. بىلىمەن، بۇ بىر خام خىيال. لېكىن مەن ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان ئىش شۇ. ماڭا مەلۇم، بۇ بىر قاملاشمىغان ئىش.

فوئېببى خېلىغىچە زۇۋان سۈرمىدى. كېيىن پەقەت:

— دادام سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دېگەن گەپنىلا قىلدى.

— ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولسا ئۆلتۈرۈۋەرسۇن، پەرۋايىم پەلەك، — دېدىم مەن. ئاندىن ئورنۇمدىن تۇردۇم. تۇرۇپلا ئوقۇتقۇچۇم ئاندورىنى ئەپەندىمگە تېلېفون بېرىشنى ئويلاپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ ئېلكتون خىللېستا ئوقۇغان چاغدىكى ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچۇم ئىدى. ھازىر ئۇ نيۇ-يوركتا تۇرۇۋاتاتتى ۋە نيۇ-يورك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىنگلىز تىلىدىن دەرس بېرىۋاتاتتى، — مەن تېلېفون بېرىۋېتىپلا كىرىمەن، ئۇخلىۋالماڭ — ئۇنىڭ مەن مېھمانخانىغا چىقىپ كەتكەن ئارىلىقتا ئۇخلىۋېلىشىنى خالىمايتتىم. ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، يەنىلا تاپىلاپ قويدۇم. شۇنىڭدا بەكرەك خاتىرجەم بولاتتىم.

ئىشىككە كېتىۋاتاتتىم، ئۇ «خولتون!» دەپ توۋلىدى. مەن شاققىدە كەينىمگە بۇرۇلدۇم.

ئۇنىڭ كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتقاندىكى تۇرقى تولىمۇ چىرايلىق، ئوماق ئىدى.

— مەن فېبىز مارگارس دېگەن قىزدىن كېكىرىشنى ئۆگىنىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — ئاڭلاپ بېقىڭ.

مەن دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ قانداقتۇر بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم، لېكىن ۋاي دېگۈدەك ئىش بولمىدى. «ياخشى» دەپ قويدۇم-دە، مېھمانخانىغا چىقىپ ئوقۇتقۇچۇم ئاندورىنى ئەپەندىگە تېلېفون بەردىم.

# 23

تېلېفون بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا دادام ، ئاپام
كىرىپ قالمىسۇن دېگەن ئەندىشە بىلەن گەپنى قىسقىلا
قىلىپ تېلېفوننى قويۇۋەتتىم . ھەرھالدا دادام بىلەن ئاپام
كىرىپ قالمىدى . ئاندورىنى ئەپەندى بەك يېقىشلىق ئا-
دەم ئىدى . ئۇ كۆڭلىڭىز تارتسا ھازىرلا كەلسىڭىزمۇ بو-
لىدۇ ، دېدى . تېلېفوننى خېلى ئۇزاقتا ئالغاندىن قارى-
غاندا ، مەن ئۇ ۋە خوتۇنىنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزۇ-
ۋەتكەنىدىم . ئوقۇتقۇچۇم تېلېفوننى ئېلىپلا مەندىن بى-
رەر ئىش بولدىمۇ ، يوق دەپ سورىدى . مەن يوق دې-
دىم ، ئارقىدىن ئۇنىڭغا دىسەم بولىدىغاندەك ھېس قىلىپ
پانسىدىن ھەيدەلگەنلىكىمنى ئېيتتىم . ئۇ « ۋاي خۇدا-
يىم » دېدى . ئۇ شۇنداق يۇمۇرلۇق ئادەم ئىدى . ئاندىن
ئۇ ئەگەر خالىسىڭىز ھازىر كەلسىڭىزمۇ بولىدۇ ، دېدى .

ئوقۇتقۇچۇم ئاندورىنى ئۆمرۈمدە مەن يولۇق-
تۇرغان ئىنتايىن ئېسىل ئوقۇتقۇچى ئىدى . ناھايىتى
ياش بولۇپ ، ئاكام D • B دىن ئانچە پەرقلىنىپ كەت-
مەيتتى . ئۇنىڭ بىلەن چاقچاقلاشسىڭىز ئۇنىڭغا بىھۆر-
مەتلىك قىلغان بولمايتتىڭىز . بايا دەپ بەرگەن جامېس
كاتېر دېگەن بالا دېرىزىدىن سەكرىۋالغاندىن كېيىن ،
ئۇنى مۇشۇ ئوقۇتقۇچى كۆتۈرۈپ يەردىن ئالدى . باشتا
ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتتى . ئاندىن پەلتوسىنى سېلىپ جا-
مېس كاتېرنىڭ ئۈستىگە ياپتى ــ دە ، ئۇنى كۆتۈرگى-
نىچە دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى . پەلتۇسىنىڭ قان بو-
لۇپ كېتىشى بىلەنمۇ ھېسابلاشمىدى .

D • B نىڭ ھۇجرىسىغا كىرسەم ، فوئېبې رادى-
ئونى خىزمەتكار ئايال ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ پەس
ئاۋازدا قويۇپتۇ . رادىئودىن بىر تانسا مۇزىكىسى
ئاڭلىنىۋاتاتتى . ئۇنى شۇ تاپتا بىر كۆرگەن بولسىڭىز .
ئۇ كارىۋاتنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ، يوتقاننىڭ ئۈستىدە

بەئەينى ھىندىستاننىڭ ئېتىكاپتا ئولتۇرغان راھىبلىردەك بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ مۇزىكىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا بەكمۇ مەستلىكىم كەلدى.

— ھەي، تانسىغا مەيلىڭىز بارمۇ؟ — دېدىم. ئۇ تېخى كىچىككىنە بالا چاغلىرىدىلا مەن تانسا ئۆگەتكەنىدىم. ئۇ كارامەت بىر تانسىچى ئىدى. دېمەكچى، مەن ئۇنىڭغا بەزى ئاساسىي ھەرىكەتلەرنىلا ئۆگەتتىم، قالغىنىنى ئاساسەن ئۆزى ئۆگىنىۋالدى. تانسىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئوينايمەن دېسە، باشقىلارنىڭ ئۆگىتىشىگە يۆلىنىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيتتى.

— پۇتىڭىزدا ئاياغ تۇرسا، — دېدى ئۇ.

— سېلىۋەتسەم بولىدۇ. قېنى كېلىڭ.

ئۇ كارىۋاتتىن سەكرەپ دېگۈدەك چۈشتى. ئايىغىمنى سېلىپ بولغۇچە قاراپ تۇردى. ئاندىن ئىككىمىز تانسا ئوينىدۇق. ئۇ بەك بەلەن ئوينىدى. مەن كىشىلەرنىڭ بالىلار بىلەن تانسا ئوينىشىنى ياقتۇرمايتتىم. چۈنكى بەك سەت كۆرۈنەتتى. مەن دەيمەن، ئەگەر سىرتلاردا، رېستورانلاردا بەزى قېرىلارنىڭ كىچىك بالىلىرى بىلەن تانسا ئوينايمىز دەپ ئوتتۇرىغا چۈشۈۋالغانلىقى كۆزگە چېلىقاتتى. چوڭلار ھەدەپ بالىلارنىڭ دۈمبىسىدىكى كىيىملەرنى پەس تارتىۋاتقان، بالىلار تانسىنى قاملاشتۇرۇپ ئويناۋاتقان بىمەنە كۆرۈنۈشتىن ئادەمنىڭ ئىچى پۇشاتتى. بىز تانسىنى پەقەت ئۆيدىلا ئوينايتتۇق. فوئېبىنى مەن ئاممىۋى سورۇنلارغا پەقەت ئاپارمايتتىم. لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا ئۇ باشقا بالىلارغا ئوخشىمايتتى. تانسىنى ئوبدان ئوينايتتى. قانداق ئېلىپ ماڭسىڭىز دەرھال ماسلىشىپ ئوينايتتى. دېمەكچىمەنكى، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇتۇۋالسىڭىزلا، پۇتىڭىز ھەرقانچە ئۇزۇن بولغىنى بىلەنمۇ ھېچنېمىگە پۇتلاشمايتتى. ئۇ سىزگە ئەگىشىپ ئويناۋېرەتتى. سىز پىرقىرىسىڭىزمۇ، بەزى قوپال پوكۇسلارنى

چىقارسىڭىزمۇ، ھەتتا تولغىما ئۇسسۇل ئوينىسىڭىزمۇ ئۇ راۋۇرۇس ماسلىشاتتى. ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن تانگو ئوينىسىڭىزمۇ بولاتتى.

بىز تۆت مۇزىكىغا ئويندۇق. ھەربىر مۇزىكا ئارىلىقىدا ئۇ ھەتتا گەپمۇ قىلماي، گويا ھازىرلا تانسىغا چۈشىدىغان قىياپەتتە تەييار بولۇپ تۇردى. سىز ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر مۇزىكا باشلانغۇچە تەييار ھالەتتە تۇرۇشىڭىز كېرەك ئىدى. مەن كۈلۈۋەتكىلى تاس ــ تاس قالدىم. لېكىن كۈلسەم بولمايتتى.

بىز تۆتتەك مۇزىكىغا ئوينىغاندىن كېيىن، رادىئونى ئۆچۈرۈۋەتتىم. فوئېبې سەكرەپ كارىۋاتقا چىقىپ يوتقانغا كىرىۋالدى.

ــــ خېلى ئىلگىرىلەپتىمەنمۇ؟ ــــ دەپ سورىدى ئۇ مېنىڭدىن.

ــــ قانداق ئىلگىرىلىدىڭىز؟ ــــ مەن كارىۋاتقا يېقىن كېلىپ پەستە ئولتۇردۇم. ئازراق ھاسىراپ تۇراتتىم، ئۇ ھېچقانداق بولمىدى. مەن تاماكا دېگەن ئىپلاسنى بەك كۆپ چېكىمەن. تاماكا چەككەن ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا بولارمىش.

ــــ پېشانەمنى سىلاپ بېقىڭا، ــــ دېدى ئۇ.

ــــ نېمىشقا؟

ــــ سىلاپ بېقىڭ، سىلاپلا قويسىڭىز بولىدۇ.

سىلاپ باقتىم. لېكىن ھېچقانداق سېزىم بولمىدى.

ــــ بەك قاتتىق قىزىپتىمەنمۇ؟ ــــ دېدى ئۇ.

ــــ ياق. قىزىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتامسىز؟

ــــ ھەئە، مەن ئەتەي قىزىۋاتىمەن. يەنە بىر سىلاپ بېقىڭا.

يەنە سىلىدىم. ئوخشاشلا ھېچ نەرسىنى سېزەلمىدىم. ئەمما:

ــــ ھە، ئەمدى بىلدىم، ئازراق قىزىتمىڭىز بار

ئىكەن ، — ئۇنىڭدا ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ قويغۇم يوق ئىدى .

— مەن قىزىتمىنى گرادۇستىنمۇ يۇقىرى قىلىۋېتەلەيمەن .

— گرادۇستىن يۇقىرى ؟ بۇنى كىم دېدى ؟ — ئېلىس خومبېرگ ئۆگىتىپ قويدى . ئەگەر ئىككى پۇتىڭىزنى چىلىڭ قىسىپ ، نەپىسىڭىزنى توختىتىپ ، توك ئوچىقىغا ئوخشاش ئىنتايىن قىزىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى ئويلىسىڭىز ، كاللىڭىز شۇئان تۇتسا قول كۆيدۈرگۈدەك قىزىپ كېتىدۇ .

كۈلۈۋەتكىلى ئاز قالدىم ، گويا قانداقتۇر قورقۇنچلۇق ، خەتەرلىك بىرنەرسىنى تۇتۇپ سالغاندەك قولۇمنى دەرھال ئۇنىڭ پېشانىسىدىن ئالدىم .

— سەمىمگە سېلىپ قويغىنىڭىزغا رەھمەت .

— ھەي ، قولىڭىزنى كۆيدۈرۈۋەتمەيمەن . مەن كاللام بەك قىزىپ كەتمەستىلا توختىتىۋالىمەن — ئۇش — دېدى ئۇ ۋە چاقماق تېزلىكىدە قوپۇپ ئولتۇردى .

بۇ ھالدىن قورقۇپ جېنىم تۇمشۇقۇمغا كېلىپ قالدى .

— نېمە بولدى ؟

— ئالدى ئىشىك ! — ئۇ ئېنىق پىچىرلىدى ، — ئۇلار قايتىپ كەلدى !

چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە ، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۈستەل چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋەتتىم . ئاندىن تاماكىنى ئايىغىمنىڭ چەمگە سۈركەپ ئۆچۈرۈپ يانچۇقۇمغا سېلىۋالدىم . تاماكا ئىسىنى تارقىتىۋېتەي دەپ بار كۈچۈم بىلەن ھاۋانى يەلپۈدۈم ، خۇدايىم ، نېمىشقا تاماكا چەككەن بولغىيدىم . ئارقىدىنلا ئايىغىمنى قولۇمغا ئېلىپ تام ئىشكاپىغا كىرىۋالدىم . يۈرىكىم بوغۇزۇمغا كەپلەشتى .

ئاپامنىڭ ھۇجرىغا كىرگىنىنى ئاڭلىدىم.
— فوئېبې! — دېدى ئۇ، — چاقچىقىڭنى قوي، ئۇماق خېنىم، چىراغ يورۇقىنى كۆرگەنمەن.
— ھەي! — دېدى فوئېبې، — ئۇخلىيالمىدىم. ئوبدان ئويىندىڭلارمۇ؟
— ئوبدان ئوينىدۇق، — دېدى ئاپام. ئۇنىڭ بۇ گەپنى ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. چۈنكى ئاپام سىرتلارغا چىقسا دېگەندەك ئېچىلىپ كېتەلمەيتتى.
— ئېيتقىنا قىزىم، نېمىشقا ئۇخلىيالمىدىڭ، ئۆي ئىسسىق ئەمەسمۇ؟
— ئىسسىقلىقىغۇ ئىسسىق. لېكىن ئۇخلىيالمىدىم، شۇ.
— فوئېبې، تاماكا چەكتىڭمۇ نېمە؟ ماڭا راست گەپ قىل، خۇش بوپكېتەي ئاپئاق قىز.
— نېمە؟ — دېدى فوئېبې.
— گېپىمنى يەنە بىر دەمدىمەن؟
— بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردۇم. بىرلا شوراپ ئاندىن دېرىزىدىن تاشلىۋەتتىم.
— نېمىشقا، ئېيتقىنا.
— ئۇخلىيالمىسام.
— بۇ قىلىقىڭنى ياقتۇرمايمەن فوئېبې، — دېدى ئاپام، — پەقەت ياقتۇرمايمەن. ئەدىيالدىن يەنە بىرنى ئەكىرىپ بېرەيمۇ؟
— لازىمى يوق، رەھمەت، ياخشى چۈش كۆرۈڭ! — ئۇ ئاپامنى ئامال بار تېزرەك چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىۋاتاتتى.
— كۆرگەن كىنويىڭلار ياخشىمىكەن؟
— بەك ياخشىكەن. ئېلىسنىڭ ئاپىسىلا جىنىمغا تەگدى. ئۇ تاكى كىنو تۈگىگىچە ھېلىدىن — ھېلى ئېگىشىپ ئېلىستىن زۇكام ياخشى بولغاندەكمۇ، قانداقراق

تۇرسەن دەپ سوراپ جىله قىلدى. كېيىن بىز تاكسىدىلا قايتىپ كەلدۇق.

— پېشانەڭنى تۇتۇپ باقايچۇ.

— ماڭا بىر ئىش بولغىنى يوق. ئىلىسمۇ ھېچنېمە بولمىغان. چاتاق ئۇنىڭ ئاپىسىدا.

— بوپتۇ، تېزرەك ئۇخلا. كەچلىك تامىقىڭ قانداقراق بولدى.

— بەكمۇ رەسۋا دېگىنە.

— نېمانداق گەپ قىلىسەن، داداڭ ساڭا چىرايلىق، سىلىق گەپ قىل دېگەنغۇ؟ نېمىسى رەسۋا بولدى، سەن يېگەن كالا گۆشى قورۇمىسى بەك ياخشى ئىدىغۇ، مەن پۈتۈن لېكسىيىدىننى قېدىرىپ...

— كالا گۆشى قورۇمىسىغۇ ياخشىكەن. لېكىن چارىنا جوزىغا نەرسىلەرنى قويغۇچە ماڭا قاراپ پۈشۈلداپ نەپەس ئالدى. ئۇ يەيدىغان ھەممە نەرسىگە قاراپ يوغان تىنىپ پۈشۈلداپ خاپا قىلدى.

— تېزرەك ئۇخلا، كەل مېنى سۆيۈپ قوي. دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدىڭمۇ؟

— ھاجەتخانىدىلا قىلغان. ياخشى چۈش كۆرۈڭ.

— ياخشى چۈش كۆرگىن، پاتراق ئۇخلا. بېشىم يېرىلغۇدەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئاپام. ئاپامنىڭ دائىم بېشى ئاغرىيتتى. يالغان ئەمەس.

— بىرنەچچە تال ئاسپىرىن ئىچكىن، — دېدى فوئېبې، — خولتون چارشەنبە كۈنى كېلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— بىلىشىمچە شۇنداق. قېنى ياتقىن، پەسرەك ياتقىن.

ئاپامنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئازراق تۇرۇۋېلىپ ئىشكاپتىن چىقتىم ۋە فوئېبېغا ئۇسسۇۋالدىم. ئۆي بەك قاراڭغۇ، ئۇمۇ مېنى چاقىرغىلى

كارىۋاتتىن چۈشكەنىكەن.

— بەك ئاغرىپ كەتتىمۇ، — دېدىم مەن ناھايىتى بوش ئاۋازدا. چۈنكى دادام، ئاپام ئۆيدە ئىدى، — مەن ماڭاي، — سىيلاپ بېرىپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ ئايىغىمنى كىيدىم. ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتىم.

— ھازىر ماڭماڭ، — دەپ پىچىرلىدى فۇئېبې، — ئۇلار ئۇخلاپ قالسۇن!

— ياق، ھازىر دەل ۋاقتى، ئاستا كېتىۋالاي، — دېدىم مەن، — ئاپام ھاجەتخانىدا، دادام رادىئو ئاڭلاۋاتىدۇ، — ئاناڭنى، ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ ئايىغىمنىڭ بوغقۇچىنىمۇ چىگەلمەي كەتتىم. ئۇلار كۆرۈپ قالسا مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، دەپ قورققىنىم ئەمەس. لېكىن بۇ خۇشاللىنارلىق ئىشمۇ ئەمەس، — سەن كاساپەت قەيەردە؟ — ئۆي قاراڭغۇ بولغاچقا ئۇنى كۆرەلمىدىم.

— مانا مەن، — ئۇ يېنىمدىلا تۇرۇپتۇ، ئەمما كۆرمەپتىمەن.

— ئىككى چامادانىم ۋوگزالنىڭ ساقلاش ئۆيىدە، سەندە پۇل بارمۇ فۇئېبې؟ مەن قەلەندەر بولۇپ قالدىم.

— بايراملىق سوۋغات بىرنەرسىلەرنى ئالىمەن دەپ يىغقان پۇلۇم بار. لېكىن تېخى سوۋغات ئالمىغان.

— ھە، — ئۇنىڭ بايراملىق پۇلىنى ئېلىۋالغۇم كەلمىدى.

— سىزگە بېرەيمۇ؟

— بايراملىق پۇلۇڭنى ئىشلەتكۈم يوق.

— ئازراق بېرىپ تۇراي، — دېدى ئۇ. ئارقىدىن D•B نىڭ ئىش ئۈستىلى يېنىغا بېرىپ تۇرغۇن تارتمىلارنى ئېچىپ ئاختۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. ئۆي قاراڭغۇ، بەش بارماقنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ.

— ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغان بولساڭ، ئويۇنۇمنى كۆرەلمەيسىز، — ئۇنىڭ ئاۋازى غەلىتە بىر ئاڭلاندى.

— ياق، كۆرىمەن. مېنى ئويۇنۇمنى كۆرمەيلا كېتىدۇ دەۋاتامسىز. سىزنىڭ ئويۇنىڭىزنى كۆرمەي كەتمەيمەن. سەيشەنبىگىچە ئاندورىنى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ تۇرارمەن، ئاندىن ئۆيگە كېلىمەن. پۇرسەتلا بولسا سىزگە تېلېفون بېرىمەن.

— مانا پۇل، — فوئېبې پۇلنى قولۇمغا بەرمەكچى بولدىيۇ، قولۇمنى تاپالمىدى.

— قەيەردە سىز؟

ئۇ پۇلنى قولۇمغا تۇتقۇزدى.

— ماڭا جىقمۇ كېرەك ئەمەس، ئىككى دوللارلا بولسا يېتىدۇ. چاقچاق ئەمەس، قالغىنىنى ئېلىڭ، — پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىۋىدىم، ئۇ ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— ھەممىنى ئېلىڭ. كېيىن قايتۇرۇپ بېرەرسىز. ياكى ئويۇن كۆرگىلى كەلگەندە بېرىۋېتىڭ.

— پەرۋەردىگارىم. بۇ نەچچە پۇل.

— سەككىز دوللار سەككىز يېرىم سىنت. ياق ئازراق خەجلىگەن، ئالتە يېرىم سىنت.

تۇرۇپلا يىغلاپ تاشلىدىم. ئىختىيارىم ئەمەس، يىغلىماي دەپ تۇرۇپ يىغلىۋەتتىم. يىغلىۋىدىم، فوئېبې قورقۇپ كېتىپ ماڭا تەسەللى بەردى. يىغلىدىڭمۇ بولدى، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالالمايسەن. مەن كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇراتتىم. ئۇ بويۇنۇمغا گىرە سالدى. مەنمۇ ئۇنى قۇچاقلىۋالدىم. شۇنچە قىلىپمۇ يىغامنى توختىتالمىدىم. بوغۇزۇمغا ئاچچىق بىر نەرسە كەپلىشىۋالغاندەك بولدى. بىچارە فوئېبېنى قاتتىق قورقۇتۇۋەتتىم. نەس دېرىزە ئوچۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ئۇخلاش كىيىمىلا بولغاچقا تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئورنىڭىزغا بېرىپ يېتىڭ، دېسەم پەقەت ئۇنىمىدى. مەن بەك ئۇزاق-

تا ، ناھايىتى قىيىندا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ پەلتويۇمنىڭ
تۈگمىلىرىنى ئەتتىم . ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇ-
دىغانلىقىمنى ئېيتتىم . ئۇ ، خالىسىڭىز مەن بىلەن يېتىڭ
دېدى . مەن ئۇنىماي ، ئاندورىنى ئەپەندى ساقلاۋاتىدۇ ،
كەتكىنىم ياخشى دېدىم . يانچۇقۇمدىن ئوۋچىلار شەپ-
كىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردىم . ئۇ مۇشۇنداق نەرسى-
لەرنى ياخشى كۆرەتتى . لېكىن ئالغىلى ئۇنىمىدى .
مەنمۇ ئۇنىماي قولغا تۇتقۇزدۇم . باغلىشىمەنكى ، ئۇ
چوقۇم بۇ شەپكىنى كىيىپ ياتىدۇ . ئۇ مۇشۇ خىلدىكى
شەپكىلەرگە بەك ئامراق . ئۇنىڭغا پۇرسەتلا بولسا تېلې-
فون قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم ـ دە ، ھۇجرىدىن چىقىپ
كەتتىم .

نېمىشقىدۇر ، ئۆيدىن چىقىشىم ، ئاناڭنى ، كىرى-
رىشىمدىنمۇ بەك ئاسان بولدى . مۇھىمى دادام ، ئاپامنىڭ
مېنى كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقمىدىم . راستلا قورقمىدىم .
كۆرسە كۆرۈۋەرسۇن دەپ ئويلىدىم . تېخى ئۇلارنىڭ
مېنى كۆرۈپ قېلىشىنى تىلىدىم .

لىفتقا ئولتۇرماي پەلەمپەي بىلەن چۈشتۈم . ئارقا
لىفت تەرەپ بىلەن ماڭغانىدىم ، پەسكە چۈشكۈچە بىرەر
مىڭدەك ئەخلەت چېلەكلەرگە پۇتلىشىپ بوينۇمنى ئۈ-
زۈۋالغىلى تاس قالدىم . ھەرھالدا ئاخىر سالامەت چى-
قىۋالدىم . لىفتقا قارايدىغان ئادەم قارامىنىمۇ كۆرمىدى .
بەلكىم ئۇ مېنى ئۈستىدە دىكىستاننىڭ ئۆيىدە دەپ
يۈرىدىغاندۇ .

## 24

ئاندورىنى ئەر ـ خوتۇنلار سۇدون مەيدانىدىكى
ناھايىتى ئېسىل ئائىلىكلەر بىناسىدا تۇراتتى . مېھمانخا-
نىغا ئىككى پەلەمپەي بىلەن چۈشەتتى . مەيخانىسىمۇ بار
ئىدى . ئۇنىڭ ئۆيگە بىرقانچە قېتىم بارغان . مەن ئېلك-

تون خىللىس مەكتىپىدىن كەتكەندىن كېيىن ، ئاندورىنى ئەپەندى دائىم بىزنىڭ ئۆيگە كەچلىك تاماققا كېلەتتى ، مېنىڭ ئەھۋالىمنى سۈرۈشتۈرەتتى . ئۇ چاغلاردا ئۇ تېخى توي قىلمىغانىدى . توي قىلغاندىن كېيىن ، مەن دائىم ئۇزۇن ئارال ئورمانلىقىدىكى غەربىي رايون چويلا توپ كۇلۇبىدا ئۇ ۋە ئۇنىڭ خانىمى بىلەن چويلا توپ ئوينايتتىم . ئاندورىنى خانىم كۇلۇبنىڭ ئەزاسى ، بەكمۇ پۇللۇق ، ئاندورىنى ئەپەندىدىن 60 ياشچە چوڭ ئىدى . لېكىن ئۇلار ناھايىتى ئىناق ئۆتىدىغاندەك قىلاتتى . ئاساسلىقى ، ھەر ئىككىسى ناھايىتى بىلىملىك ئىدى . بولۇپمۇ ئاندورىنى ئەپەندى . بىرلا يېرى ، ئاندورىنى بىلەن بىللە بوپقالىسىڭىز ئۇنىڭ چۇتۇرى كۆپىنچە بىلىمدىن ئېشىپ چۈشەتتى ، ئۇ D•B غا ئوخشاپراق كېتەتتى . ئاندورىنى خانىم ئادەتتە ناھايىتى كەسكىن ، سۈرلۈك ، ناھايىتى ئېغىر ۋە دەم سىقىش كېسىلى بار . ئۇلار D•B يازغان بارلىق ھېكايىلەرنى ئوقۇغان . D•B ھوللىۋودقا بارىدىغان چاغدا ، ئاندورىنى ئەپەندى ئالايىتەن تېلېفون ئۇرۇپ ئۇنى بارماسلىققا دەۋەت قىلدى . لېكىن ئۇ ئۇنىماي كەتتى . ئاندورىنى ئەپەندى D•B دەك قابىلىيەتلىك يازغۇچى ھوللىۋودقا بارماسلىقى كېرەك دېدى . بۇ گەپ مېنىڭ گېپىمگە ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى .

ئاندورىنى ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە پىيادە باراي ، فوئېبېنىڭ بايراملىق پۇلىنى ئامال بار ئىشلەتمەي دەپ ئويلىدىم . لېكىن تالاغا چىقىشىم بىلەن تەڭ بېشىم قېيىپ ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ ناھايىتى بىئارام بولدۇم . شۇنىڭ بىلەن تاكسى توستۇم . تاكسىغا پەقەت ئولتۇرغۇم يوق ئىدى . شۇنداقتىمۇ ئاناڭنى ، ناھايىتى تەسلىكتە ۋە ئۇزاقتا بىر تاكسى تېپىپ ئولتۇردۇم .

لىفتقا قارايدىغان ھاراملىق مېنى بەك قىيىندا ئۈستىگە ئاچىقىپ قويدى . قوڭغۇراقنى باسقانىدىم ،

ئاندورىنى ئەپەندى ئىشىكنى ئاچتى . ئۇنىڭ ئۇچىسىدا مۇنچا كىيىمى ، پۇتىدا ساپما كەش ، قولىدا سۇدا سۈيى قوشۇلغان ۋىسكى تۇراتتى . ئۇ كۆپنى كۆرگەن ، هاراق خۇمارىمۇ كۇچلۇك ئادەم ئىدى .

— خولتون ، بالام ! — دېدى ئۇ ، — ۋاي ۋۇي ، بويۇڭ يەنە ئۆسۈپ كېتىپتۇغۇ . سېنى كۆرگىنىمدىن خۇشالمەن .

— ئوبدان تۇردىڭىزمۇ ئاندورىنى ئەپەندى ، ئاندورىنى خانىم ياخشىمۇ ؟

— ئىككىلىمىز ئوبدان تۇرۇۋاتىمىز . پەلتويۇڭنى ماڭا بەر ، — ئۇ پەلتويۇمنى ئېلىپ كىيىم ئاسقۇچقا ئې-سىپ قويدى ، — بارىدىغان يېرىم يوق ، دېسەڭ ، تېخى قولىدا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق بار ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپىتمەن ، — ئۇ بەزىدە چاقچاقنى خېلى قاملاشتۇ-رۇپ قىلىپ قوياتتى . ئاندىن ئۇ بۇرۇلۇپ ئاشخانىغا قاراپ توۋلىدى .

— لىلى ، قەهۋە تەييار بولدىمۇ ؟ — لىلى ئان-دورىنى خانىمنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى ئىدى .

— هازىر تەييار بولىدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ، — خولتون كەلدىمۇ ؟ ياخشىمۇ سىز خولتون !

— ياخشىمۇ سىز ئاندورىنى خانىم ؟ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارسىڭىز ۋارقىراپ گەپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى . سۆزلەپ كەلسە قىزىق ، ئۇلار زادىلا بىرلا ۋاقىتتا بىر ئۆيدە بولمايتتى .

— قېنى ئولتۇرۇڭ ، خولتون ، — دېدى ئاندو-رىنى ئەپەندى ، ئۇ سەل كەيپ ئىدى . ئۆي ئىچىدىكى چېچىلىپ تۇرغان پەتنۇس ، ئىستاكانلار ، تەخسىلەر-دىكى ئاشقان خاسىڭلار بۇ ئۆيدە بايىلا بىر بەزمە ئۆت-كۈزۈلگەنلىكىدەك هالەتنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى ، — كەچۈرۈڭ ، ئۆي بەك قالايمىقان . ئاندورىنى خانىمنىڭ تراۋ ئارىلىدىن كەلگەن دوستلىرىنى كۈتۈۋالدۇق . . .

ئەمەلىيەتتە بىرقانچە سۇ كالىسى .
كۈلۈۋەتتىم . ئاندورىنى خانىم ئاشخانىدا تۇرۇپ ماڭا نېمىلەرنىدۇر دېدى ، لېكىن ئاڭلىيالماي ئاندورىنى ئەپەندىدىن سورىدىم .
— ئۇ نېمە دەۋاتىدۇ ؟
— ئۇ ئورنىدىن ھېلىلا تۇرغان ، شۇڭا مەن كىرگەندە ماڭا قارىماڭ دەۋاتىدۇ . قېنى تاماكا چېكىڭ . تاماكا چېكىۋاتامسىز ؟
— رەھمەت ، — ئۇ سۇنغان تاماكا قۇتىسىدىن بىرتال تاماكا ئالدىم ، — ئاندا ـ ساندا چېكىپ قويىمەن ، كۆپ چەكمەيمەن .
— تاماكىنى كۆپ چەكمەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن ، — ئۇ شىرەدىن چاقماقنى ئېلىپ ياندۇرۇپ بەردى ، — بۇ گەپچە ئەمدى سىز پانىسدىن ئايرىلىپ كېتىسىز ـ دە . ئۇنىڭ بۇ تەرزدە سۆز قىلىشى بەزىدە قۇلىقىمغا ياقسا ، بەزىدە ياقمايتتى . ئۇ بۇ گەپنى كۆپرەك قىلدى . مەن ئۇ گەپنى چاقچاق تەرىقىسىدە قىلمىدى دېمەكچى ئەمەسمەن ، زادىلا ئۇنداق ئەمەس . لېكىن بىرى « ئەمدى سىز پانىسدىن ئايرىلىپ كېتىپسىز ـ دە » دەۋەرسە سىزنىڭمۇ چىشىڭىز قېرىشىدۇ . D • B مۇ بەزىدە مۇشۇنداق گەپنى تولا قىلاتتى .
— چاتاق نەدىن چىقتى ، — دەپ سورىدى ئاندورىنى ئەپەندى ، — ئىنگلىزچە ئىمتىھانىنى قانداقراق بەردىڭىز ؟ ئەگەر سىز ئىنگلىزچە ماقالىنى شۇنداق ياخشى يازىدىغان تۇرۇپ ئىنگلىزچىدىن ئۆتەلمىگەن بولسىڭىز ، ئۆيۈمدىن دەرھال چىقىرىۋېتىمەن .
— ھە ، ئىنگلىزچىدىن ئۆتتۈم . ئاساسلىقى ئەدەبىياتتىن ئىمتىھان ئېلىنىدۇ دېگىنى بىلەن ، پۈتۈن بىر مەۋسۇمدە ئاران ئىككى پارچە ماقالە يازدىم ، — دېدىم مەن ، — بىراق « ئېغىزچە ئىپادىلەش » تىن ئۆتەلمىدىم . ئۇلار « ئېغىزچە ئىپادىلەش » دېگەن بىر دەرسنى پەيدا

قىلغان . شۇنىڭدىن ئۆتەلمىدىم .

ــــ نېمىشقا ئەمدى ؟

ــــ ھەي ، ھېچ بىلمىدىم ، ــــ يىپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە سۆزلىگۈم كەلمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازراق بېشىم قىيىپ ، كۆزۈم تورلىشىۋاتىدۇ . توساتتىن بېشىمۇ قاتتىق ئاغرىپ كەتتى . يالغىنى يوق . لېكىن ئۇنىڭ بۇ گەپكە قىزىقىۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى . شۇنىڭ بىلەن نائىلاج قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ بەردىم ، ــــ بۇ دەرستە ھەربىر ئوقۇغۇچى دەرسخانىدا ئۆرە تۇرۇپ ئۆزلۈكىدىن سۆز سۆزلەيدۇ . ئەگەر سۆزلەۋاتقان ئوقۇغۇچى تېمىدىن يىراقلاپ كەتسە سىز دەرھال ئۇنىڭغا « تېمىدىن چەتنەپ كەتتىڭىز ! » دەپ توۋلايسىز . بۇ ئىش مېنى ساراڭ قىلايلا دېدى . شۇڭا « F » نومۇر ئالدىم .

ــــ نېمىشقا ؟

ــــ بىلمەيمەن . تېمىدىن يىراقلاپ كەتتىڭىز دېگەن گەپتىن جاق تويدۇم . بىلمەيمەن ، نېمىشقىدۇر باشقىلارنىڭ تېمىدىن يىراقلاپ كېتىشىنى ياقتۇرىمەن . بۇ ئادەمگە بەك قىزىق بىلىنىدۇ .

ــــ ئەگەر بىرى سىزگە تېمىدىن يىراقلاپ كەتمەي گەپ قىلسا ، ئەجەبا بۇنى ياقتۇرمامسىز ؟

ــــ ھوي ، ئەلۋەتتە ! ئەلۋەتتە ئۇنىڭ تېمىدىن يىراقلاپ كەتمەي گەپ قىلىشىنى ياقتۇرىمەن . لېكىن تېمىغىلا ئېسىلىۋېلىشىنى ياخشى كۆرمەيمەن . قانداق دېيىشىمنى ھېچ بىلەلمەيۋاتىمەن . ئويلايمەنكى ، باشتىن ـ ئاخىر تېمىدىن چىقماي سۆزلەيدىغانلارنى ياخشى كۆرىمەن . « ئېغىزچە ئىپادىلەش » دەرسىدە ئاشۇنداق باشتىن ـ ئاخىر تېمىدىن سۆزلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرى نومۇر ئالىدۇ . رىتچار كىنسرا دېگەن بىر ئوقۇغۇچى دائىم ئاغزىغا كەلگەننى دەيدۇ . ئۇلار ئۇنىڭغا : « تېمىدىن چەتنەپ كەتتىڭ ! » دەپ ۋارقىرايدۇ . بۇ بەك

قورقۇنچلۇق بىر چارە. سەۋەب، بىرىنچى، ئۇ ئىنتايىن ئاسان جىددىيلىشىدىغان ئاداش — ھەر قېتىم ئۇنىڭغا سۆزلەش نۆۋىتى كەلسە لەۋلىرى تىترەپ كېتىدۇ، ئەگەر دەرسخانىنىڭ ئەڭ كەينىدە ئولتۇرغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ نېمىلەر دېگەنلىكىنى ئېنىق ئۇقالمايسىز. ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەشتىن توختىغان ياكى تىترىشى ئازراق پەسەيگەندە، ئۇنىڭ سۆزلىرى ماڭا خېلى ئوبدان چىققاندەك بىلىنىدۇ. بىراق ئۇ ئۆتەلمىگىلى تاس قالدى. ئاران $D^+$ ئالدى. ئۇلار ئۇنىڭغا «تېمىدىن چەتنەپ كەتتىڭ!» دەپ توۋلىغاچقىلا شۇنداق بولدى. مەسىلەن، بىر قېتىم ئۇنىڭغا دادىسى ۋېرمونتتىن سېتىۋالغان دېھقانچىلىق مەيدانى تېما قىلىپ بېرىلدى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا كۆپچىلىك «تېمىدىن چەتنەپ كەتتىڭ!» دەپ توختىماي ۋارقىرىدى. بۇ دەرسنى بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى ۋىنسون ئەپەندى ئۇنىڭغا F نومۇر قويدى. سەۋەب، ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا قانداق كۆكتاتلار تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغانلىقى، قايسى ئۆي ھايۋانلىرى بېقىلىدىغانلىقىنى دەپ بېرەلمىدى. ئۇ نېمە دېدى دېمەمسىز، ئۇ باشتا دېھقانچىلىق مەيدانىنى ھەققىي سۆزلىدى. تۇيۇقسىز ئۇ ئاپىسىنىڭ تاغىسىدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋالغانلىقى، خەتتە تاغىسىنىڭ قانداق بولۇپ 42 يېشىدا يۇلۇن ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى، دوختۇرغا ئاپىرىپ كېسىلىنى كۆرسىتىشكە نېمىشقا ئۇنىمىغانلىقى، سەت بەدىنىگە تىرەك قويۇپ تېڭىۋېتىلگەن ھالەتتە كىشىلەرگە كۆرۈنۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ كەتتى. بۇنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن ھېچقانچە مۇناسىۋىتى يوق. بۇنىڭغا ئىقرارمەن. لېكىن بەك قىزىقارلىق. كىشىلەر سىزگە تاغىسىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرسە بەك قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ گېپىنى قىلىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا تاغىسىنىڭ ئىشىغا بەكرەك قىزىقىپ قالغاندا شۇنداق بولىدۇ.

دېمەكچىمەنكى، ئۇ ناھايىتى مەنىلىك جۇشقۇن، قىزىق قىلىپ سۆزلىدى. شۇنداق ئەھۋالدا باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ «تېمىدىن چەتنەپ كەتتىڭ!» دەپ ۋارقىرىشى، ھەقىقەتەن قاملاشمىغانلىق، چۈپەيلىك بولدى... نېمە دېسەم ياخشىراق بولاركىن، بىلمىدىم، ھەقىقەتەن بۇنى چۈشەندۈرۈش قىيىن، — ئەمەلىيەتتە مېنىڭمۇ چۈ-شەندۈرۈپ قويغۇم يوق. بولۇپمۇ ئۇشتۇمتۇت بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كەتكەندە. ئاندورىنى خانىمنىڭ قەھ-ۋەنى تېزرەك ئەكىرىشىنى ئۈمىد قىلدىم. بۇنداق ئىشلار ناھايىتى ئاچچىقىمنى كەلتۈرىدۇ. دېمەكچىمەنكى، خەق سىزگە تېخى دەملىمىگەن قەھۋەنى دەملەپ بولدۇم دېسە جېنىم چىقىدۇ.

— خولتون... سىزدىن ناھايىتى قىسقا، كۆ-ڭۈلنى سەل غەش قىلىدىغان، شۇنىڭدەك ئىلمىي تەتقى-قات تۈسىدىكى يەنە بىر مەسىلىنى سوراپ باقاي. سىز ھەربىر نەرسىنىڭ مەلۇم ۋاقتى ۋە ئورنى بولۇشى كې-رەك، دەپ قارامسىز، قانداق؟ ئەگەر بىرى سىزگە دا-دىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى توغرىسىدا سۆزلىسە، ئاۋۋال شۇنى سۆزلەپ بولۇپ، ئاندىن گەپنى تاغىسىنىڭ كېسىلىگە يۆتكىشى كېرەك دەپ قارامسىز، يوق؟ ياكى تاغىسىنىڭ كېسىلى ئۇ ئىنتايىن قىزىقىدىغان تېما بولسا، ئۇ دەرھال باشتا دادىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنى تېما قىلىپ تاللىماي، تاغىسىنىڭ كېسىلىنى تېما قىلىپ تال-لىشى كېرەك دەپ قارامسىز، قارىمامسىز؟

ئويلىنىپ جاۋاب بېرىشتىن ئېرىندىم. بۇنداق بولۇشى بېشىم يېرىلغۇدەك ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى، ئى-چىممۇ غەلىتە بولۇۋاتاتتى، ھەتتا ئاشقازىنىممۇ ئاغرىۋا-تاتتى. سىزگە راست گەپ قىلدىم.

— ھە، بىلمەيمەن. مېنىڭچە ئۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك. مەن دېمەكچى، ئەگەر ئۇنىڭ قىزىقىدىغىنى تاغىسى بولسا، ئاۋۋال دادىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنى

ئەمەس، تاغىسىنى سۆزلەش تېمىسى قىلىپ تاللىۋېلىشى كېرەك. بىراق مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، باشتا ئانچە قىزىقمايدىغان بەزى ئىشلارنى سۆزلىگىنىڭىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ ۋاقىتلاردا سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھەممىدىن بەك نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىڭىزنى بىلەلمەيسىز. مەن دەيمەن، بەزى چاغلاردا بۇنى سىز چاغلىۋالالمايسىز. مەن، سۆزلىگۈچى ئەگەر ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ، ھاياجان بىلەن سۆزلەۋاتقان بولسا، سىز ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتمەسلىكىڭىز كېرەك، دەپ ئويلايمەن. باشقىلارنىڭ ھاياجان بىلەن سۆزلىشىنى بەك ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى بۇ بەك قىزىق بولىدۇ. ئەپسۇسكى سىز ۋىنسون دېگەن ئوقۇتقۇچىنى ئوبدان چۈشەنمەيسىز. ئۇ ۋە ئۇنىڭ بولمىغۇر سىنىپى ئادەمنى ساراڭ قىلىپ قويىدۇ. دېمەكچى بولغىنىم سىزگە بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئاددىيلاشتۇرۇش زادىلا مۇمكىن ئەمەس. دېمەكچىمەنكى، خەقلەر سىزنى بىرلىككە كەلتۈر ياكى ئاددىيلاشتۇر دېسىلا بىرلىككە كەلتۈرسىڭىز ۋە ئاددىيلاشتۇرسىڭىز بولمايدۇ — دە. ئەپسۇسكى سىز ۋىنسون ئەپەندىنىڭ مىجەز — خاراكتېرىنى ئوبدان بىلمەيسىز. مەن دەيمەن، ئۇنىڭ بىلىمى بارلىقى بار، لېكىن كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى ھېچقانچە كاللىسى يوق.

ئەپەندىلەر، قەھۋە ئاخىر تەييار بولدى، — ئاندورىنى خانىم بىر پەتنۇستا قەھۋە ۋە پېچىنە كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى، — خولتون، ماڭا ئوغرىلىقچە قارىسىڭىز بولمايدۇ. مەن بەك ئاۋارىمەن.

— ياخشىمۇسىز ئاندورىنى خانىم، — دېدىم ۋە ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئاندورىنى ئەپەندى پېشمىنى تارتىپ جايىمغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. بېشىدىكى چاچ بۇدۇرلىگۈچى تۆمۈر قىسقۇچلار بىلەن تولغان، لەسۋۇرۇخمۇ سۇرمىگەن ئاندورىنى خانىم كۆرۈمسىزغىنا، ناھايىتى قېرى كۆرۈنەتتى.

— مانا مايەردە قويۇڭ، ئىككىڭلار سوۋۇتماي يەپ-ئىچىڭلار، — ئۇ پەتنۇسنى چاي ئۈستىلىگە قويۇپ، ئۇنىڭدىكى بوش ئىستاكانلارنى يىغىشتۇرۇپ بىر چەتكە قويدى، — ئاپىڭىز ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ، خولتون؟

— ناھايىتى ئوبدان تۇردى، رەھمەت. يېقىندا ئۇنى كۆرمىدىم. ئاخىرقى قېتىم...

— قەدىرلىكىم، خولتونغا بىرەر نەرسە لازىم بوپقالسا، يوتقان، كىرلىكلەرنى قويغان تام ئىشكاپىدىن ئىزدەڭ. ئەڭ ئۈستىدىكى جازىدا. بەك چارچاپ كەتتىم، چىقىپ ياتاي، — دېدى ئاندورىنى خانىم. تۇرقىدىن ھەقىقەتەن قاتتىق ھارغىنلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئورۇنۇڭلارنى ئۆزۈڭلار سېلىپ يېتىڭلار، بولامدۇ؟

— بىز ئۆزىمىزدىن خەۋەر ئالالايمىز، تېز چىقىپ يېتىۋېلىڭ، — دېدى ئاندورىنى ئەپەندى ۋە ئاندورىنى خانىمنى سۆيۈپ قويدى. ئاندورىنى خانىم مەن بىلەن خوشلىشىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇلار دائىم ئادەملەرنىڭ ئالدىدا سۆيۈشەتتى.

مەن يېرىم ئىستاكان قەھۋە قۇيدۇم. تاشتەك قېتىپ كەتكەن پېچىنىدىن يېرىم تالدەك يېدىم. ئاندورىنى ئەپەندى ئۆزىگە سۇدا سۇيى قوشۇلغان مۇزلۇق ۋىسكى قۇيدى. سۇنى ناھايىتى ئاز ئارىلاشتۇردى. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى سەل يىغمىسا ھاراقكەش بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

— ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا مەن دادىڭىز بىلەن چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولدۇم، — دېدى ئۇ تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا، — بۇنىڭدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ، يوق؟

— ياق، خەۋىرىم يوق.

— ئەلۋەتتە، كۆڭلىڭىزگىمۇ ئايان. ئۇ سىزگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدىكەن.

— بۇنی بىلمەن. ئۇنىڭ ماگا ئىنتايىن كۆگۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلمەن، — دېدىم مەن.

— روشەنكى، ئۇ ماگا تېلېفون بېرىشتىن بۇرۇن يېگى مەكتەپ مۇدىرىگىز يازغان، ئۇنى پەرىشان قىلغان ئۇزۇنىدىن ئۇزۇن خەتنى يېگىلا تاپشۇرۇۋالغانىكەن. ئۇ خېتىدە، سىزنى دەرسلەرگە پەقەتلا تىرىشمايدۇ، دائىم دەرس تاشلايدۇ، دەرسكە ئازراقمۇ تەييارلىق قىلماي كىرىدۇ، دەپتۇ. قىسقىسى، سىز ھەر جەھەتتىن...

— دەرس تاشلىمىدىم، مەكتەپتە دەرس تاشلاشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ناھايىتى ئاندا — ساندا بىر — ئىككى سائەت دەرسكە قاتناشمىدىم. مەسىلەن، بايا سىزگە دېگەن «ئېغىزچە ئىپادىلەش» دەرسىگە قاتناشمىدىم. لېكىن دەرس تاشلىمىدىم.

مېنىڭ زادىلا پاراگلاشقۇم يوق ئىدى. قەھۋە ئىچكەندىن كېيىن ئاشقازىنىم سەل ئارام بەردى، لېكىن بېشىمنىڭ ئاغرىقى كۈچىيىپ كەتتى.

ئاندورىنى ئەپەندى يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى. ئۇ تاماكىنى دەھشەت چېكىدىغۇنتەتتى.

— راستىتىمنى ئېيتسام، سىز بىلەن قانداق سۆزلىشىشمنى پەقەت بىلەلمەي قالدىم، خولتون.

— ئۆزۈمگە ئايان، مەن بىلەن سۆزلىشەلەيدىغانلار ناھايىتى ئاز. كۆگۈلۈمدە سان بار.

— مېنىڭچە، سىز ئاتقا مىنىۋېلىپ قارىسىغا چاپتۇرۇپ كېتىۋاتىسىز. ھامان بىر كۈنى يىقىلىپ كېتىسىز. ئىنتايىن قاتتىق يىقىلىسىز. راست گەپنى قىلسام، سىزنىڭ يىقىلىپ قانداق ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن... گېپىمنى ئاگلاۋاتامسىز؟

— ئاگلاۋاتىمەن.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇ قاتتىق باش قاتۇرۇپ ئويلىنىۋاتاتتى.

— بەلكىم سىز 30 ياشقا كىرگەندە، مەلۇم مەي-

خانىدا ئولتۇرغىنىڭىزدا ئۇ يەرگە كىرگەن ئۇنىۋېرسىتې-
تىتتا زەيتۇن توپ ئوينايدىغاندەك كۆرۈنگەن ھەربىر
ئادەمدىن نەپرەتلىنىشىڭىز مۇمكىن . ياكى سىز ئالغان
تەربىيە پەقەت « بۇ ، مەن بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
سىز » دېگۈچىلەرگىلا نەپرەتلىنىشكە كۇپايە قىلار .
ياكى بولمىسا سىز ئاخىر بېرىپ بىرەر سودا شىركىتى-
نىڭ ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ ، بەزى ھۆججەتلەرنى ،
قىسقۇچلارنى سىزگە يېقىن ئولتۇرغان تېز خاتىرىلى-
گۈچىگە تاشلاپ بېرەرسىز . بىلمىدىم ، دېمەكچى بول-
غانلىرىمنى ئۇقتۇڭىزمۇ ، يوق .

— ئۇقتۇم ، ئۇقتۇم ئەلۋەتتە ، — دېدىم مەن .
بۇنى مەن ھەقىقەتەن ئۇققانىدىم ، — سىزنىڭ نەپرەت-
لىنىش توغرىسىدىكى گەپلىرىڭىز توغرا بولمىدى . زەي-
تۇن توپ ئوينىغان تەنھەرىكەتچىلەردىن نەپرەتلىنىش
ھەققىدىكى گەپلىرىڭىزنى دەيمەن . راستلا توغرا گەپ
قىلمىدىڭىز . مەن نەپرەتلىنىدىغان ئادەملەر كۆپ ئە-
مەس . بەلكىم مەن بەزى ئادەملەرگە مەلۇم ۋاقىتلا نەپ-
رەتلەنگەن بولۇشۇم مۇمكىن . پانسىدا تونۇشقان سترات-
لېتا دېگەن ئاداش ، روبېرت ئاركۇرايتلاردەك نېمىلەرگە
بەزىدە ئۆچ بولدۇم . بۇنى ئېتىراپ قىلىمەن . دېمەكچى-
مەنكى ، ئۇلارغا نەپرەتلەنگەن ۋاقتىم ئۇزاق بولمايدۇ .
ئەگەر ئۇلارنى بىردەم كۆرمىسەم ، يەنى ئۇلار مېنى ئىز-
دەپ ياتىقىمغا كەلمىسە ، ياكى تاماق يېگىلى ئاشخانىغا
چىققىنىمدا بىر ـ ئىككى قېتىم كۆرمىسەم ، ئەكسىچە
ئۇلارنى سېغىنىپ قالىمەن . دېمەكچى بولغىنىم ، ئۇلارنى
ئاز ـ تولا سېغىنىمەن .

ئاندورىنى ئەپەندى خېلى ۋاقىت جىمىپ كەت-
تى . ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ، بىرپارچە مۇز ئېلىپ
ھاراق رومكىسىغا سالدى ـ دە ، قايتىپ ئورنىغا ئول-
تۇردى . ئۇنىڭ ئويلىنىۋاتقانلىقى چىرايىدىن ئىپادىلى-
نىپ تۇراتتى . مەن ئۇنىڭ گېپىنى شۇ تاپتا ئەمەس ،

ئەتە ئەتىگەندە قىلىشنى ئۇمىد قىلدىم. لېكىن ئۇ هازىر هاياجانلىنىۋاتاتتى. ئادەتتە شۇنداق بولىدۇ، سىزگە گەپ خۇشياقمىغانسېرى، قارشى تەرەپنىڭ گەپ خۇمارى تۇتۇپ، سىز بىلەن پىكىرلەشكۈسى كېپكىتەتتى.

— بوپتۇ ئەمىسە، گېپىمگە يەنە ئازراق ۋاقىت قۇلاق سېلىڭ... سۆزلەرنى ئىشلىتىشىم كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ مەسىلە ھەققىدە سىزگە بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن خەت يازىمەن. شۇچاغدا بۇنى تەلتۆكۈس چۈشىنىۋالىسىز. لېكىن ھازىرچە ئاڭلاپ قويۇڭ، — ئۇ يەنە ئەستايىدىل ئويلاندى، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىز ئات مىنىپ قارىسىغا چېپىۋاتىسىز، كەلگۈسىدە يىقىلىپ چۈشىسىز، دېگىنىم چاقچاق گەپ ئەمەس. بۇ يىقىلىش ناھايىتىمۇ ئالاھىدە، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر يىقىلىش بولىدۇ. يىقىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ يەرگە چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ ۋە ئاڭلىيالمايدۇ. پەقەت يىقىلىپ كېتىۋېرىدۇ. بۇ يىقىلىش قايسى خىلدىكى ئادەملەرگە تەييارلانغان؟ بۇ پەقەت شۇنداق بىر خىلدىكىلەر ئۈچۈن تەييارلانغانكى، ئۇلار ھاياتىنىڭ بۇ ياكى ئۇ مەزگىلىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇھىتىدا يوق مەلۇم نەرسىلەرنى ئىزدىمەكچى، ياكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۆزلىرىنىڭ مۇھىتى تەمىنلەپ بېرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئىزدىمەكچى بولۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىزدەشنى توختىتىدۇ. ئۇلار ھەتتا ھەقىقىي يوسۇنداق ئىزدەشكە كىرىشىشتىن ئىلگىرىلا ئىزدەشنى توختىتىدۇ.

— دېگەنلىرىمنى ئاڭلاۋاتامسىز؟

— ئاڭلاۋاتىمەن، ئەپەندىم.

— راست ئاڭلاۋاتامسىز؟

— راست.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى. رومكىسىغا ئازراق ۋىسكى قۇيۇپ قايتىدىن ئولتۇردى. بىرھازاغىچە گەپ - سۆز

قىلمىدى.

— سىزنى قەستەن قورقۇتۇۋاتقىنىم ئەمەس. بىراق ئىنتايىن ئېنىق كۆزۈم يېتىۋاتىدۇكى، سىز ئەرزىمەيدىغان مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن ئۇنداق ياكى بۇنداق شەكىل ئارقىلىق قەھرىمانلارچە ئۆلۈپ كېتىسىز، — ئۇنىڭ ماڭا قارىغان كۆزلىرىدە غەلىتە بىر نۇر چاقناپ كەتتى، — ئەگەر بىر قەغەزگە مەن نېمىنىدۇر يېزىپ بەرسەم، ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇرسىزمۇ، يېنىڭىزدىن ئايرىماي ئوبدان ساقلارسىزمۇ؟

— دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن، ئەلۋەتتە، — دېدىم مەن. شۇنداقلا دېگىنىمنى قىلدىم. مانا، ئۇ بەرگەن قەغەزنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

ئۇ ئۆيىنىڭ ئۇ بېشىدىكى ئىش ئۈستىلى يېنىغا بېرىپ، ئولتۇرماستىن بىر ۋاراق قەغەزگە نېمىلەرنىدۇر يازدى. ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈپ جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ گەپنى يازغۇچى كەسپىي شائىر ئەمەس، بەلكى ۋىلخام ستاكىل ئىسىملىك بىر روھىي ئانالىز ئالىمى. ئۇنىڭ يازغىنى... گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسىز، قانداق.

— ئەلۋەتتە، ئاڭلاۋاتىمەن.

ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەلۇم بىرئىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارى بىلەن قەھرىمانلارچە ئۆلۈپ كېتىش تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن ئەرلەرنىڭ بەلگىسى. مەلۇم بىر ئىشنى دەپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن شەرمەندىلەرچە ياشاش يېتىلگەن ئەرلەرنىڭ بەلگىسى.»

ئۇ بۇرۇلۇپ قەغەزنى ماڭا بەردى. مەن قەغەزنى ئېلىپ يېزىلغانلارنى ئوقۇدۇم ۋە رەھمەت ئېيتىپ يانچۇقۇمغا سالدىم. ئۇنىڭ ماڭا بۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلۈشى ئاسان ئىش ئەمەس، ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس. ئەپسۇسكى ئۇ چاغدا ئوبدانىراق پىكىر يۈرگۈزگۈممۇ يوق

ئىدى. ھەي، توساتتىن ئاناڭنى، ئىنتايىن چارچىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

ئەمما ئۇنىڭدا ھارغىنلىقتىن ئەسەر يوق. مۇھىمى ئۇ مەست ئىدى.

— مېنىڭچە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، — دېدى ئۇ، — سىز بارماقچى بولغان جاينى تېپىۋالسىز ۋە قەدىمىڭىزنى چوڭ ئېلىپ ماڭىسىز. بىراق، ياخشىسى بۇ قەدەمنى ھازىرلا ئېلىشىڭىز، بىرمىنۇت ۋاقتىنىمۇ ئىسراپ قىلماسلىقىڭىز كېرەك. بولۇپمۇ سىز.

ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرغانلىقتىن بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئەمما ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى تۈزۈك ئۇقالمىدىم. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى ئۇقۇۋېلىشقا قاتتىق ئىشەنچىم بار ئىدى. بىراق، ئاناڭنى چارچاپ ھالىم قالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئوچۇق ئاڭلىيالمىدىم.

— سىزگە گەپ قىلماي دېگەن، — دېدى ئۇ، — بىراق، مەن، ناۋادا سىز نەگە مېڭىشىڭىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغۇدەك بولسىڭىز، بىرىنچى قەدىمىڭىز مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇش بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلىدىم. مۇشۇنداق قىلمىسىڭىز زادى بولمايدۇ. چۈنكى سىز بىر ئوقۇغۇچى. خالىسىڭىزمۇ، خالىمىسىڭىزمۇ بىلىمنى سۆيۈشىڭىز كېرەك. مېنىڭچە، سىز بارلىق ۋىناس ئەپەندىم ۋە ئۇلارنىڭ «ئېغىزچە ئىپادىلەش» دەرسىنىڭ سىنىقىنى قوبۇل قىلىدىغانلا بولسىڭىز، شۇنى بايقايسىزكى...

— ۋىنسون ئەپەندى، — دېدىم مەن. ئۇ بارلىق ۋىناس ئەپەندى دېمەي، بارلىق ۋىنسون ئەپەندى دېمەكچى ئىدى. لېكىن مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمەسەم ياخشى بولاتتى.

— ھە ماقۇل، بارلىق ۋىنسون ئەپەندىم. سىز بارلىق ۋىنسون ئەپەندىمنىڭ سىنىقىنى قوبۇل قىلىد-

غانلا بولسىڭىز ، نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالالايسىز . ئۆگىنىش كويىدا بولىدىغان ، ئۆگىنىشكە بەل باغلايدى- غان ، سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگىنىدىغانلا بولسىڭىز ، سىز ئەڭ ئامراق بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالالايسىز ، دېگەنلىك . بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر بىلىم شۇكى ، سىز ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تېڭىرقاش ، قورقۇش ھەتتا كۆڭلى ئاي- نىشتەك ھېسسىياتتا بولغان ئادەمنىڭ تۇنجىسى ئۆزىڭىز ئەمـەسلىكىنى بايقايسىز . بۇ جەھەتتە ئازراقمۇ يېگانىلىق ھېس قىلمايسىز . بۇنى بىلگەندىن كېيىن ھاياجانلىنى- سىز ، ئىلھام ئالىسىز . تارىختا نۇرغۇنلىغان ئادەملەر سـىزنىڭ ھازىرقى ۋاقتىڭىزغا ئوخشاش ئەخلاق ۋە مە- نىۋى جەھەتلەردە تېڭىرقاش مەزگىلىنى بېشىدىن ئۆت- كۈزگەن . بەختكە يارىشا بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ تې- ڭىرقاش كەچۈرمىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويغان . سىز ئۇلاردىـن ئۆگەنسىڭىز ــــ خالايدىغانلا بولسىڭىز ــــ بو- لىدۇ . ناۋادا كېيىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىز بىرەر تۆھپە ياراتسىڭىز ، باشقىلارمۇ سىزدىن ئۆگىنىدۇ . مانا بۇ ئىن- تايىن خاسىيەتلىك مېتامېسسخوز ( بۇددىزىمدا جانلىق نـەرسىلەر چاقىنىڭ ئايلىنىشىغا ئوخشاش ، جەننەت ، دوزاخ ، پانىي ئالەم قاتارلىق ئالتە دائىرىدە تەكرار ئايلى- نـىپ يۈرىدۇ ، دېگەن تەلىمات ) لۇق ئورۇنلاشتۇرۇش ، ھـالبۇكى بۇ مائارىـپ ئەمەس ، بۇ تارىخ ، بۇ شېئىر ، ــــ ئۇ تـوختاپ رومكىدىكى هاراقتىن چوڭ بىر ئوتلىۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى . ھەي ، ھەقىقەتەن قىزىشىپ سـۆزلەۋاتاتتى . مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىش ئويىدا بولمىغانلىقىمدىن خۇشاللاندىم ، ــــ مەن سىزگە تەربىيە ئالغان ۋە بىلىملىك كىشىلەرلا بۇ دۇنياغا بۈيۈك تۆھپى- لەرنى قوشىدۇ ، دېمەكچى ئەمەسمەن . چۈنكى بۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس ، ئەلۋەتتە . بىراق مەن دەرۋەقە تـەربىيە ئالغان ۋە بىلىملىك ئادەملەردە ئەگەر ئەقىل — پاراسەت ۋە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارى بولسا ــــ ئەپسۇسكى

بۇنداق ئەھۋال كۆپ ئەمەس — ئۇلار كېيىنكىلەرگە
قالدۇرغان خاتىرە يالغۇز ئەقىل - پاراسەت ۋە ئىجاد قى-
لىش ئىقتىدارىلا بار كىشىلەرگە قارىغاندا ، ھەقىقەتەن
كۆپ قىممەتلىك دېمەكچىمەن . چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى-
نىڭ ئوي - پىكرىنى تېخىمۇ ئوچۇق ئىپادىلەيدۇ . ئا-
دەتتە ئۇلاردا ئۆز ئوي - پىكرىنى ئاداققىچە ئىزچىللاش-
تۇرۇش قىزغىنلىقى بار . شۇنىڭدەك — ئەڭ مۇھىم بىر
نۇقتا — ئۇلارنىڭ ئۇندىن توققۇزى بىلىمى يوق مۇتە-
پەككۇرلارغا قارىغاندا كۆپ كەمتەر . سىز گېپىمگە
قۇلاق سېلىۋاتامسىز ، قانداق ؟

— قۇلاق سېلىۋاتىمەن ، ئەپەندىم .

ئۇ خېلىغىچە زۇۋان سۈرمىدى . سىز مۇنداق بىر
ئىشقا يولۇققانمۇ ، قانداق بىلمىدىم ، خەقنىڭ گەپ قى-
لىشىنى كۈتۈپ ، ئۇنىڭ بېرىلىپ ئويلىنىۋاتقانلىقىغا
قاراپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر جازا . ھەقىقەتەن ئېغىر
جازا . ئامال بار ئەسنىمەسلىككە تىرىشتىم . بۇ ھەرگىزمۇ
قاتتىق زېرىككەنلىكىمدىن ئەمەس . زادىلا ئۇنداق ئە-
مەس . ئەمما بىردىنلا شۇنداق بەك ئۇيقۇم كەلدى .

— مەكتەپ مائارىپى سىزگە يەنە باشقا پايدىلىق
نەرسىلەرنىمۇ بەخش ئېتىدۇ . سىز ئالغان تەربىيە مەلۇم
دەرىجىگە يەتكەندە ، سىز كاللىڭىزدىكى ئۆلچەم ۋە باش-
قىلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقى ،
قايسىسىنىڭ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى بايقى-
يالايسىز . مۇشۇ مەزگىلدىن ئۆتۈپلا كەتسىڭىز كۆڭلى-
ڭىزدە سان بولىدۇ ، سىزدەك ئۆلچەمدىكى كاللىدا قايسى
تىپتىكى ئوي - پىكىر بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلىۋالى-
سىز . مۇھىمى سىزگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ، ئورۇنلۇق
بولمىغان بەزى ئوي - پىكىرلەرنى قارىغۇلارچە سىناپ
باقماسلىق ئۈچۈن ، سىزگە بىرمۇنچە ۋاقىت تېجەپ
بېرىدۇ .

ئۇشتۇمتۇت قاتتىق ئەسنەۋەتتىم . تازىمۇ ئەدەب-

سىز ئىشەككەنمەن . لېكىن ئۆزۈمنى پەقەتلا باشقۇرالماي قالدىم .

بىراق ئاندورىنى ئەپەندى كۈلۈپ قويدى .

— يۈرۈڭ ، — دېدى ئۇ ۋە ئورنىدىن تۇردى ، — بىز بىرىپ ئورۇنىمىزنى راسلايلى .

مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە تام ئىشكاپنىڭ يېنىغا كەلدىم . ئۇ ئىشكاپنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى جازىسىدىن يوتقان ، كۆرپە دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالماقچى بولدى . لېكىن قولىدا رومكا بولغاچقا ئالغىلى بولمايتتى . شۇڭا ئۇ رومكىدىكى هاراقنى ئىچىپلا تۈگىتىۋېتىپ رومكىنى پولغا قويدى . ئاندىن ئۇ نەرسىلەرنى ئالدى . مەن ئۇ نەرسىلەرنى ئۇزۇن كارىۋاتقا ئاپاردىم . ئىككىمىز ئورۇن سالدۇق . ئۇنىڭ بۇ ئىشقا تۈزۈك ئېپى يوق ئىدى . يوتقان ، كىرلىكلەرنى چىرايلىق سالمىدى . لېكىن بۇنىڭدىن پەرۋايىم پەلەك . شۇنچىلىك هارغانىدىمكى ، ئۆرە تۇرۇپمۇ ئۇخلاۋەرگۈدەك هالدا ئىدىم .

— قىز دوستلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ياخشىمۇ ؟

— ئۇلار يامان ئەمەس ، — ئارانلا سۆزلىدىم . ئۇ چاغدا ھەقىقەتەن ماڭا گەپ پەقەتمۇ تېتىمايتتى .

— سارى ياخشىمۇ ؟ — مەن تونۇشتۇرۇپ قويغاچقا ئۇ سارى خايېسنى تونۇيتتى .

— بەلەن قىز ، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ بىللە ئوينىدىم ، ئىككىمىزنىڭ ئورتاق تەرەپلىمىز كۆپ ئەمەس ، — بۇ ماڭا گويا 20 يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشلاردەك تۇيۇلدى !

— ئايدەك گۈزەل قىز . يەنە بىر قىزچۇ ، ئىلگىرى ماڭا دەپ بەرگەن ھېلىقى مايىنلىقچۇ ؟

— ھە ، جېن گاللاگ . بەلكىم ئەتە ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا سۆزلىششىم مۇمكىن .

بىز ئورۇننى راسلاپ بولدۇق .

— ئۆز ئۆيىڭىزدەك تارتىنماڭ ، — دېدى ئان-

دورىنى ئەپەندى، — پۇتلىرىڭىزنى قەيەردىمۇ قويار-
سىز، ھېچ بىلەلمىدىم.

— كىرەك يوق. مەن قىسقا، كىچىك كا-
رىۋاتلاردا يېتىپ كۆنۈپ كەتكەن. سىزگە كۆپتىن —
كۆپ رەھمەت. بۈگۈن ئاخشام سىز ۋە ئاندورىنى خانىم
جېنىمنى قۇتقۇزۇۋالدىڭلار، — دېدىم مەن.

— ھاجەتخانىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىدى-
غانسىز — ھە. بىرەر نەرسە لازىم بولسا مېنى چاقىرىڭ.
ئاشخانىدا قىلىدىغان ئازراق ئىشىم بار. چىراغ يورۇق
تۇرىۋەرسە بولامدۇ، بولمامدۇ.

— ھە، بولىدۇ تۇرىۋەرسۇن، رەھمەت سىزگە.

ھە بوپتۇ. ئەتە كۆرۈشەيلى، سەتەڭ يىگىت!

— ئەتە كۆرۈشەيلى، ئەپەندىم. رەھمەت سىزگە.

ئۇ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. مەن ھاجەتخانىغا
كىرىپ كىيىملىرىمنى سالدىم. چىش چوتكام يوق،
چىشىمنى چوتكىلىيالمىدىم. ئۇخلاش كىيىملىرىممۇ
يوق. ئاندورىنى ئەپەندى بېرىشنى ئۇنتۇپ قالدى. شۇڭا
نائىلاج مېھمانخانىغا چىقىپ كارىۋات بېشىدىكى چىراغنى
ئۆچۈرۈۋېتىپ كارىۋاتتا كۇسارچانلا يوتقانغا كىردىم.
كارىۋات ھەقىقەتەن قىسقا ئىدى. لېكىن مەن ھازىر ئۆرە
تۇرۇپمۇ، كۆزۈمنى يۇمماي ئۇخلايدىغان ھالدا ئىدىم.
بىرنەچچە مىنۇت ئويغاق يېتىپ ئاندورىنى ئەپەندىنىڭ
بايا دېگەنلىرىنى، يەنى كاللىڭىزنىڭ ئۆلچىمى دېگەندەك
بىرنېمىلەرنى تېپىش ھەققىدىكى گەپلىرىنى ئويلىدىم.
ئۇ ھەقىقەتەن كاللىسى ئۆتكۈر كاساپەت. لېكىن ئۆلگۈر
قاپاقلىرىم ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي يۇمۇلۇپ ئۇخلاپلا
كەتتىم.

ئارقىدىنلا ئاجايىپ بىر ئىش بولدى. ئۇنى
سۆزلىگۈممۇ كەلمەيۋاتىدۇ.

بىردىنلا ئويغىنىپ كەتتىم. قايسى ۋاقىت بول-
غانلىقىنىمۇ ئۇقمايمەن، ئىشقىلىپ، بىردىنلا ئويغىنىپ

كەتتىم — دە، بېشىمدا قانداقتۇر بىرنەرسە، قولدەك بىرنەرسە باردەك سەزدىم. قورقۇپ جېنىم چىقتى. قارىسام ئاندورىنى ئەپەندىمنىڭ قولىكەن؟ ئۇ نېمە قىلىۋاتىدۇ دېمەمسىز؟ كارىۋىتىم يېنىدا. پولدىلا ئولتۇرۇپ قاراڭغۇدا بېشىمنى سىلاۋاتىدۇ. باغلىشىمەنكى مەن رەسمىي چىچاڭشىپ سەكرەپ كەتتىم:

— ئاناڭنى، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟

— ھېچنېمە! پەقەت ئولتۇرۇپ سىزگە زوقلىنىپ...

— زادى نېمە قىلماقچىسەن؟ — دېدىم يەنە، ئاناڭنى، قىلىدىغان گېپىمنى تاپالمىدىم. ئۇ چاغدا بەكمۇ ئىزا تارتىپ كەتكەنىدىم.

— خوش بولاي، بوش گەپ قىلىڭ. مەن پەقەت ئولتۇرۇپ...

— مەن كېتىمەن، ھىم، — دېدىم مەن. ئىنتايىن جىددىيلىشىپ قاراڭغۇدا شىمىمنى تېپىپ كىيدىم. شۇنچىلىك جىددىيلىشىپ كەتكەنىدىمكى، شىمىمنى دەرمەھەل ئوڭشاپ كىيەلمەي كەتتىم. مەن مەكتەپلەردە جىنسىي غەيرىي نورمال نېمىلەرنى ھەرقانداق بىرسىدىن كۆپ كۆرگەن. چۈنكى مېنى كۆرسىلا ئۇ نېمىلەرنىڭ كۆڭلى سويۇلۇپ ئۆزلىرىنى تۇتالمايتتى.

— نەگە بارىسىز، — دېدى ئاندورىنى ئەپەندىم. ئاناڭنى، ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك ئەركىن، تەمكىن كۆرسەتتى. لېكىن ئۇ تەمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ گېپىمگە ئىشەنسىڭىز بولىدۇ.

— سومكىلىرىم ۋوگزالدا قالغان. جىمى نەرسىلىرىم شۇنىڭدا ئىدى. ھازىرلا بېرىپ ئەكىلىۋالاي دەيمەن.

— ئەتە ئەتىگەندە ئالسىڭىزمۇ بولىدۇ. ھازىر ئۇخلاڭ، مەنمۇ چىقىپ ئۇخلايمەن. سىزگە نېمە بولدى؟

— ھېچنېمە ، بىر چامادانىدا جىمى پۇللىرىم بار ئىدى . دەرھال بېرىپ ئەكېلىۋالاي . تاكسى بىلەن بې-رىپ ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن ، — ھەي ، قاراڭغۇدا مۇدۇرۇپ ئېگىز – پەس دەسسەيتتىم ، — ئۇ پۇل مېنىڭ ئەمەس ، ئاپامنىڭ ئىدى . مەن . . .

— تولا بىلجىرلىماڭ ، خولتون ، تېزدىن ئۇخلاڭ . مەنمۇ چىقىپ ئۇخلاي . پۇلىڭىز يىتۇپ كەتمەيدۇ . ئەتە ئەتىگەندە . . .

— ياق ، مەن چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق . بارمى-سام بولمايدۇ . راستلا بارمىسام زادى بولمايدۇ ، — ئا-ناڭنى ، پۈتۈنلەي كىيىنىپ بولغانىدىم ، پەقەت گالس-تۇكۇمنى تاپالمايۋاتاتتىم . ئۇنى نەدە قويغانلىقىمنى ھېچ بىلمىدىم . شۇڭا گالستۇكۇمنى باغلىمايلا چاپىنىمنى كىيدىم . ئاندورىنى ئەپەندى يوغان بىر ئورۇندۇقتا ئول-تۇرۇپ ماڭا تىكىلدى . ئۆي ناھايىتى قاراڭغۇ ، ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرەلمىسەممۇ ، ماڭا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغانلىقىنى بىلەتتىم . ئۇ تېخى ھاراق ئىچىۋاتاتتى . ئۇنىڭ قولىدىكى مۇزلۇق ۋىسكى قۇيۇلغان رومكىنى خىرە – شىرە كۆردۈم .

— سىز ئاجايىپ ، ئاجايىپ غەلىتە بالا ئىكەن-سىز .

— بۇنى بىلىمەن ، — دېدىم ، گالستۇكۇمنى ئوبدانىراق ئىزدەپ باقاي دېمەي مېڭىشقا ئالدىرىدىم ، — خوش ئەپەندىم ، سىزدىن كۆپ مىننەتدارمەن . يالغان ئەمەس .

ئىشىككە ماڭغىنىمدا ئۇ كەينىمدىن چىقتى . لىفتنىڭ قوڭغۇرىقىنى باسقان چاغدا ، ئۇ ئىشىك ئالدىدا قاراپ تۇردى . باشقا گەپ قىلماي ، بايىقى « ئاجايىپ ، ئاجايىپ غەلىتە بالا ئىكەنسىز » دېگەن گېپىنى تەكرا-لىدى . ئاناڭنى خۇمسى ! ئۇ تاكى لىفت چىققۇچە ساقلاپ تۇردى . مەن ئۆمرۈمدە لىفتنى بۇنداق ئۇزاق

ۋاقىت ساقلىمىغانىدىم. خۇدا ھەققى.

— ئەمىسە ئىشكنى ئەتمەيمەن، چامادانىڭىزنى ئېلىپلا بۇ يەرگە كېلىڭ.

— كۆپ رەھمەت، خەير - خوش، — دېدىم - دە، ئۇزاقتا چىققان لىفتقا كىردىم. ھەي، ساراڭلىقىم تۇتقاندەك لاغىلداپ تىترەپ كەتتىم. پۈتۈن ئەزايىم تەرگە چۆمۈلدى. ھەر قېتىم مۇشۇنداق جىنسىي غەيرىي نورمال كىشىلەرگە يولۇقسام مۇشۇنداق بولاتتىم. بالا چېغىمدىن تارتىپ ھېسابلىسام، بۇنداق ئىشقا 20 قېتىمچە يولۇقتۇم. ماڭا قاتتىق ھار كەلدى.

# 25

سىرتقا چىقسام، تاڭ سۈزۈلگەنىكەن، لېكىن سوغوقمۇ جاندىن ئۆتەتتى. پۈتۈن بەدىنىم تەر بولغاچقا، سىرت ماڭا ئاجايىپ راھەت بىلىندى.

ئاناڭنى، مەن نەگە بېرىشىمنى بىلەلمىدىم. فوئېبىنىڭ پۈلىنى خەجلەپ مېھمانخانىغا بېرىشقا كۆڭلۈم تارتمىدى. ئاخىر لېكستونغا قاراپ ماڭدىم. ئۇ يەردە يەر ئاستى پويىزىغا ئولتۇرۇپ مەركىزىي چوڭ ۋوگزالغا بارغىلى بولاتتى. چامادانلىرىم شۇ يەردە ئىدى. پويىز كۈتۈش زالىدا ئۇزۇن ئورۇندۇقلار بار ئىدى. مەن شۇ يەردە ئۇخلىماقچى بولدۇم ۋە شۇنداق قىلدىم. ئۇ يەردە ئادەم كۆپ ئەمەس ئىدى. بىرئاز ۋاقىت خېلى ئوبدان ئۇخلىدىم. ئەمما بۇ ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگۈم يوق. چۈنكى بۇ ياخشى ئىش ئەمەس، سىز ھەرگىز ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ باقاي دېمەڭ. راست دەۋاتىمەن. ئۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزنى قىيناپ قويىسىز.

سائەت توققۇزلارغىچە ئۇخلىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەملەر ئېقىن سۇدەك ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. مەن ئۇخلىيالماي، ئورۇندۇققا قويۇۋالغان پۇتلى-

رىمنى يەرگە چۈشۈرۈپ ئولتۇردۇم. بېشىمنىڭ ئاغرىقى پەسلىمەكتە يوق، كۆچىيىپ كەتتى. مەن ئۆمرۈمدە بۇنچىلىك قىينالمىغان، جاپا تارتمىغانىدىم.

خالىمىساممۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئاندورىنى ئەپەندىنى ئويلاپ قالدىم. ئاندورىنى خانىم مېنىڭ يوقلۇقىمنى بايقاپ، سوراپ قالسا ئاندورىنى ئەپەندىم نېمە دەر دەپ ئويلىدىم. بىراق بۇ ئىشتىن غەم قىلمايمەن. ماگا مەلۇم، ئاندورىنى ئەپەندىنىڭ چوتۇسى تولا. ئاغزىغا كەلگەن گەپنى دەپ خانىمنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايدۇ. مېنى ئۆيىگە كەتتى دېيىشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭدىن غەم قىلمايمەن. خاتىرجەم بولالمايۋاتقان بىر ئىش، مەن ئۆزۈمنىڭ قانداقلارچە تۇيۇقسىز ئويغىنىپ، ئۇنىڭ بېشىمنى سىلاۋاتقانلىقىنى بايقىغانلىقىمنى ھېچ بىلەلمىدىم. دېمەكچىمەنكى، بەلكىم پەرىزىم خاتادۇر. ئۇ مېنىڭ بېشىمنى ئۇ مەقسەتتە سىلاپ ئويىنىمىغاندۇ. مېنىڭدە بەلكىم ئۇنىڭدا باشقىلار ئۇخلاۋاتقاندا بېشىنى سىلاپ قويىدىغان بىر ھەۋەس باردۇ، دېگەن گۇمان تۇغۇلدى. مەن دېيمەن، بۇنداق ئىشقا سىز قانداق ھۆكۈم قىلالايسىز. ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن چامادىنىمنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدەمدە تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بارايمۇ ـ بارمايمۇ دەپ ئويلىنىپ قالدىم. دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، ناۋادا ئۇ ئوخشاش جىنسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغانلاردىن بولغان تەقدىردىمۇ، ماگا ئىزچىل دوستانە مۇئامىلىدە بولۇپ كەلدى. تۈن كېچىدە تېلېفون بەرسەممۇ، رەنجىمەستىن كۆڭلىگىز تارتسا دەرھال ئۆيۈمگە كېلىڭ، دېدى. ئاۋارىچىلىق دەپ قارىماستىن ماگا سەممىي نەسىھەت قىلىپ كاللامنىڭ ئۆلچىمى دېگەندەك نېمىلەرنى ئىزدەپ تېپىشىمنى تەۋسىيە قىلدى.

سىزگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن جامېسى كاتىر ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭ قېشىغا شۇلا يۈرەكلىك ھالدا

باردى. مۇشۇ ئىشلارنى كۆڭلۈم ئىكرانىدىن بىرمۇبىر ئۆتكۈزۈپ بىر قىسما بولۇپ قالدىم. بەلكىم ئۇ بېشىمنى مۇنداقلا سىلاپ قويغاندۇ، ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتىپ بېرىشىم كېرەكتۇ دەپ ئويلىدىم. ئىشقىلىپ، خىياللار بىلەن بېلىم بوشاپ، روھىم چۈشۈپ كەتتى. ھەممىدىن يامىنى قېنىپ ئۇخلىمىغاچقا كۆزلىرىم قۇم تىققاندەك ئېچىشىپ ئاغرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازراق تومۇقاپ قاپتىمەن. قول ياغلىقىمۇ يوق. چامادانىدىغۇ بىرنەچچىسى بار. لېكىن ئۇنى ساقلاش ئورنىدىن ئېلىپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئېچىپ يۈرۈشنى خالىمىدىم.

يېنىمدا ئۇزۇن ئورۇندۇقتا كىمدۇر بىرى ژۇرنىلىنى تاشلاپ كېتىپتۇ. دىققىتىمنى بۇراپ، ئاندورىنى ئەپەندىم ۋە باشقا نۇرغۇن ئىشلار ھەققىدە ۋاقتىنچە ئويلىماسلىق ئۈچۈن، ژۇرنالنى كۆردۈم. لېكىن ژۇرنالدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپ كەيپىم تېخىمۇ ئۇچتى. ئۇنىڭدا يېزىلغىنى ھورمۇن ھەققىدىكىلا گەپلەركەن. يەنى تىنىڭىزدىكى ھورمۇن نورمال بولسا چىرايىڭىزنىڭ، قاراشلىرىڭىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى يېزىلغانىكەن. ئەمما مەندە ھازىر ئۇنىڭدىكى ھورمۇن نورمالسىز ئادەملەردە بولىدىغاندەك ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. شۇڭا مەن ئۆزۈمدىكى ھورمۇنلارنىڭ غېمىنى يېيىشكە باشلىدىم. يەنە بىر ماقالىدە ئادەم ئۆزىدە راك كېسىلى يوقلۇقىنى ئالدىن قانداق بىلىش ھەققىدە، ئەگەر ئاغزىڭىزدا جاراھەت بولۇپ بىر مەزگىل داۋالىنىڭىزمۇ ساقايمىسا، ئۇ راكنىڭ ئالامىتى بولۇشى مۇمكىن دېگەندەك گەپلەر يېزىلغانىكەن. مېنىڭمۇ لېۋىمنىڭ ئىچى جاراھەت بولۇپ قېلىپ ئىككى ھەپتىدىن بېرى ساقايمىغانىدى. شۇڭا مەن راك كېسىلى بوپقالدىممۇ — نېمە، دەپ گۇمانلىنىپ قالدىم. بۇ ژۇرنالنى بىر روھىي قوزغاتقۇچ دېسە بولىدىكەن. كېيىن ژۇرنالنى تاشلىۋېتىپ ئايلىنىپ كىرەي دەپ سىرتقا چىقتىم. ئىشقىلىپ،

مەن راك كېسىلى بوپقاپتىمەن، بىر ـ ئىككى كۈن ئىـ
چىدە ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن دېگەن يەرگە كەلـ
دىم، راستلا شۇنداق ئويلىدىم. ھەتتا چوقۇم ئۆلۈپ
كېتىمەن دەپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم ھۆكۈم قىلدىم. ئەلۋەتتە،
بۇ تۇيغۇ كۆڭلۈمگە ئارام بەخش ئەتمەيتتى.
ھاۋانىڭ ئەپتىدىن يامغۇر ياغىدىغاندەك تۇراتـ
تى. شۇنداقتىمۇ ئايلىنىپ كېلەي دەپ ماڭدىم. ئاساسـ
لىقى ناشتا قىلىۋالاي دېدىم. قورسىقىم ئاچمىدى.
شۇنداقتىمۇ ئازراق بىرنېمە يېمىسەم، ۋىتامىن تولۇقلىـ
ـمىسام بولمايتتى. شۇڭا شەرق تەرەپكە قاراپ مېڭىپ
كەتتىم. ئۇ تەرەپلەردە ئەرزان باھالىق ئاشپۇزۇللار
كۆپ، مېنىڭ جىق پۇل خەجلىگۈم يوق ئىدى.
كېتىۋېتىپ ئىككى ئاداشنىڭ ئاپتومۇبىلىدىن
مىلاد بايرىمىلىق دەرەخ چۈشۈرۈۋاتقانلىقىغا كۆزۈم
چۈشتى. ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە:
—— كۆتۈرمەمسەن بۇ جالاپنىڭ بالىسىنى! كۆـ
تۈر! ئەستەغپۇرۇللا! —— دېدى.
مىلاد بايرىمىلىق دەرەخنى جالاپنىڭ بالىسى دېـ
يىش ھەقىقەتەن ئاڭلىمىغان، لېكىن ناھايىتى قورقۇنچـ
لۇق بىرگەپ، بۇ گەپ قۇلىقىمغا غەيرىي ئاڭلىنىپ
كۈلگۈم كەلدى ـ دە، ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتىم. ئەمما
بۇنىڭ بىلەن چاتاقنىڭ چوڭى چىقتى. يەنى كۈلۈشۈم
بىلەن تەڭ كۆڭلۈم ئېلىشىپ كەتتى. راستىنلا شۇنداق
بولدى. ھەتتا قۇسۇپمۇ تاشلىدىم. لېكىن تېزلا ياخشى
بوپقالدىم. نېمىش بوپكەتكەنلىكىنى پەقەت ئۇقالمىدىم.
دېمەكچى، مەن قالايمىقان، پاسكىنا نەرسىلەرنى يېمىـ
گەن، ئاشقازىنىممۇ ئەزەلدىن ياخشى ئىدى. ھە، ھەرـ
ھالدا ئاستا ـ ئاستا ياخشى بوپقالدىم. ئازراق بىر نەرسە
يېسەم پۈتۈنلەي ئوڭشىلىپ قالارمەن، دېگەن ئوي بىـ
لەن سىرتىدىن ناھايىتى تامىقى ئەرزاندەك كۆرۈنگەن
بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ، بىر پوشكال بىلەن بىر ئىستاـ

كان قەھۋە بۇيرۇدۇم. ئەمما پوشكالنى يېمىدىم. گېلىمدىن زادىلا ئۆتمىدى. ئەگەر كۆڭۈل پەرىشان، كەيپىيات چۈشكۈن بولغاندا، ئادەمنىڭ گېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمەيدۇ. كۈتكۈچى يامان ئەمەس ئىكەن، پوشكالنى قايتۇرۇپ كەتتى ۋە پۇل ئالمىدى. مەن قەھۋەنىلا ئىچىپ ئاشپۇزۇلدىن چىقتىم ــ دە، 5 ــ كوچىغا قاراپ ماڭدىم.

بۈگۈن دۈشەنبە، مىلاد بايرىمىغا ئازلا قالغان. جىمى دۇكانلار ئېچىلغان، بۇ كوچىدا سەيلە قىلىشمۇ كۆڭۈللۈك، كوچا بايرام تۈسىگە كىرگەن، ئاۋاق مىلاد بوۋايلار بۇلۇڭلاردا تۇرۇپ قوڭغۇراقلارنى چالاتتى. نىجاتلىق قوشۇنىدىكى قىزلار ــ ھېچقانداق گىرىم قىلمىغانمۇ قوڭغۇراق چالاتتى. ئۇ يان ــ بۇ يان كۆز يۈگۈرتۈپ، تۈنۈگۈن بىرگە ناشتا قىلغان موناخلارنى ئىزدىدىم، لېكىن ئۇلارنى كۆرمىدىم. بۇنداق بولۇشىنىمۇ بىلەتتىم. سەۋەب، ئۇلار نيۇ ــ يوركقا ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي خېلى ئىزدىدىم. قانداقلا بولمىسۇن ھەممىياق بايرام كەيپىياتىغا چۆمگەن. نۇرغۇنلىغان بالىلار ئانىلىرى بىلەن شەھەر مەركىزىدە يۈرەتتى. ئاپتوبۇسقا چىقىپ چۈشۈۋاتاتتى. دۇكانلارغا كىرىپ چىقىۋاتاتتى. فوئېبېنىڭ يېنىمدا بولۇشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلدىم. ئۇ ھازىر ئويۇنچۇق ماگىزىنلىرىغا كىرسە خۇشال قىن ــ قىنىغا پاتمايدىغان سەبىي قىزلاردىن بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا قاينام ــ تاشقىنلىقىنى ياخشى كۆرەتتى. خۇشال بولاتتى. ئالدىنقى يىلى مىلاد بايرىمىدا مەن ئۇنى ئېلىپ شەھەر مەركىزىگە نەرسە ــ كېرەك سېتىۋالغىلى ئەكەلگەنىدىم، بىز خۇشال ــ خۇرام بازار ئارىلىغانىدۇق. شۇ چاغدا بلۇمىنگدال شىركىتىدىكى ئىش يادىمغا كەلدى. بىر ئاياغ بۆلۈمىگە كىرىپ، فوئېبېغا يامغۇرلۇق ئۆتۈك ئالىدىغان قىياپەتتە ئارىلىدۇق. ئۇنداك ئۆتۈكلەر سا-

ماندەك تولا ھەممىسى شوينىلىق ئىكەن . بىز بىچارە
پىر كازچىكنىڭ ھالىغا ۋاي قىلىشۇەتتۇق . فوئېبې 20 دەك
ئۆتۈكنى كىيىپ باقتى . ھەر قېتىمدا پىر كازچىك ئىگە-
شىپ ئۆتۈكنىڭ شوينىسىنى چىگىپ — يەشتى . بۇ تو-
لىمۇ بولمىغۇر ئىش بولدى . لېكىن فوئېبې بەك خۇشال
بولدى — ئاخىر ئۆتۈكتىن بىرنى ئېلىپ پۇلنى تۆلە-
دۇق . پىر كازچىك ئىنتايىن سەۋرچان ، مۇلايىم ئىكەن .
فوئېبې پۇچۇق قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك كۈلۈشۈر-
گەچكە ، ئويلايمەنكى ، ئۇمۇ بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئوي-
نىشىۋاتقانلىقىمىزنى بىلدى .
ھەي ، مەن 5 ـ كوچىغا كېتىۋاتىمەن ، بوينۇمدا
گالستۇك يوق . ئۇشتۇمتۇت ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر
ئىش يۈز بەردى . مەن ھەر قېتىم كوچىنى كېسىپ ئۆت-
كەندە ، يولنىڭ قىرىدىكى تاشتىن پۇتۇمنى ئېلىش بى-
لەن تەڭلا كۆڭلۈمدە كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە مەڭگۈ يې-
تىپ بارالمايدىغاندەك غەلىتە بىر تۇيغۇ پەيدا بولاتتى .
ماڭا مەڭگۈ توختىماي مېڭىپ كېتىۋېرىدىغاندەك ، مېنى
ھېچكىم قايتا كۆرەلمەيدىغاندەك بىلىنىپ قورقۇپ كې-
تەتتىم . سىز ھەتتا بۇنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايسىز ، پۈ-
تۈن تېنىم قارا تەرگە چۆمۈلىدۇ ، كۆڭلەك ۋە ئىچ كى-
يىملىرىم چىپلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىدۇ . شۇ
سەۋەبتىن مۇنداق بىر چارە تاپتىم . يەنە ھەر قېتىم
كوچىدىن كېسىپ ئۆتمەكچى بولغىنىمدا ئىنىم ئايرى
بىلەن سۆزلەشكەن قىياپەتكە كىرىۋالدىغان بولدۇم .
ئۇنىڭدا : « ئايرى ، مېنى يوقىتىپ قويما ئايرى ، مېنى
يوقىتىپ قويما ئايرى مېنى يوقىتىپ قويما . خۇش بوپ-
كېتەي ئايرى » دەيتتىم . كوچىنىڭ بۇ بېشىغا بارغان
چاغدا ، ئۆزۈمنىڭ يوقىلىپ كەتمىگىنىنى بىلىپ ئۇنىڭغا
رەھمەت ئېيتاتتىم . يەنە بىر كوچىدىن كېسىپ ئۆتۈشكە
توغرا كەلگەندە ، يەنە باشتىن باشلايتتىم . ئالدىمغا مې-
ڭىۋېرەتتىم . بەلكىم توختاپ قېلىشتىن قورقسام كېرەك .

ئويلايمەنكى، تۈزۈك ئېسىمدە قالماپتۇ، راست دەۋاتمەن. ماڭا مەلۇم، مەندە نەچچىنچى كوچىغا بارغان، هايۋانات باغچىسى دېگەنلەردىن ئۆتۈپ بولغاندا، ئاندىن توختىدىم. ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. بۇ چاغدا مەن قارا تەرگە چۆمۈلگەن، هاسىراپ دېمىم كېسىلگەندى. ئويلايمەنكى، ئۇ يەردە بىر سائەتتەك ئولتۇردۇم. ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، يىراقلارغا كېتىش قارارىغا كەلدىم، ئۆيگە هەرگىز قايتمايمەن، باشقا بىرەر نەس باسقۇر مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇمايمەن دېگەن يەرگە كەلدىم. فوئېبې بىلەن يەنە بىر نۆۋەت كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ بايراملىق پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋېلىش، ئاندىن ماشىنا توسۇپ ئولتۇرۇپ غەربكە كېتىشنى قارار قىلدىم. مەن مۇنداق ئويلىدىم، ئاۋۋال گوللاندىيە تونىلىغا بېرىپ پۇلسىز ماشىنىغا ئولتۇراي، ئاندىن يەنە بىر پۇلسىز ماشىنىغا، يەنە بىرسىگە ئولتۇراي. شۇنداق قىلسام نەچچە كۈندىلا غەربكە بېرىۋالىمەن. ئۇ يەر قۇياش پارلاپ تۇرغان، مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەل جاي؛ ئۇ يەردە مېنى هېچكىم تونۇمايدۇ، خىزمەت تاپىمەن. مېنىڭچە بىرەر ماي قاچىلاش پونكىتىدا ئىشلەپ، خەقلەرنىڭ ماشىنىسىغا ماي قاچىلاپ بەرسەم بولىدۇ. بىراق خەق مېنى تونۇمىغاندىكىن، مەن خەقنى تونۇمىغاندىكىن، قانداقلا خىزمەت تاپسام بولىۋېرىدۇ. مۇنداق بىر چارە يادىمغا كېلىپ، ئۇ يەرگە بارغاندا گاس، گاچا بولىۋالاي دەپ ئويلىدىم. ئەگەر كىشىلەر مەن بىلەن سۆزلەشمەكچى بولسا، ماڭا خەت يېزىپ مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا سۆزلىشىشتىن كۆپ ئۆتمەيلا كىشىلەرنى زېرىكتۈرىمەن. شۇنىڭ بىلەن مەن كېيىنكى ئۆمرۈمدە كىشىلەر بىلەن سۆزلەشمەيمەن. هەممىلا ئادەم مېنى بىچارە، گاس، گاچا دەيدۇ ـ دە، مېنى پاراكەندە قىلمايدىغان بولىدۇ. ماڭا ماشىنىغا ماي قاچىلاتقۇزىدۇ، ما-

ئاش بېرىدۇ . تاپقان پۇلۇمغا بىر ئۆي سېلىپ ، شۇنىڭدا
ئۆمۈر بويى ئولتۇرىمەن . ئۆيۈمنى دەرەخلىك ئىچىگە
ئەمەس ، دەرەخلىك قېشىغا سالىمەن . چۈنكى ئۆيۈمگە
كۈن بويى قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى چۈشۈشنى ياخشى
كۆرىمەن . ئۈچ ۋاخلىق تامىقىمنى ئۆزۈم ئېتىپ يەيمەن .
كېيىن توي قىلىشىمغا توغرا كەلسە ، ئۆزۈمگە ئوخشاش
گاس ، گاچا لېكىن سۈرەتتەك چىرايلىق قىز بىلەن توي
قىلىمەن . بىز توي قىلغاندىن كېيىن ، قىز مېنىڭ ئۆ-
يۈمگە كۆچۈپ كېلىپ مەن بىلەن تۇرىدۇ . ئۇ ماڭا گەپ
قىلماقچى بولسا ، باشقىلارغا ئوخشاش ، خەت يېزىپ
مەقسىتىنى ئۇقتۇرىدۇ . ئەگەر بالىلىق بولۇپ قالساق ،
ئۇلارنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويىمىز . مەن ئۇلارغا
نۇرغۇن كىتاب ئېلىپ بېرىمەن ۋە ئۇلارغا خەت يېزىش ،
كىتاب ئوقۇشنى ئۆزۈم ئۆگىتىمەن .
مۇشۇلارنى ئويلا ـ ئويلا ئىچىم ۋاللىدە يورۇپ ،
خۇشاللىقىم ئىچىمگە پاتماي قالدى . راستلا خۇشال
بولدۇم . بىلىمەن ، يالغاندىن گاس ، گاچا بولۇۋېلىش
ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك . لېكىن مۇشۇنداق خىيال قى-
لىشقا ئامراقمەن . بىراق مەن ھەقىقەتەن غەربكە كېتىش
نىيىتىگە كەلدىم . قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىم فوئېبې بى-
لەن خوشلىشىۋېلىش . شۇنىڭ بىلەن ئۇشتۇمتۇت كو-
چىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ساراڭدەك يۈگۈرۈپ ئۆتتۈم
جېنىمدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدىم ، سىزگە راست گې-
پىمنى دەۋاتىمەن ـ دە ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ماگىزى-
نىغا كىرىپ قېرىنداش بىلەن نېپىز دەپتەر سېتىۋالدىم .
ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىش ۋە بايراملىق پۇلىنى قايتۇرۇپ
بېرىشكە قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا پالانى يەرگە
كەلگىن ، كۆرۈشەيلى دەپ بىر باغاقچە يېزىپ ئەۋە-
تىشنى ئويلىدىم . باغاقچىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن ،
ئۇنىڭ مەكتىپىگە بېرىپ مۇدىر ئىشخانىسىدىكى بىرەر-
سىدىن ئۇنىڭغا كىر گۈزۈپ بەرمەكچى بولدۇم . لېكىن

مەن قېرىنداش بىلەن قەغەزنى يانچۇقۇمغا سېلىپ مەك-
تەپكە چاپتىم ــــ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىپ ئۇ باغاق-
چىنى مەدەنىيەت بۇيۇملىرى دۇكىنىدا يازمىدىم . چۈنكى
ئۇ بـاغاقچىنى چۈشلۈك تاماق يېيىش ئۈچۈن ئۆيگە قاي-
تىشتىن بۇرۇن قولىغا ئېلىش كېرەك . لېكىن ھازىر ئۇ
ۋاقىتقا ئاز قالغانىدى . شۇڭا ئۇچقاندەك چاپتىم .

تەبىئىيكى ، ئۈنىڭ مەكتىپىنى بىلەتتىم . سە-
ۋەب ، كىچىك ۋاقتىمدا مەنمۇ شۇ مەكتەپتە ئوقۇغان .
مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن مەندە غەلىتە بىر سېزىم
پـەيـدا بولدى . مەكتەپ ئىچىدىكى مەنزىرە ئېسىمدە قال-
غـان ـ قالمىغانلىقىغا تازا ئىشەنچ قىلالمىدىم . لېكىن
شۇنى بايقىدىمكى ، مەكتەپ ئىچى مەن ئوقۇغان چاغ-
دىــكىگە ئوپمۇئوخشاش ئىدى . ئەنە چوڭ تەنتەربىيە
مەيدانى ، يورۇق ئوبدان چۈشمەيدۇ ، قاراڭغۇراق ، لام-
پۇچكىلار قاپلانغان ، توپ تېگىپ كەتسىمۇ سۇنمايدۇ ،
مەيداندا يەنىلا توپ مۇسابىقىلىرىغا لايىق ئاق سىزىق-
چىلار ــــ ۋاسكېتبول مەيدانىدىكى گارنىڭ سېتكىسى
يوق ــــ ياغاچ تاختاي بىلەن تۆمۈر چەمبەرلا بار .

مەيداندا بىرمۇ ئادەم يوق ، دەم ئېلىش ۋاقتى
تــوشقان ، لېكىن چۈشلۈك تاماق ۋاقتى تېخى بولمىغان
بـولسا كېرەك . ھاجەتخانىغا كېتىۋاتقان بىر نېگىربالىنى
كـۆرۈپ قالدىم . ئۇنىڭ ساغرىسىدىكى يانچۇقىدا بىر يا-
غـاچ تاختا تۇرىدۇ . ئۇ ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىشلەتكەنگە
ئوخـشـايدىكەن . بۇ ئۇنىڭ ھاجەتخانىغا چىقىشقا رۇخ-
سەت قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ .

تـەرلەپ تۇرىمەن ، لېكىن بايىقىدەك قاتتىق ئە-
مەس . بىنانىڭ ئالدىغا بېرىپ بىرىنچى پەلەمپەيدە ئول-
تۇردۇم ـ دە ، بايا سېتىۋالغان قېرىنداش بىلەن قەغەزنى
ئالدىم . پەلەمپەيدە مەن ئوقۇغان چاغدىكىگە ئوخشاش
غەلىتە بىر پۇراق بار ئىدى . بۇ يەرگە بىرى سىيىپ
قويغاندەك پۇراق ئىدى . مەكتەپ پەلەمپەيلىرىنىڭ ھەم-

مىسىدە مۇشۇنداق پۇراق بار . نېمىلا بولسۇن ، مەن باـ
غاقچە يازدىم :

**قەدىرلىك فوئېبې**

چارشەنبىگىچە تۇرالمايمايدىغان بولدۇم . بۈگۈن چۈشتىن كېيىن بىرسىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ غەربكە كەتمەكچى بولۇۋاتىمەن . مۇمكىن بولسا سائەت 12 دىن چارەك ئۆتكەندە مۇزېينىڭ سەنئەت سارىيى ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈش . بايراملىق پۇلۇڭنى ئىشلەتمىدىم ، ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەكچىمەن .

سېنى قەدىرلىگۈچى
خولتون

ئۇنىڭ مەكتىپى مۇزېينىڭ يېنىدىلا ئىدى . ئۇ چۈشلۈك تاماققا ئۆيگە قايتقۇچە شۇ يەردىن ئۆتەتتى . شۇڭا ئۇنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم .

بۇ باغاقچىنى دەرستىكى سىڭلىمغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئادەم تېپىش ئۈچۈن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا ماڭدىم . باغاقچىنى ئاپارغۇچىلار كۆرۈۋالـمىسۇن ، دەپ ناھايىتى كىچىك قىلىپ قاتلىدىم . پەسـكەش مەكتەپتە ھېچقانداق ئادەمگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ . لېكىن ئۇلار مېنىڭ فوئېبېنىڭ ئاكىسى ئىكەنلىكىمنى بىلسە چوقۇم باغاقچىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ .

بىناغا چىقىۋاتقىنىمدا تۇيۇقسىز قاتتىق كۆڭلۈم ئېلىشىپ كەتتى . لېكىن ياندۇرمىدىم ، شۇئان ئولتۇـرۇۋالغاندىم ، سەل ئوڭشىلىپ قالدىم . لېكىن ئولتۇرۇـۋېتىپ تامغا يېزىلغان « سېنى پالان قىلاي » دېگەن خەتنى كۆرۈپ جان ـ ئىمانىم چىقىپلا كەتتى . بۇ خەتنى كۆرۈپ راستىلا ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۇچتى . خىيالىمغا شۇئان فوئېبې ۋە باشقا كىچىك بالىلار بۇنى

كۆرسە، مەنىسىنى چۈشەنمەي سورىسا، يامان باللار-دىن بىرەرسى چۈشەندۈرۈپ قويسا — تېخى كۆزلىرىنى غەلىتە قىلسا، ئۇنىسى تەبىئى، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ كال-لىسىغا بۇ ئىش كىرىۋالماسمۇ، بۇ ئىشنى كۆرۈشكە قى-زىقىپ قالماسمۇ دەپ ئويلىدىم — دە، مۇشۇ خەتنى ياز-غان ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كەلدى. مېنىڭچە قايسىبىر جىنسىي غەيرىي نورمال ناكەس كىچىدە ئوغرىلىقچە مەكتەپكە كىرىپ، سىيىپ قويغاندىن كېيىن تامغا مۇشۇ خەتنى يېزىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئىختىيارسىز بۇ خەتنى يازغان ئىپلاسنى قانداق تۇتۇۋالغىنىم، بېشىنى تاش پەلەمپەيگە قانداق ئۇرۇپ ئاغزى — بۇرنىنى قان قىلغىنىم، ئۇنىڭ سۇنايلىنىپ ئۆلۈپ ياتقىنىنى تەسەۋ-ۋۇر قىلدىم. ئەمما مەندە بۇنچىلىك جۈرئەت، جاسارەت يوقلۇقى ئۆزۈمگە ئايان. بۇ ھال مېنى لاسسىدە بوشاش-تۇرۇۋەتتى. شۇڭا تامدىكى ئۇ خەتلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم.

سىزگە راستىنى دېسەم، ئۇنى ئۆچۈرۈۋاتقى-نىمنى بىرەر ئوقۇتقۇچى كۆرۈپ قالسا، مېنى يازدىمىكىن دەپ قېلىشىدىن قورقتۇم. كېيىن بۇ خەتلەرنى ئۆچۈ-رۈۋېتىپ يۇقىرىغا چىقتىم.

مەكتەپ مۇدىرى كۆرۈنمەيتتى. 100 ياشلاردىكى بىر موماي ماشىنكا ئالدىدا ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا، مەن 1 — B 4سىنىپتىكى فوئېبې كاۋلفىيلدنىڭ ئاكىسى بولىمەن، مالال كۆرمەي بۇ باغاقچىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ بەرگەن بولسىڭىز. بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىش. ئاپام ئاغ-رىپ قېلىپ چۈشلۈك تاماق ئېتەلمىدى، ئۇ بەلگىلەنگەن جايغا بېرىپ مەن بىلەن ئۇچرىشىپ بىللە تاماق يېمىسە بولمايدۇ، دېدىم. مۇماي ناھايىتى مۇلايىم، رايىش ئى-كەن. قولۇمدىن باغاقچىنى ئالدى. ياندىكى ئىشخانىدىن بىر خانىمنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ خانىم باغاق-چىنى فوئېبېغا ئەكەتتى. ئاندىن 100 ياشلاردىكى موماي

مەن بىلەن پاراڭغا چۈشتى. ئۇ بەك مېھرىبان ئىدى. ئۇ مېنىڭدىن قەيەردە ئوقۇۋاتقانلىقىمنى سورىدى. پانسى ئوتتۇرا مەكتەپتە دېۋىدىم، پانسى ئوتتۇرا مەكتەپى ئىنتايىن ياخشى مەكتەپ، دېدى. ئۇنىڭ كۆز قارىشىغا تۈزىتىش بىرەي دېدىمىيۇ، ئۆزۈمدە بۇنچىلىك جۈرئەت يوقلۇقىدىن ئەپسۇسلاندىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ پانسىنى ناھايىتى ياخشى مەكتەپ دېسە دەۋەرسۇن. ھېچكىم 100 ياشلاردىكى مومايلارغا يېڭى بىلىم بېرىشكە خۇشتار ئەمەس. ئۇلارمۇ ئاڭلىمايدۇ، دەپ ئويلىدىم. بىردەمدىن كېيىن مەن چىقىپ كەتتىم. قىزىق ئىش. ئۇ ماڭا ئۈنلۈك ئاۋازدا «ئامەتىڭىز كەلسۇن!» دېدى. خۇددى مەن پانسىدىن كېتىدىغان چاغدا سپېنسىر تۇۋلىغانغا ئوخشاش. مەن بىرەر يەردىن كېتىدىغان چاغدا كىشىلەرنىڭ ماڭا «ئامەتىڭىز كەلسۇن!» دېيىشىگە بەك ئۆچ ئىدىم. شۇڭا ئىمانىم ئۇچتى.

مەن بىنانىڭ يەنە بىر پەلەمپىيىدىن چۈشۈۋېتىپ ھېلىقىدەك خەتنى يەنە كۆردۈم. ئۆچۈرۈۋېتەي دېدىمىيۇ، بۇنى پىچاقتا ئويغانمۇ قانداق، شۇنچە سۈرتسەممۇ ئۆچمىدى. ئىش قىلىپ بۇ ئىشتا ئۈمىد يوق ئىكەن. ھەر قانچە قىلسىڭىزمۇ دۇنيادىكى بۇنچە جىق «سېنى پالان قىلاي» دېگەن خەتنى ئۆچۈرۈپمۇ تۈگىتەلمەيدىكەنسىز. بۇنى قىلىش مۇمكىن ئەمەسكەن.

تەنھەرىكەت مەيدانىدىكى سائەتكە قارىدىم. 11-دىن 40 مىنۇت ئۆتۈپتۇ. فوئېبې بىلەن ئۇچرىشىشقا خېلى ۋاقىت بار. باشقا ئىشلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزسەممۇ بولاتتى. لېكىن بارىدىغان باشقا يېرىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن مۇزېيغا قاراپ ماڭدىم. غەربكە مېڭىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئاممىۋى تېلېفون ئۇچرىتىپ قالسام جېن گاللاكقا تېلېفون بېرەي، دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇنىڭغىمۇ كۆڭلۈم تارتمىدى. مۇھىمى ئۇنىڭ دەم ئېلىشتا ئۆيگە قايتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. شۇنىڭ بىلەن

مۇزېيغا بېرىپ شۇ يەرنى ئايلاندىم .

مەن مۇزېي دەرۋازىسىنىڭ ئىچىدە فوئېيىنى ساقلىدىم . توساتتىن ئىككى كىچىك بالا كېلىپ مەندىن مومىيالار قەيەردە ، بىلەمسىز ، دەپ سورىدى . مەندىن گەپ سورىغان بالىنىڭ شىمىنىڭ بىرمۇ تۆگمىسى ئېتىلمىگەنىدى . مەن بۇنى كۆرسىتىپ قويدۇم . ئۇ جايىدىلا تۇرۇپ شىمىنىڭ تۆگمىلىرىنى بىر ــ بىرلەپ ئەتتى . سەل چەتكە بېرىپ ، ياكى ستولبا ئارقىسىغا ئۆتۈپ رەك ئېتەيمۇ دېمىدى . راسا كۈلگۈم كەلدى . لېكىن باينقدەك قۇسۇپ تاشلىماي دەپ كۈلمىدىم .

ــــ ھەي ، مۇمىيا قەيەردە ؟ بىلەمسىز ؟ ــــ دېدى ئۇ يەنە بىر قېتىم .

ئۇلارنى بىردەم كولدۇرلاتتىم :

ــــ مۇمىيا ؟ ئۇ قانداق نەرسە ؟ ــــ دەپ سورىدىم ئۇ بالىدىن .

ــــ سىز بىلىسىز مۇمىيا دېگەن ئۆلۈك ئادەم ، توپىسىنىڭ ئىچىگە كۆمۈلگەن .

بۇ گەپكە كۈلگۈم كەلدى . ئۇ بالا قەبرىگە كۆمۈلگەن دېمەكچى ئىدى .

ــــ سىلەر نېمىشقا مەكتەپكە بارمىدىڭلار ؟

ــــ بۈگۈن دەرس يوق ، ــــ دېدى ھېلىقى بالا . ئىككى بالىنىڭ بىرىلا سۆزلىدى . ھۆي ھارامزادىلەر ، يالغان سۆزلەۋاتىسىلەرغۇ ، دەپ ئويلىدىم . فوئېيې كەلگۈچى ئارىلىقتا قىلدىغان ئىشىم يوق ئىدى . ئۇلارنى باشلاپ مۇمىيا قويۇلغان جاينى ئىزدەپ ماڭدىم . مەن مۇمىيا قويۇلغان جاينى بىلەتتىم ۋە بېرىپلا تاپاتتىم . لېكىن مۇزېيغا بارمىغىنىمغا خېلى يىللار بولغانىدى .

ــــ سىلەرمۇ مۇمىياغا شۇنچە قىزىقامسىلەر ؟ ــــ دېدىم مەن .

ــــ شۇنداق .

ــــ سېنىڭ دوستۇڭ گەپ قىلالامدۇ ؟

— ئۇ دوستۇم ئەمەس، مېنىڭ ئىنىم.

— ئۇ گەپ قىلالامدۇ؟ — ئۇندىمەي تۇرغان بالىغا قارىدىم، — سەن زادى گەپ قىلالامسەن، قىلالامامسەن؟

— قىلالايمەن، گەپ قىلغۇم كەلمەيدۇ، — دېدى ئۇ.

مۇميا قويۇلغان جاينى ئاخىر تاپتۇق ۋە ئىچىگە كىردۇق.

— سىلەر مىسىرلىقلار ئۆلگەن ئادەملەرنى قانداق دەپنە قىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ — سورىدىم ھېلىقى گەپ قىلغان بالىدىن...

— بىلمەيمىز.

— ھەي، بۇنى بىلىشىڭلار كېرەك، بەكمۇ قىزىق. ئۇلار ئۆلۈكلەرنىڭ يۈزىنى بىر خىل خىمىيىلىك دورا سۈيىگە چىلانغان رەخت بىلەن مەھكەم ئورىۋېتىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئۇلار قەبرىدە نەچچە مىڭ يىل ياتسىمۇ، ئۇلارنىڭ يۈزى پەقەتلا چىرىمەيدۇ. بۇنداق قىلىشنى مىسىرلىقلاردىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ھەتتا ھازىرقى زامان ئىلىم-پېنىمۇ بىلەلمىدى.

مۇميا بار جايغا كىرىش ئۈچۈن تار، ئۇزۇن دالاندىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. دالان تېمىنىڭ تاشلىرى پۈتۈنلەي فىرئەۋنىنىڭ قەبرىسىدىن كەلتۈرۈلگەنىدى. دالان قاراڭغۇ، سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق ئىدى. مەن بىلەن بىللە كەلگەن مۇميا ھەۋەسكارلىرىنىڭ ھەپىسلىسى ئۇچتى. ئۇلار ماڭا چاپلىشىپ ماڭدى. گەپ قىلمايدىغان بالا يىغلىمىغىچە بىر ئىبسىلغانچە قويۇۋەتمىدى.

— كېتەيلى، — دېدى ئۇ ئاكىسىغا، — مەن كۆرۈپ بولغان. كېتەيلى، ھەي، — ئۇ بۇرۇلۇپلا ماڭدى.

— ئۇ بەك قورقۇنچاق، — دېدى يەنە بىر بالا، — خەير-خوش، — ئۇمۇ كەتتى.

قەبرىدە مەنلا يالغۇز قالدىم. بۇ يەر ماڭا يېقىپ قالدى. چۈنكى ئاجايىپ راھەت، تىمتاس ئىدى. تو-ساتتىن... تېپىڭا مەن تامدا نېمىنى كۆردۈم. قىزىل قەلەمدە يېزىلغان « سېنى پالان قىلاي » دېگەن خەتنى كۆردۈم. بۇ خەتنى تاش ئاستىدىكى ئەينەك ئورنىتىل-غان تامنىڭ ئاستىغا يازغانىدى.

چاتاق مانا مەشەدە، سىز مەڭگۈ ئارامخۇدا، را-ھەت، تىمتاس جاينى تاپالمايسىز. چۈنكى بۇنداق جاي مەۋجۇت ئەمەس. بەلكىم بۇنداق جاي بار، دەپ قاراي-دىغانسىز. لېكىن سىز قەيەرگىلا بارماڭ، سەللا دىققەت قىلمىسىڭىز بىرلىرى تۇيدۇرماستىن كىرىپ بۇرنىڭىز ئاستىغىلا « سېنى پالان قىلاي » دېگەن خەتنى يېزىپ قويىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز سىناپ كۆرۈڭ. ھەتتا شۇنداق ئويلايمەنكى، مەن ئۆلۈپ كەتسەم، ئۇلار ئاپىرىپ مېنى كۆمىدۇ، ئابىدە ئورنىتىپ، ئۇنىڭغا « خولتون كاۋلف-يېلد » دېگەن خەتنى ھەمدە قاچان تۇغۇلۇپ، قاچان ئۆلۈپ كەتكىنىمنى يازىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئاستىغا « سېنى پالان قىلاي » دېگەن خەتنى يېزىپ قويىدۇ. بۇنىڭغا تولۇق ئىشەنچ قىلالايمەن. راست گەپ.

مۇمىيا قويۇلغان جايدىن چىقىپ ھاجەتخانىغا يۈگۈردۈم. راست گەپنى ئېيتاي، ئىچىم سۈرۈپ قال-غاندەك قىلاتتى. بۇنىڭغا ئېرەن قىلىپ كەتمەيتتىم. لې-كىن ئارقىدىنلا باشقا بىر ئىش يۈز بەردى. يەنى ھا-جەتخانىدىن چىقىشىمغا ھوشۇمدىن كەتتىم. ئامىتىم خېلى بار ئىكەن. دېمەكچى، ئەگەر بېشىم تاش ياتقۇ-زۇلغان يەرگە تەگكەن بولسا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلات-تىمكەن. ئەمما يانچە يىقىلدىم. ئاجايىپ ئىش، ھوشۇمغا كەلگەندە خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بوپقالدىم. ھەقىقە-تەن شۇنداق. قولۇم ئازراق ئاغرىدى، لېكىن بېشىم با-يىقىدەك قاتتىق قايمىدى. سائەت 12 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەنىدى، ئىشكىنىڭ ئالدىغا چىقىپ فوئېيېنى ساقلى-

دىم . بۇ بەلكىم ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈ-
شۈم بولۇپ قالار ، دەپ ئويلىدىم . مەن ، بۇ مېنىڭ يېقىن
كىشىلىرىمنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈم بولۇپ قالىدۇ ،
دېمەكچىمەن . مېنىڭچە كېيىن يېقىن كىشىلىرىم بىلەن
كۆرۈشەرمەن . لېكىن بۇ خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن
بولىدىغان ئىش . ئويلايمەنكى ، مەن 35 ياشلارغا كىر-
گەندە ، ئائىلىمىزدىكىلەردىن بىرەرسى ئاغرىپ قالسا ۋە
كۆز يۇمۇش ئالدىدا مېنى كۆرۈۋالاي دېسە بىرەر قېتىم
قايتىپ كېلەرمەن . بولمىسا ، ھەرقانچە ئىشلار بولۇپ
كەتسىمۇ ئۆز كەپەمدىن ئايرىلمايمەن . مەن تېخى ئۆيگە
قايتقاندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى كۆز ئالدىمغا
كەلتۈردۈم : مەن بىلىمەن ، ئاپامنىڭ ساراڭلىقى تۇتى-
دۇ ، يىغلاپ قاقشاپ قايتىپ كەتمەي مەشەدە قېپقالغىن ،
دەپ يېلىنىپ يالۋۇرىدۇ . لېكىن كېتىش نىيىتىمدىن
يانمايمەن . ئاۋۋال ھېچ ئىش يوقتەك قىياپەتتە ئاپامنى
تىنچلاندۇرىمەن ، ئاندىن مېھمانخانىنىڭ يەنە بىر بېشىغا
بېرىپ تاماكا قۇتىسىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ چېكى-
مەن . ئۆزۈمنى ئاجايىپ ئېغىر — بېسىق تۇتىمەن .
كۆپچىلىكنى ۋاقتى يەتكەندە مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىپ
ئولتۇرۇپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىمەن . لېكىن بېرىڭلار
دەپ بەك چىڭ تۇرۇۋالمايمەن . راست شۇنداق قىلى-
مەن . مەن فوئېبېنى ھەر يىلى يازدا ، مىلاد بايرىمى ۋە
پاسخا بايرىمىدا مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ دەم ئېلىشنى
ئۆتكۈزىدىغان قىلىش نىيىتىگە كەلدىم . D•B ئەگەر
ئازادە ، تىنچ مۇھىتتا يېزىقچىلىق قىلماقچى بولسا ، ئۇنىمۇ
ئۆيۈمدە تۇرغۇزىمەن . لېكىن ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمدە ھېكايە
ۋە باشقا ئەسەرلەرنى يازسا بولىدۇ ، لېكىن كىنو سىنارى-
يىسى يېزىشقا بولمايدۇ . مەن بىر پرىنسىپ بەلگىلەي-
مەن ، مېنى يوقلاپ كەلگەنلىكى ئادەملەرنىڭ ئۆيۈمدە
ھەرقانداق ساختىپەزلىك بىلەن ئىش قىلىشىغا رۇخسەت
قىلىنمايدۇ . كىمكى ئۆيۈمدە يالغانچىلىق ، كۆز بوياmچى-

لىق قىلسا، دەرھال كەشىنى توغرىلاپ قويىمەن. تۇ-
يۇقسىز بېشىمنى كۆتۈرۈپ، كىيىم، شىلەپە قويىدىغان
ئۆيدىكى سائەتكە قارىسام، سائەت 12 دىن 35 مىنۇت
ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن تەشۋىشلىنىشكە چۈشتۈم.
مەكتەپتىكى ھېلىقى ياشانغان موماي يەنە بىر خانىمغا
ماڭا تۇيدۇرماي باغاقچىنى فوئېيېغا بەرمەسلىكىنى تا-
پىلاپ قويدىمىكىن، دەپ قورقتۇم. ئۇ ھېلىقى خانىمغا
ھېلىقى باغاقچىنى كۆيدۈرۈۋېتىڭ دېگەنمىكىن دەپ
ئەندىشە قىلدىم. بۇنى خىيال قىلىپلا قورقۇپ كەتتىم.
مېنىڭ خىيالىم راستلا مېڭىشتىن بۇرۇن فوئېيېنى بىر
كۆرۈۋېلىش ئىدى. دېمەكچىمەنكى، مەن ئۇنىڭ
بايراملىق پۇلىنى ئالغانىدىم.

دەرھال دەرۋازىدىن چىقىپ پەلەمپەيدىن چۈش-
تۈم ــ دە، ئالغا چاپتىم. مېنى گاڭگىرىتىپ قويغان بىر
ئىش، ئۇ يوغان بىر چامادانىنى سۆرەپ 5 ــ كوچىدىن
ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇ چامادانىنى سۆرىيەلمەي قىينىلىپ كې-
تىۋاتاتتى. يېقىن بېرىپ قارىسام، ئۇ مېنىڭ كونا چا-
مادانىمنى ئەكەپتۇ. ئۇنى مەن خوئوتىندا ئوقۇۋاتقان
چېغىمدا ئىشلەتكەنىدىم. ئۇنىڭ بۇنى زادى نېمە قىلغىلى
ئەكەلگەنلىكىنى ئويلاپمۇ تاپالمىدىم.

ئۇ ماڭا يېقىن كەلگەندە: «ھەي» دېدى. بۇ
چامادانىنى سۆرەپ بولالماي ئۇ ھاسىراپ كەتكەنىدى.

ــــ سىزنى تېخى كەلمەيدىغان بولدى دەپ ئوي-
لىغانتىم، ــــ دېدىم مەن، ــــ چامادانىدا نېمە بار، ماڭا
ھېچ نەرسە لازىم ئەمەس. مەن مۇشۇنداقلا ماڭىمەن.
ۋوگزالنىڭ ساقلاش ئۆيىدە قويغان چامادانىمنىمۇ ئالماي
ماڭاي دەۋاتىمەن. ئاناڭنى، چامادانىدا زادى نېمە بار؟

ئۇ چامادانىنى قويۇپ قويدى.

ــــ مېنىڭ كىيىملىرىم بار، ــــ دېدى ئۇ، ــــ
مەن سىز بىلەن بىللە كېتەي بولامدۇ! ماقۇلمۇ؟

ــــ نېمە؟ ــــ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يىقىلىپ

چۈشكىلى تاسلا قالدىم . خۇدا ھەققى ، راستلا شۇ ھالغا چۈشتۈم . بېشىم قېيىپ كەتتى ، يەنە ھوشۇمدىن كېتىدىغان بولدۇم ، دەپ ئويلىدىم .

— مەن بۇ چامادانىنى ئېلىپ ئارقىدىكى لىفتتىن چۈشتۈم . شۇڭا چارىنا مېنى كۆرمىدى . چامادان ئېغىر ئەمەس . مەن پەقەت ئىككى قۇر كىيىم ، كېيىك تېرىسى ئۆتۈكۈمنى ، ئىچ كىيىم ۋە پايپاقلىرىمنى ۋە بىر قىسىم ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلىرىمنىلا ئالدىم . كۆتۈرۈپ بېقىڭا ، پەقەت ئېغىر ئەمەس . قېنى كۆتۈرۈپ بېقىڭ . . . سىز بىلەن بىللە كەتسەم بولامدۇ ، خولتون ؟ ماقۇلمۇ ، خۇش بولاي !

— بولمايدۇ ، ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ .

ھوشۇمدىن كېتىدىغاندەكلا تۇراتتىم . ئەسلى ئۇنىڭغا ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلغۇم يوق ئىدى . ئەمما يەنە ھوشۇمدىن كېتىدىغاندەك قىلاتتىم .

— نېمىشقا بولمايدۇ ؟ خۇش بوپكېتەي خولتون . سىزنى ھەرگىز خاپا قىلمايمەن ، سىز بىلەن بىللە كەتمەكچىمەن . سىز بىلەن كېتىمەن شۇ ! ئالما دېسىڭىز ، ھەتتا كىيىم ـ كېچەكلىرىمنىمۇ ئالمايمەن . پەقەت مېنىڭ . . .

— ھېچنېمە ئالمايسىز ، چۈنكى سىز بارسىڭىز بولمايدۇ . مەن ئۆزۈملا كېتىمەن ، ئاغزىڭىزنى ئۇپراتماڭ .

— خولتون ، خۇش بوپكېتەي . مېنى ئېلىۋېلىڭ . مەن ئىنتايىن ، ئىنتايىن ، بەكمۇ ، ھەتتا . . .

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ ، سىز بارمايسىز ، چامادانىنى ماڭا بېرىڭ ، — ئۇنى قولىدىن چامادانىنى تارتىۋالدىم ، ئۇرۇۋەتكىلى تاس قالدىم . راستلا ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىر كاچات سالغىم كەلدى .

ئۇ يىغلىۋەتتى .

— تېخى سىزنى مەكتەپتە ئويۇن قويىدۇ ، بىدـ نىندىكت ئانۇنىڭ زولىنى ئالىدۇ ، دەپ يۈرۈپتىمەن ، — دېدىم مەن تولىمۇ سەت ئاۋازدا ، — بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ئەمدى ؟ ئويۇن قويمايدىغان بولدىڭىزمۇ ؟ ياپەرۋەردىـ گار !

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يىغىسى كۈچەيدى ، مەن خۇشال بولدۇم ھەمدە مېنى دېسە كۆزلىرى ئېقىپ كەتكۈدەك يىغلىسۇن ، دەپ ئويلىدىم . ئۇنىڭغا ئازراق ئۆچلۈكۈم كەلدى . بولۇپمۇ ئۇ مەن بىلەن كەتسە ئويۇن قويالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت يامان تەرىپىگە ئۆچ بولدۇم .

— يۈرۈڭ ، دېدىم مەن ، تاش پەلەمپەي بىلەن مۇزېيغا مېڭىپ . مەن ئۇ ئەكەلگەن چامادانىنى كىيىم – كېچەك قويىدىغان ئۆيگە قويۇپ قوياي دېدىم . ئۇ ھازىر ئۇنى مەكتەپكە ئاپارسا بولمايتتى . شۇڭا سائەت ئۈچتە مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندە كېلىپ ئەكەتسە بولىشۇەـ رەتتى .

لېكىن ئۇ مەن بىلەن بىللە ماڭغىلى ، پەلەمپەيگە چىققىلى ئۇنىمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم يالغۇز بىرىپ چامادانىنى ساقلاشقا بېرىپ قويۇپ چىقتىم . ئۇ يەنىلا كوچىدا تۇرۇپتۇ . لېكىن مېنىڭ قېشىغا ماڭغىنىمنى كۆرۈپلا بۇرۇلۇپ ماڭا دۈمبىسىنى قىلىۋالدى . ئۇ بۇرۇـ لۇشنى خىيالىغا كەلتۈردىمۇ ، بولدى ، سىزگە كەينىنى قىلىۋالىدۇ – دە ، قاراپمۇ قويمايدۇ .

— مەن نىيىتىمدىن ياندىم ، ھېچ يەرگە بارمايـ مەن ، يىغلىماڭ ، — دېدىم مەن . قىزىق بولغىنى مەن بۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا ئۇ يىغلىمىغان ، لېكىن مەن يەنىلا شۇنداق دېدىم ، — ھە ، يۈرۈڭ ، سىزنى مەكتەپكە ئاپىدـ رىپ قوياي ، يۈرۈڭ ، كېچىكىپ قالماڭ يەنە .

ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويمىدى ، قولىدىن تارتماقچى بولىۋىدىم ، قولىنى تۇتقۇزماي ، بۇرۇلۇپ ماڭا كەينىنى

قىلىپ تۇرۇۋالدى.

— تاماق يېدىڭىزمۇ؟ چۈشلۈك تامىقىڭىزنى يېدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

جاۋابمۇ بەرمىدى. بېشىدىن مەن بەرگەن ئۇۋچىلار شەپكىسىنى ئېلىپ ماڭا ئېتىپ بېرىپلا كەينىنى قىلىۋالدى. ئۈچەيلىرىم ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلگۈم كەلدىيۇ، ئاۋازىمنى چىقارمىدىم. شەپكىنى ئېلىپ پەلتويۇمنىڭ يانچۇقىغا سالدىم.

— ھەي، يۈرۈك، سىزنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قوياي.

— مەكتەپكە بارمايمەن.

بۇنى ئاڭلاپ دەرمەھەل نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي بىرنەچچە مىنۇت تۇرۇپ قالدىم.

— مەكتەپكە چوقۇم قايتىشىڭىز كېرەك. سىز ئويۇن قويماقچى، بىنىدىك ئانودىنىڭ رولىنى ئالماقچى ئەمەسمۇ؟

— ئۇنى قىلمايمەن.

— ئويۇننى ئەلۋەتتە قويۇشىڭىز كېرەك، چوقۇم قويمىسىڭىز بولمايدۇ. ھەي، يۈرۈك، ماڭايلى، — دېدىم، — بايا دېدىمغۇ، مەن ھېچ يەرگە بارمايدىغان بولدۇم. ئۆيگە قايتىپ كېتىمەن. سىز مەكتەپكە بارسىڭىزلا، مەنمۇ ئۆيگە قايتىمەن. ئاۋۋال بېرىپ ۋوگزالدىن چامادانلىرىمنى ئالىمەن، ئاندىن ئۆيگە...

— مەن مەكتەپكە بارمايمەن دېدىمغۇ؟ نېمە قىلغۇڭىز كەلسە قىلىۋېرىڭ، لېكىن مەن مەكتەپكە قايتمايمەن. شۇڭا سىز ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ! — ئۇنىڭدىن بۇنداق گەپنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىشىم بولغاچقا، ئاجايىپ دەھشەت ئاڭلاندى. ياھەزرەت، بۇ گەپ ئاڭلىماققا تىللىغاندىن بەك قورقۇنچلۇق. ئۇ يەنىلا ماڭا قارىغىلى ئۇنىمىدى، مۈرىسىنى تۇتسام تۇتقۇزمىدى.

— گېپىمنى ئاڭلاڭ، بىردەم ئايلىنىپ كەلگۈڭىز

بارمۇ ؟ — دەپ سورىدىم ، — ھايۋانات باغچىسىغا بېرىپ كېلەيلىمۇ يا ، مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇشۇمغا ئۇنىمىسىڭىز ، بىردەم ئايلىنايلى ، ھېلىقى نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ ، بولامدۇ ؟

گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك تۇرۇۋالغانىدى ، يەنە بىر تەكرارلىدىم :

— مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇشۇمغا ئۇنىمىسىڭىز ، بىردەم ئايلاندۇرۇپ كېلەي ، ھېلىقى نىيىتىڭىزدىن يانامسىز ، ئەتە ياۋاشلىق بىلەن مەكتەپكە بارامسىز ، قانداق ؟

— بىرىشىم مۇمكىن ، بارماسلىقىممۇ مۇمكىن ، — ئۇ شۇنداق دەپلا ماشىنا ئۆتۈۋاتامدۇ ، دەپ ئۇيان - بۇ يانغىمۇ قاراپ قويماي يۈگۈرۈپ يولنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ كەتتى . بەزىدە ئۇ ئاشۇنداق ساراڭلىق قىلاتتى .

ئەمما ، ئۇنىڭ كەينىمدىن مېڭىشىنى بىلىپ ، ئۇنىڭ كەينىدىن چاپماستىن ھايۋانات باغچىسى تەرەپكە ماڭدىم . مەن يولنىڭ بۇ تەرىپى بىلەن ماڭدىم ، ئۇ يولنىڭ ئۇ تەرىپى بىلەن ماڭدى . ئۇ باش كۆتۈرۈپ ماڭا قارىمىدى ، لېكىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ماڭغىنىمغا زەن سېلىپ ماڭدى . بىز شۇ تەرىقىدە ھايۋانات باغچىسىغا باردۇق . كوچىدىن بەزىدە ئىككى قەۋەتلىك ئاپتوبۇس ئۆتۈپ قالسا ئۇنى كۆرەلمەي ئەندىشىگە چۈشەتتىم . ھايۋانات باغچىسىغا بارغاندا ئۇنىڭغا قاراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا :

— فوئېبې ، مەن باغچىغا كىرىپ كەتتىم ! سىزمۇ كېلىڭ ، ھەي ! — دەپ توۋلىدىم . ئۇ يەنىلا ماڭا قارىمىدى ، لېكىن گېپىمنى ئاڭلىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى . چۈنكى ، پەلەمپەيدىن چۈشۈپ باغچىغا كىرىپ كەينىمگە قارىسام ، ئۇ كوچىدىن ئۆتۈپ مەن تەرەپكە كېلىۋېتىپتۇ .

ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، باغچىدا ئادەملەر كۆپ ئەمەس. دېڭىز شىرى بار يەردە بىر توپ ئادەم بار. مەن ئالدىمغا مېڭىۋەردىم، لېكىن فوئېبې توختىدى. ئۇنىڭ دېڭىز شىرىنىڭ بېقىلىشىنى كۆرگۈسى باردەك قىلاتتى — بىر ئاداش ئۇنىڭغا بېلىق تاشلاپ بېرىۋاتاتتى — مەن قايتىپ كېلىپ، بۇنى ئۇنىڭ بىلەن يارىششىنىڭ ياخشى پەيتى دەپ قاراپ كەينىدىن كېلىپ قولۇمنى مۈرىسىگە ئالدىم. لېكىن ئۇ سەللا ئېڭىشىپ قولۇمدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاداۋىتى قاتتىق بولۇپ، ئادەمنى قاتتىق جىلە قىلاتتى. ئۇ دېڭىز شىرىنىڭ بېلىق يېيىشىگە قاراپ تۇردى. مەن ئۇنىڭ كەينىدە تۇردۇم، لېكىن قولۇمنى قايتا مۈرىسىگە ئالمىدىم. ئۇنداق قىلسام ئۇ مېنىڭ يەنە ئوسال قىلاتتى. كىچىك بالىلار ئاجايىپ قىزىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىلەن مۇئامىلىدە ئېھتىياتچان بولغان ياخشى.

ئۇ يەردىن كەتتۇق. ئۇ مەن بىلەن تەڭ ماڭمىدى، لېكىن يىراقمۇ كەتمىدى. يەنى ئۇ يولنىڭ ئۇ چېتى بىلەن ماڭدى، مەن بۇ چېتى بىلەن ماڭدىم. بۇ يېقىنلىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. لېكىن بايىقى يىراقلىققا قارىغاندا كۆپ يېقىن. دۆمبەلگە چىقىپ ئېيىق كۆردۇق. لېكىن كۆرگۈدەك نېمىسى يوق. بىر شىمالي قۇتۇپ ئېيىقى سىرتتا تۇرىدۇ، زىغىر رەڭلىك يەنە بىرى نەس ئۆڭكۈرگە كىرىۋاپتۇ، چىققىلى ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ قۇيرۇقىنىلا كۆردۇق. يېنىمدا كىچىك بىر بالا تۇردى. پادىچى شەپكىسىنى قۇلاقلىرىنى تازا يوپۇرۇپ كىيىۋاپتۇ. ئۇ ھەدەپ دادىسىغا: «ئۇنى چىقارغىنا، دادا، بىر ئامال قىلىپ ئۇنى ئۆڭكۈردىن چىقار» دەيتتى. فوئېبېغا قارىدىم. كۈلەيمۇ دېمىدى. بالىلار سىزدىن رەنجىپ قالغاندا چىشىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپمۇ قويمايدۇ.

ئېيىقنى كۆرۈپ بولۇپ باغچىدىن چىقتۇق. باغچىدىكى تار يولدىن، كىچىك تونىلدىن ئۆتتۇق،

تونىل سۇيدۇك پۇرايتتى. بۇ يەردىن ئايلىنىدىغان ياغاچ ئات سۇپىسىغا بارغىلى بولاتتى. فوئېبې ماڭا گەپ قىلمىدى. بىراق يېنىمدا ماڭدى، بىردىنلا خۇشلۇقۇم تۇتۇپ ئۇنىڭ پەلتۇسىنىڭ بەلۋېغىنى تارتقانىدىم، ئۇ بۇنداق قىلىشىمغىمۇ يول قويمىدى.

— كۆڭلىڭىزگە ئالمىسىڭىز، قولىڭىزنى تارتسىڭىز! — دېدى ئۇ. مەندىن يەنىلا خاپا، لېكىن بايىقىدىن سەل يۇمشىغانىدى. بىز ئايلىنىدىغان ياغاچ ئات سۇپىسىغا يېقىنلاشقانسېرى ئەسەبىي مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ «ئاھ، مارى» دېگەن مۇزىكا ئىدى. تەخمىنەن 50 يىلنىڭ ئالدىدا، تېخى كىچىك ۋاقتىمدىمۇ مۇشۇ مۇزىكا چېلىناتتى. بۇ يەر ھەرھالدا ياخشىراق ئىدى، كونا بولسىمۇ بىرنەچچە مۇزىكىنى چېلىشاتتى.

— مەن تېخى قىشتا ياغاچ ئات سۇپىسىنى ئاچمامدىكىن دەپتىمەن، — ئۇ گويا مەندىن رەنجىگىنىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ماڭا تۇنجى قېتىم گەپ قىلدى.

— مىلاد بايرىمى كېپقالغاچقا ئاچتىمىكىن.

بۇ گېپىمگە جاۋاب بەرمىدى. بەلكىم مېنىڭدىن خاپا ئىكەنلىكى يادىغا كېپقالغان بولسا كېرەك.

— كىرىپ بىردەم ئات مىنىپ ئوينامدۇق؟ — دېدىم. ئۇنىڭ بەكمۇ ئات مىنگۈسى كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئايرى، D•B، مەن دائىم ئۇنى باغچىغا ئەكىرەتتۇق. ئۇ ئايلىنىدىغان ياغاچ ئاتقا مىنىشكە بەك ئامراق ئىدى. ئۇنى ئەكىتىشمۇ تەسكە توختايتتى.

— مەن چوڭ بوپكەتتىم، — دېدى ئۇ. جاۋاب بەرمەيدىغۇ، دەپ تۇرسام جاۋاب بەردى.

— ياق، ئانچە چوڭ بوپكەتمىدىڭىز. بېرىڭ، مەن ساقلاپ تۇرىمەن، — دېدىم. ئاڭغىچە سۇپىغا يېقىن كەلدۇق. ئىچكىرىدە بىرقانچە كىچىك بالا ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئويناۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى

سىرتتا ساقلاپ تۇراتتى. بېلەت سېتىش كۆزنىكىگە بېرىپ فوئېيېغا بىر بېلەت ئالدىم ـ دە ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ يېنىمدىلا ئىدى، — مەڭ، بىر مىنۇت توختاڭ، قالغان پۇلنىمۇ سىزگە بېرىۋېتەي، — مەن ئۇ بېرىپ تۇرغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردىم.

— سىزدە تۇرسۇن، مەن ئۇچۇن تۇتۇپ تۇرۇڭ، — دېدى، ئارقىدىنلا، — خۇش بوپكېتەي! — دەپ قوشۇپ قويدى.

بىرى سىزگە «خۇش بوپكېتەي!» دېسە ئەلۋەتتە بوشاپلا كېتىسىز. فوئېيېدەكلەرنى دەۋاتىمەن. مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ لەككىدە بوپقالدىمىۇ، پۇلنى يانچۇقۇمغا سېلىپ قويدۇم.

— مەن كېيىنرەك مىنەرمەن. ھازىر سىزنىڭ مىنگىنىڭىزگە قاراپ تۇراي، — دېدىم مەن، بېلەتنى ئالدىڭىز ـ ھە؟

— ھەئە.

— ئەمىسە تېز بېرىڭ. مەن ماۋۇ ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تۇرىمەن، ئات مىنگىنىڭىزگە قاراپ ئولتۇرىمەن، — مەن بېرىپ ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. ئۇ ئايلىنىدىغان سۇپىغا چىقتى. سۇپىدا بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ پۇتۇن سۇپىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى، دەۋاتىمەن. ئاندىن ناھايىتى كونا بىر بېغىر رەڭ چوڭ ئاتقا مىندى. سۇپا ئايلىنىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ئايلىنىشىغا قاراپ ئولتۇردۇم. ئۇنىڭدىن بۆلەك بەش ـ ئالتە بالا بار ئىدى. «كۆزنىڭىزگە ئىس كىرىپ كەتتى» دېگەن مۇزىكا چېلىنىۋاتاتتى. ئاھاڭى پۇتۇنلەي جاز مۇزىكىسىغا ئوخشايتتى، تولىمۇ كۈلكىلىك ئاڭلىناتتى. بالىلارنىڭ ھەممىسى مېتال ھالقىنى چىڭ تۇتۇشقا تىرىشاتتى. فوئېيېمۇ شۇنداق. ئۇ نەس باسقۇر ئاتتىن يىقىلىپ چۈشەرمۇ دەپ بەك ئەنسىرىدىم. لېكىن ھېچنېمە دېمىدىم، ھېچقانداق ھەرىكەت قىلمىدىم. بالىلارنىڭ

ئىشىغا كەلگەندە ، ئۇلارنىڭ مىتال ھالقىنى تۇتقۇسى كەلسە تۇتقىلى قويۇشىڭىز ، ھېچنېمە دېمەسلىكىڭىز كېرەك . يىقىلغۇدەك بولسا يىقىلىۋەرسۇن ، ھېچ نەرسە بولمايدۇ . لېكىن بىرەر نەرسە دەپ ئۇلارنى توسىماڭ ، ئۇنداق قىلسىڭىز ياخشى بولمايدۇ .

سۇپا ئايلىنىشتىن توختىغاندا فوئىبې ئاتتىن چۈشۈپ ئالدىمغا كەلدى .

— بۇ قېتىم سىزمۇ مىنىڭ ، — دېدى ئۇ .

— ياق ، سىزنىڭ مىنىشىڭىزگىلا قاراپ تۇراي ، سىزنىڭ مىنىشىڭىزنىلا كۆرەي ، — دېدىم ۋە ئۆزىنىڭ پۇلىدىن ئازراق بەردىم ، — مەڭ ، بىلەتتىن بىرقانچىنى ئېلىڭ .

— ئەمدى سىزدىن خاپا بولمايمەن ، — دېدى ئۇ ۋە قولۇمدىن پۇلنى ئالدى .

— بىلدىم . تېز بېرىڭ ، ئاتلار ئايلىنايلا دەپ قالدى .

ئۇ توساتتىن مېنى سۆيۈپ قويدى ، ئاندىن بىر قولىنى سوزۇپ :

— يامغۇر ياغدى ، يامغۇر ياغدى ، — دېدى .

— بىلىۋاتىمەن .

ئارقىدىن ئۇ بىر ئىشنى قىلدى — جېنىم ئارقامدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى — پەلتويۇمنىڭ يانچۇقىدىن ھېلىقى قىزىل ئوۋچىلار شەپكەمنى ئېلىپ بېشىمغا كىيگۈزۈپ قويدى .

— بۇ شەپكىنى ئالماسىز ؟ — دېدىم مەن .

— ھازىرچە كىيىپ تۇرۇڭ .

— ماقۇل ، تېز بېرىڭ ، بولمىسا كېچىكىپ قالىسىز ، تاللىغان ئېتىڭىزغا مىنەلمەيسىز .

لېكىن ئۇ جايىدىن مىدىرلىمىدى .

— بايا ھېچ يەرگە بارمايمەن دېگەن گېپىڭىز ھېسابمۇ ، ھېساب ئەمەسمۇ ؟ سىز راستىلا ئۆيگە بارام-

سىز ؟

— راست ، — دېدىم مەن . ئاغزىمدىن چىققان گەپ ھېساب ئىدى . ئۇنىڭغا پەقەت يالغان گەپ قىلمايتتىم . كېيىن مەن ھەقىقەتەن ئۆيگە قايتتىم ، — تېز بېرىڭ ، ئات ئويۇنى باشلىناي دەپ قالدى .

ئۇ يۈگۈرۈپ بېلەت ئالغىلى كەتتى ۋە ئايلىنىش سۇپىسى ئايلانغۇچە ئارىلىقتا كېلىپ سۇپىغا چىقىۋالدى . سۇپىنى بىر ئايلىنىپ بايا مىنگەن ئېتىنى تېپىپ مىنىۋالدى — دە ، ماڭا قولىنى پۇلاڭلاتتى . مەنمۇ ئۇنىڭغا قولۇمنى پۇلاڭلاتتىم .

پاھ ، يامغۇر كۈچەيدى . خۇدا ھەققى قەسەم ئىچىپ بېرەلەيمەن ، چېلەكلەپ قۇيۇلدى . بالىلارنى ساقلاپ تۇرغان ئاتا — ئانىلار ۋە باشقىلار ھۆل بولۇپ كېتىشتىن قېچىپ يۈگۈرۈپ ئايلىنىش سۇپىسى بار ئۆينىڭ لەمپىسىگە كىرىۋالدى . مەن جايىمدا ئولتۇرىۋەردىم ، ھەش — پەش دېگۈچىلا چىلىق — چىلىق ھۆل بوپكەتتىم . بولۇپمۇ بوينۇم ۋە شىمىم بەك ھۆل بولدى . شەپكەم ھەقىقەتەن خېلىلا دالدا بولدى . شۇنداقتىمۇ سۇغا چۈشكەن توخۇنىڭ ئۆزى بولدۇم . لېكىن چىۋىقمىغا ئالمىدىم . فوئېبېنىڭ توختىماي چۆگىلىگىنىگە قاراپ ئولتۇرۇپ بىردىنلا كۆڭلۈم يايراپ كەتتى . ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ راسا ۋارقىرىغۇم ، خۇشاللىقىمنى ئىزھار قىلغۇم كەلدى . سىزگە راستىنى ئېيتسام ، ھەقىقەتەن كۆڭلۈم ئاجايىپ يايراپ ، خۇشلۇقۇم ئىچىمگە پاتماي قالدى . نېمىشقا بۇنداق بولغانلىقىمنى ھېچ بىلەلمىدىم . فوئېبېنىڭ ئۇچۇسىدا يېشىل پەلتۇ ، توختىماي ئايلىنىۋاتىدۇ . كۆزۈمگە شۇنچىلىك چىرايلىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ ، تەڭرىم ، سىزمۇ يېنىمدا بولغان بولسىڭىز قانداق ياخشى بولاتتى .

# 26

سىزگە دەيدىغانلىرىم مۇشۇلا. ئەسلى سىزگە ئۆيگە قايتىپ بېرىپ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىم، قانداق ئاغرىپ قالغانلىقىم، بۇ مەكتەپتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مېنى قايسى مەكتەپتە ئوقۇتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرەي دېگەنىدىم. بىراق بۇلارنى دېگۈدەك ھەپىسلەم يوق. ھەقىقەتەن يوق. ھازىر بۇنداق ئىشلارغا قىلچە قىزىقمايدىغان بوپقالدىم.

نۇرغۇن ئادەم، بولۇپمۇ ئۇلار چاقىرىپ كەلگەن روھىي ئانالىزچىلار مەندىن كېلەر يىلى 9 ـ ئايدا مەكتەپكە قايتىپ ئوقۇشقا كىرىشكەندە تىرىشىپ ئوقۇش نىيىتىڭىز بارمۇ ـ يوق، دەپ سوراۋېرىشتى. مېنىڭچە بۇ ئەخمىقانە بىر سوراش بولدى. دېمەكچى بولغىنىم، سىز تېخى باشلىمىغان ئىشنى قانداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى نەدىن بىلىسىز؟ شۇڭا بىلمەيمەن، دەپلا جاۋاب بېرىدىغان گەپ. تىرىشىپ ئوقۇي، دېگەن نىيەتتىكىغۇ كەلدىم. لېكىن قانداق بىلىمەن؟ قەسەم ئىچىمەنكى، بۇنى سوراشنىڭ ئۆزى ئەخمەقلىق. D • B باشقىلاردەك ئەسكى ئەمەس. لېكىن ئۇمۇ مەندىن نۇرغۇن ئىشلارنى سورايدۇ. ئۇ ئۆتكەن يەكشەنبە ئىنگلىز قىزىنى ئېلىپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ مېنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ قىز ئاكام يازغان كىنو سېنارىيىسىدە باش رول ئالىدىكەن. ئۇ ئىنتايىن ئەركە ـ نايناق، لېكىن ئاجايىپ گۈزەل ئىكەن. ئۇ قىز كارىدۇرنىڭ ئۇ بېشىدىن ئاياللار يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنىدى، D •B مەندىن يۇقىرىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارغا قانداق قاراشتا ئىكەنلىكىمنى سورىدى. ئاناڭنى، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. ئاناڭنى، قانداق قاراشتا ئىكەنلىكىمنى راستلا بىلمەيمەن. ئىشلارنى نۇرغۇن ئادەملەرگە سۆزلەپ بەرگىنىمدىن بەكمۇ خىجىلمەن. ماڭا مەلۇم بولغىنى پەقەت، مەن گېپىنى قىلغان

هەربىر ئادەمنى بەكمۇ سېغىنىمەن . هەتتا سترادلىپتا بى-
لەن ئاركۆرايتىنىمۇ سېغىنىمەن . مەسىلەن ، هەتتا هې-
لىقى ئىپلاس مائورىسنىمۇ سېغىنغاندەك تۇرىمەن . دەپ
كەلسە قىزىقلا تۇيۇلۇدۇ . سىز هەرقانداق بىر ئادەمگە
هەرقانداق ئىشنى سۆزلەپ بەرمەڭ . سۆزلەپلا قويىدى-
ڭىزمۇ ، بولدى ، ئۇلارنى سېغىنىپ كېتىسىز .

责任编辑／多鲁洪



ISBN7-105-06127-8

ISBN 7-105-06127-8/I · 1350
民文（维202）　定价：13.00元